



«جوڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物
قىرغىز خەلقىنىڭ ئېپتىخارى، دۇنياۋى شۆھرەتلىك يېتۈك «ماناس» ئۇستازى يۈسۈپ ماماي ئاتا
— لياڭ لى فوتوسى
• XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • ジンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ
شىنجاڭ مەدەنىيىتى
新疆文化
4
2006
ISSN 1008-6498

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«داۋان»، «جاللات خېنىم»(ئىككى قىسىم)، «نازىنىن قىزلار» قاتارلىق رومانلار: «جانانغا يېزىلغان خەتلەر»، «كاككۇك بالىسى» قاتارلىق پوۋېستلار توپلاملىرى: «يۈرىكىم يىغلايدۇ»، «ئاي مۇڭگەن كېچە»، «سۈكۈتتىكى زېمىن»، «دىۋان مەشرەپ»كە تۆكۈلگەن قان»، «ئادالەت ھامىيسى ــ سەئىدخان»، «كۆيلەر خانىشى ــ ئامانىساخان» قاتارلىق ھېكايە ــ پوۋېستلار توپلاملىرى: «ئاتەش قەلب ــ ساخاۋەتلىك زېمىن»، «يوللار ئېسىڭدە بولسۇن» قاتارلىق ئوچېرك-ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، ئىستېداتلىق يازغۇچى، «ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە مەملىكەتلىك 6-نۆۋەتلىك «تۇلپار» مۇكاپاتى» ۋە «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئەخلاق ۋە كەسىپتە تەڭ يېتىشكەن ئەدەبىيات-سەنئەت خادىمى» شەرىپىنىڭ نائىلى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ياسىنجان سادىق چوغلان ئەپەندىنىڭ 40 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئامممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا

## رەھبەرلەر نۇتقى

مۇقامنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالايلى...................... ئىسمائىل تىلىۋالدى 2

## زامان تەقەززا پىكىرلەر

مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ۋە دەۋر تەقەززاسى................ ئابدۇكېرىم رەھمان 5
بۇگۈننىڭ كېمى، ئەتىنىڭ غېمى..................... ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 10

## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ......................... لۇتپۇللا ئەركىن قاتارلىقلار 23

## قىرتاق پاراڭلار

ئىزتىراپلىق سوئاللار.......................... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 37

## ئېغىر تىنىقلار

سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە........................ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 40

## تەرجىمە كۆزنىكى

«يوغان گەپ» مەدەنىيىتىنى بىلىپ قويۇڭ...توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 44
جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش نېمە ئۈچۈن قىيىن.........
................................................ ئەسقەر ئەھمىدىي تەرجىمىسى 46
چەت ئەللىكلەر گېپىمىزنى ئاڭقىرالمايدۇ ......... ئابدۇللا غاپپار تەرجىمىسى 47
نېمە ئۈچۈن جۇڭگو بالىلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغىنى ئاتا ـ ئانىسى ئەمەس
................................................ ئەكبەر ئېلياس تەرجىمىسى 48
ئەپچىل چارە ....................... ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ تەرجىمىسى 49
مەخپىي رېتسېپ: ئەقىللىق جۇڭگولۇقلار نوبېل مۇكاپاتىغا قانداق قىلىپ
ئېرىشەلەيدۇ؟ .................. ياسىن ھاۋازىي، گۆھەرنىسا ئابلىز تەرجىمىسى 49

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

ئۆرۈق ـ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى .................. ئەركىن مۇھەممەت لۈكچۈنىي 53

## مەنمۇ قارىشىمنى قويۇپ باقاي

ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟...............
................................................ ئابلەت ئابدۇللا 56

## رەھبەرلىك سەنئىتى

ئۇنتۇماڭ، ھوقۇق سىزنىڭ ئەمەس!....................... مۇھەممەت چاۋار 69

## بازار ئىگىلىكى ۋە ژۇرنال

ژۇرنىلىمىزنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ
مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى........................ رىسالەت مۇھەممەت 80

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت**

شىنجاڭ مەدەنىيىتى


(55 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2006 ـ يىل 4 ـ سان
(ئومۇمىي 280 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# مۇقامنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالايلى

—شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى مەخسۇس مۇقام كېچىلىكى ـ «مۇقام باھارى» نىڭ رېپېتىتسىيىسىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە سۆزلەنگەن نۇتۇق

**ئىسمائىل تىلىۋالدى**

(ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى)

## رەھبەرلەر نۇتقى

مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەتكارلار:

2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىردا ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى يوللىغان جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى

ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى ۋە قىزغىن تەنتەنە قىلدى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ئىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور خۇشاللىقى ۋە شان ـ شەرىپى.

بۇ ئالەمشۇمۇل خۇشخەۋەر ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن جاكارلانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ كاتتا ئىشنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەمدە ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ قېزىش، قوغداش، تەتقىق قىلىش، رەتلەش ھەم ئۇنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت بىر يۈرۈش كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

ھازىر شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى تەييارلىغان «مۇقام باھارى» ناملىق چوڭ تىپتىكى مەخسۇس مۇقام كېچىلىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، مەدەت بېرىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ھەم مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە، مۇتەخەسسىسلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقىدا ناھايىتى ئوبدان ئىشلىنىپتۇ. بۇ مەخسۇس مۇقام كېچىلىكى ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئەسلىي ھالىتى، ئۇسلۇبى ھەم چەكسىز سېھرىي كۈچىنى خەلقىمىزگە ۋە جاھانغا نامايان قىلىدىغان، تونۇتىدىغان، شۇنداقلا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يول ئېچىش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم كېچىلىك. شۇڭا، بۇ مەخسۇس مۇقام كېچىلىكىنى چوقۇم بارلىق كۈچىمىز بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى باتۇر، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇلۇغ ئىجادىيىتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر ھاياتىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، قىممەت قاراشلىرىنى مۇزىكا، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر ـ ئوپېرا ئورگانىك بىر گەۋدىلەشكەن سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئوبرازلىق، جانلىق مۇزىكا تىلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەدىئىي قامۇس، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك سەنئەت بايلىقى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قىممەتلىك ـ بىباھا كلاسسىك مۇزىكا بايلىقىنى قۇتقۇزۇش، قېزىش، رەتلەشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا مەركەزنىڭ قوللىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئۇلۇغ سەنئەت قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىۋاسىتە تەشكىللەپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، بۈيۈك مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ زامانىمىزغا يەتكۈزگەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھاڭ ۋە تېكىستىنى لېنتىغا ۋە نوتىغا ئالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى قۇتقۇزۇۋېلىندى ۋە ئەۋلادلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا ئىلمىي ئاساس سېلىندى. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ نامايەندە بولدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى ئۆزىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلۇپ، مەخسۇس خادىملار ئاجرىتىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىلدى، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش يەنىمۇ چىڭ تۇتۇلدى. 1997 ـ يىلى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 13 توملۇق بىر يۈرۈش كىتابى نەشر قىلىندى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئون ئىككى مۇقامنىڭ CD ، VCD ، DVD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە زور بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئالتە يىل جاپالىق تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئون ئىككى مۇقام زامانىۋى ئۈن ـ سىن ۋاسىتىلىرى بىلەن بىر قەدەر تولۇق رەتلىنىپ ۋە سۈرەتكە ئېلىنىپ، 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە CD، VCD پلاستىنكىلىرى ۋە 2005 ـ يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب يېزىقلىرى كىرىشتۈرۈلگەن DVD پلاستىنكىلىرى رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ دۇنيا خەلقى ئورتاق بەھرىلىنەلەيدىغان بىر قەدەر مۇكەممەل سىيماسى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخىدىكى يەنە بىر ئۇلۇغ سەنئەت قۇرۇلۇشى بولدى.

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىزگە تېخىمۇ يېڭى ـ ياخشى پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلدى. مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىباھا سەنئەت گۆھىرى بولغان جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا ئىلتىماس قىلىشنى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ رەسمىي كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، نۇرغۇن ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىدى. 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىردا ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشتەك يېڭى تارىخىي مەنزىلگە قەدەم قويدى. بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ نامايەندە! بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى!

بۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ۋە دەلىلى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى بولمىغان بولسا، نەچچە ئەۋلاد پارتىيە ـ ھۆكۈمەت

رەھبەرلىرىنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، خەلقىمىزنىڭ سەنئىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان زور بىر تۈركۈم ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىمىنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى ۋە خالىس تۆھپە قوشۇش روھى بولمىغان بولسا، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ بۈگۈنى بولمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئاجايىپ مول ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا تومۇرداش بولغان «دولان مۇقامى»، «قۇمۇل مۇقامى»، «تۇقسۇن دەرد ـ داغ مۇقامى» ھەممە دىياردىمىزدىكى ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ مەشرەپ ـ سامالىرى، ئەلنەغمىلىرى ۋە خەلق ناخشا ـ كۈيلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە، مول بەدىئىيلىككە، خاس يەرلىك ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان باي خەلق سەنئىتى نامايەندىلىرىنى مۇجەسسەم قىلغان. بۇ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرى ئۇزاق تارىختىن بۇيان خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تا بۈگۈنگىچە بېيىپ داۋاملىشىپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. خەلق سەنئىتى ھەقىقەتەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنىۋى بايلىق، سەنئىتىمىزنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ۋە خۇرۇچىدۇر.

بىز تېخى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى پۈتۈنلەي تولۇق، مۇكەممەل رەتلەپ ۋايىغا يەتكۈزدۇق، دەپ ئېيتالمايمىز. ئۇ بىزنىڭ داۋاملىق قېزىپ، رەتلەپ، تولۇقلاپ، ھازىرقى زامان تېخنىكىسى ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشىمىزنى تەقەززا قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك مۇقاملارنى، «خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى» دەپ شۆھرەتلەنگەن، تولىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان خەلق مەشرەپلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ئىلغار تېخنىكا ۋاستىلىرى بىلەن نەشر قىلىش ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدەك دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزدىنىدىغان ۋە تىرىشىدىغان نىشانىمىز.

مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەتكارلار:

ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت بىر يېڭى باشلىنىش دېمەكتۇر. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى بۇ قۇتلۇق خىزمەتنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداش ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىسبەتەن زور بىر مەدەت، شۇنداقلا قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىمىزنىڭ يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش»، «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»تەك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى «ئىناق جەمئىيەت» بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىگە ئايلاندى. بىز چوقۇم «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، «نادىر ئەسەرلەر يارىتىش، ئاساسىي قاتلاملارنى جانلاندۇرۇش، مەدەنىيەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىختىساسلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت مەدەنىيەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە «مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، يېزىلار بىلەن شەھەرلەر ۋە ھەر قايسى رايونلار ئارا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇشىمىز، خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەتكارلار:

سىلەر مۇقامنىڭ ۋارىسلىرى، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىرى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلىرى. مەن سىلەرنىڭ زىممەڭلاردىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى ئېنىق تونۇپ، روھىڭلارنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، خەلققە، تۇرمۇشقا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجادچانلىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، «مۇقام باھارى» دىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى بۇ مەخسۇس مۇقام كېچىلىكىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەسلىي ئۇسلۇبى ۋە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا دەۋر روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى رازى بولىدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك نادىر سەنئەت ئەسىرى قىلىپ كامالەتكە يەتكۈزۈشۈڭلارنى، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋېلىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى يېڭى ۋە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش، «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

2006 ـ يىل 3 ـ ئىيۇن

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى مەخسۇس مۇقام كېچىلىكى ـ «مۇقام باھارى»دىن كۆرۈنۈشلەر

## مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەر كۈنى ـ قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

## زامان تەقەززا پىكىرلەر

# مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ۋە دەۋر تەقەززاسى



ئابدۇكېرىم رەھمان

مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى (cultural Ecology) بىلەن تەبىئەت ئېكولوگىيىسى (Natural Ecology) ئۆزئارا زىچ باغلانغان قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ مەۋجۇدلۇق ئاساسى.

«مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى» دېگەن بۇ يېڭى ئۇقۇم ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىگە بولغان قايتا ئويلىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى ۋە سانائەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچلەمچى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ جۇغلانما تەرەققىيات باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت (غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت) ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت (تۈزۈم مەدەنىيتى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا يەتمەكچى بولغان مەقسىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا جەمئىيەت ئېكولوگىيىسى بىلەن تەبىئەت ئېكولوگىيىسى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ ئايرىلماس ئىككى قانىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى قاناتنىڭ قايسى بىرسى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىسا، گوياكى قاناتسىز قۇش ھاۋادا ئۇچالمىغاندەك، ئىنسانىيەت ئالىمىمۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ - دە، مەھكۇملۇققا يۈزلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ كەنجى ئەزاسى بولمىش ئىنسانلار تارىختىن بۇيان ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەتنىڭ، جەمئىيەت ئېكولوگىيىسى بىلەن تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ھەققىدە ھەممىدىن كۆپ ئويلانغان. بۇ خىل ئويلىنىش نەتىجىسىدە تەبىئەتتە بىرمۇ ئارتۇق نەرسە يوقلۇقىنى، ئادەمدىن قۇرت - قوڭغۇزغىچە، كۆككە تاقاشقان تال - تېرەكلەردىن تاپىنىمىز ئاستىدىكى ئوت - چۆپ گىياھقىچە... جىمىكى جانلىق تەبىئەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

خوجايىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىكىپ چوڭ بىئولوگە-
يىلىك سىستېمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، ناۋادا بۇنىڭ بىرى يوقال-
سا، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنىڭ ئىچكى
مۇۋازىنەت قانۇنىيىتى بوزۇلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئىن-
سانىيەتنىڭ مۇشۇنداق ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداشقا بولغان
تونۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى بېسىپ
ئۆتكەن ئۈچلەمچى مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئۈچۈرلاش-
قان «ئاتوم دەۋرى»گە خاس تەرەققىيات ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇ-
رۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىن-
سانلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر گەۋدى-
لەشكەن ئىناق مۇناسىۋەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، جەمئىيەت ۋە تەبى-
ئەت ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ماسلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان
مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسگە ئىگە جەمئىيەت قۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ
بۈنىڭدىن كېيىنكى بىردىنبىر چىقىش يولى ۋە ھاياتلىق بۇرچى قىلىپ
تاللىدى. چۈنكى، ئىنسانىيەت ھامان مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسگە ئىگە
بولغان ئىناق جەمئىيەتكە موھتاج بولغاچقا، بۇنداق تاللاش ئەبەدىي
مۇقەررەرلىك ئىدى. ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەر-
لىك، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرى بىلەن  كېيىنكى ئەۋلادلار ئوتتۇرىسى-
دىكى باراۋەرلىك، زامانىۋى يەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات قۇرۇلۇشى
بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى
باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئۆزەك قىلغان مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە
ئىگە جەمئىيەت قۇرۇش تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى كاپالەتلەن-
دۈرىدىغان دەۋر تەقەززاسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى 16 ـ قۇرۇلتىيىدا: «دۆلىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز
تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىمىز، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى
ياخشىلىشىمىز، بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۈ-
چەيتىشىمىز، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىشلەپچىقىرىش تە-
رەققىي قىلغان، تۇرمۇش باياشات بولغان، ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيىتى
ياخشى بولغان تەرەققىيات يولىدا ماڭدۇرۇشىمىز لازىم» دەپ ئوتت-
تۇرىغا قويۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 16 ـ نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش
مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسى-
لەش ئاساسىدا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى ئىناق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى
بىر تۇتاش پىلانلاشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» تېخىمۇ
ئېنىق تەكىتلەندى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، مۇئەييەن بىر ئەل،
مەلۇم بىر ئورۇننىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات سۈپىتىنى سىستانسىيىسگە باھا
بەرگەندە، 20 ـ ئەسىرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلانغان نوقۇل ئىق-
تىسادنىڭ ئېشىش كۆرسەتكۈچىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، ئىجتىمائىي مەدەنى-
يەت كۆرسەتكۈچى، بايلىق كۆرسەتكۈچى ۋە مۇھىت كۆرسەتكۈچىدىن
ئىبارەت ئۈچلەمچى تەرەققىياتنىڭ ئېكولوگىيىلىك بىرلىكىگە سەل قا-
رىدۇق. نەتىجىدە، تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىش ھېسابىغا ياراتقان
ۋاقىتلىق بايلىق بىلەن ئېسەنگىرەپ خۇدىمىزنى يوقاتتۇق. ئەسىر-
لەردىن بۇيان شىمالىي قۇملۇقنى ئىھاتە قىلىپ تۇرغان ئىچكى موڭغۇل
يايلاقلىرىنى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىۋېدۇق، نەتىجىدە ئۇ يەردىن كۆ-
تۈرۈلگەن قۇم ـ بوران سەددىچىن سېپىلىدىن بىمالال ھالقىپ، بىر
كۈندە 300 مىڭ تونىنا چاڭ ـ توزان بېيجىڭلىقلارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈ-
لۈپ، پايتەختىمىزنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى بۇلغىدى. بۇنىڭ بىلەن بېي-
جىڭ ئاسمىنىنى سۈزۈلدۈرۈش قۇرۇلۇشى مەركەز دۈچ كەلگەن
سەنشيا توسمىسى قۇرۇلۇشىدىن كېيىنكى يەنە بىر ئېغىر سىناققا ئايـ-
لاندى. ئەسلىدە تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا 2 مىليون 622
مىڭ مودىن ئارتۇق تەبىئىي توغراقلىق بولۇپ، ئۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ
تارىم بوستانلىقىنى قوغداپ كەلگەن يېشىل سېپىل ئىدى. دەريانىڭ
ئىككى قىرغىقىدا يەنە يۇلغۇن، چىم ۋە چاتقاللار ئۆسىدىغان 18 مىل-
يون 500 مىڭ مو كېلىدىغان سۈپەتلىك تەبىئىي ئوتلاقلىق بولۇپ،
20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ %75 ى ۋەيران قى-
لىۋېتىلدى. نەتىجىدە، غەزەپلەنگەن تەكلىماكان قۇملۇقى توسالغۇسىز
ھالدا ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا سىلجىپ خوتەننىڭ گۇما، قاراقاش،
لوپ، چىرا، كېرىيە ۋە نىيە، قەشقەرنىڭ مارالبېشى، مەكىت ۋە يەكەن،
ئاقسۇنىڭ ئاۋات، شايار، كۇچا، كورلىنىڭ بۈگۈر، لوپنۇر، چاقىلىق ۋە
چەرچەن قاتارلىق بوستانلىقلىرىنى قۇملاشتۇرۇپ، بۇ ناھىيىلەرنى
ئامبۇردەك قىسىۋالدى. ھەر يىلى چېچەك ـ چوكان پەسلىدە قەشقەر
ۋە خوتەن ئاسمىنىنى توپا ـ چاڭ قاپلاپ، توپا يېغىپ بۇ «مېۋە ـ
چېۋە ماكانى»نىڭ سەرخىل مېۋە ـ كۆكتاتلىرىنى پەجمۇدە قىلىۋەتتى.
تەكلىماكان قۇملۇقىنى تىزگىنلەش شىنجاڭلىقلارنىڭ تەقدىرىگە مۇنا-
سىۋەتلىك ئېغىر سىناق بوپقالدى. بىز خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل «تە-
بىئەتنى بويسۇندۇرۇش» شوئارىغا ھېرىسمەن بولۇپ، «كائىنات
بىزنىڭكى، نېمە قىلساق ئىختىيارىمىز»، دەپ قاراپ قالايمىقان بوز
يەر ئېچىش، كان قېزىش، يول ياساش، بىنا سېلىش... قىزغىنلىقى بە-
لەن تەبىئەت ئاتا قىلغان ئېكولوگىيىلىك يېشىللىقنى پايخان قىلىۋەت-
تۇق. بىر قەشقەر شەھىرىنى ئالساق، 1958 ـ يىلىدىكى ئاتالمىش
«پولات تاۋلاش» دولقۇنىدا ئوتۇن ـ ياغاچ بىلەن «رودا ئېرىتىش»
تەك دونكىخوتچە ئەخمەقلىق بىلەن مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەل ـ دە-
رەخلەرنىڭ %80 تىدىن كۆپرەكىنى تاغۇ ـ تاشلارنى ئېرىتىشكە تۈت-
رۇق قىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەك ئەتراپىدا ساما
ئوينىدۇق. بىھۇدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن دەل ـ دەرەخ، باغ ـ ۋاراڭ-
لارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش يولىدا يېرىم ئەسىر كۈرەش قىلغان بول-
ساقمۇ، تېخى قەشقەر شەھىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبە-
تى %20 كىمۇ يەتمەيدۇ. (ئۈرۈمچىدەك زامانىۋى مەركىزىي شەھەر-
نىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاران %15 ئىكەن).

مەلۇمكى، يېشىللىق تەبىئەتنىڭ كۆركى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە
ھاياتلىقنىڭ قېنى ۋە جېنى. ھازىر رايونىمىزدا ئوكسىگېن يېتىشمەس-
لىكتىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەر ۋە تۈيۇقسىز ئۆلۈم ـ يېتىم ھادى-
سىلىرى ئاز ئەمەس. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار ئوكسىگېن ئىش-
لەپچىقىرىدىغان بىردىنبىر تەبىئىي زاۋۇت. ئادەتتە يەتتە ـ سەككىز
يىللىق بىر تۈپ دەرەخ كۈنىگە 30 كىلوگرام ئوكسىگېن ئىشلەپچىقى-
رىدىكەن، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىر كۈندە نەپەسلىنىدىغان ھاۋاسىغا
تەڭ. ئوكسىگېنسىز ھاياتلىقنىڭ نەپەستىن توختايدىغانلىقىنى ھەممىمىز
چۈشىنىمىز، بىراق ئۇنى ئىشلەپچىقىرىدىغان دەل ـ دەرەخلەرنى

ئاسراشنى بىلمەيمىز. غەربلىكلەر دەرەخنىڭ بىر تال شېخى سۇنسا، گويا ئۆزىنىڭ قوۋۇرغىسى سۇنغاندەك ئازابلىق ھېس قىلىدۇ. دەرۋەقە، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئېلىمىزدىمۇ «يېشىللىق قارىشى» كۈچىيىپ، «ئورمان ئاسراش قانۇنى»، ھەر يىلى ئومۇمىيخەلق «جىرىم تىكىش بايرىمى» قاتارلىق پائالىيەتلەر كەڭ كۆلەملىك يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى باش ئەتىيازدا پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە قەدەر بارلىق ئاما ھەرىكەتكە كېلىپ، نەچچە يۈز مىليون تۈپلەپ كۆچەت تىكىمىز. ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ كۆچەتلەر دۆلەت زېمىنىنى نەچچە قات قاپلىشى مۇمكىن. ئەمما تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى بەك تۆۋەن بولۇپ، بۇ يىل تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، يۇقىرىلار مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز مەۋجۇدلۇقى بىلەن تەبىئەت يېشىللىقىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ يەردە ئۆزۈم بىۋاستە ئۇچراشقان مۇنداق ئىككى مەنزىرە سېلىشتۇرمىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە: 1990 ـ يىللاردا خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق ئىلىم مۇھاكىمىسىگە قاتنىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھونگرىيىنىڭ سەگېت شەھىرىدىكى «ئاتتىللا مېھمانخانىسى»دا قوندۇق. دوناي دەرياسى قىرغىقىدىكى بۇ مېھمانخانىنىڭ تۆت ئەتراپى تۇساقسىز مېۋىلىك باغچا بولۇپ، شاتۇت، ئۈجمە، جىنەستە، گىلاس... يەنە بىز نامىنى بىلمەيدىغان ھەر خىل سورتلۇق مېۋىلەر قىزىل كەھرىۋادەك جۇلالىنىپ تازا مەي باغلىغان مەزگىلى ئىكەن. بۇ باغچا ئىچىدە ھەر قانداق كىشى دەخلى ـ تەرۇزسىز سەيلە ـ ساياھەت قىلالايدىكەن. مەنمۇ بوش ۋاقتىمدا بۇ «جەننەت» نى ھېرىسمەنلىك بىلەن سەير ئەتتىم. بېشىمدا ساڭگىلاپ تۇرغان مېۋىلەر نەپسىمنى تاقىلداتسىمۇ، لېكىن مەنمۇ ئۇنى ئۈزۈپ تەمىنى تېتىپ بېقىشقا زادى جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇ باغدا بىرەر گۈزەتچى بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ مېۋىلەرگە قول ئۇزاتمايدىكەن. پىشىپ ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلگەن مېۋىلەر يېشىل مەخمەلدەك چىم ئۈستىدە بەھۇزۇر قاقىقا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ ئەلنىڭ يۇقىرىلىرى قىممەت بولسىمۇ مېۋە ـ چېۋىلەرنى سودا دۇكانلىرىدىن سېتىۋېلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ھەرگىز ئاممىۋى باغچىلاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە قول ئۇزاتمايدىكەن. بۇنداق يېشىللىقنى سۆيۈش ـ قەدىرلەش ئۆدۈملىرىنى چەت ئەللەرنىڭ ھەر قانداق شەھەرلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىزدىچۇ؟ بۇ ھەقتە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرمىساقمۇ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئايان: رايونىمىزدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېشىللىققا زور مەبلەغ سالغان ئۈلگىلىك «يېشىل قورۇ» دەپ قارالسىمۇ، لېكىن بۇ قورۇ ئىچىدىكى سەر خىل ستودېنتلارنىڭ تاپىنىدا چەيلىنىپ پايخان بولغان مەخمەلدەك چىمزارلىقلارنى، ئەمدى غورا بولغان ئالما شاخلىرىغا قارا قاغىدەك قونۇۋېلىپ سۇندۇرۇلغان ئالما شاخلىرىنى كۆرگەندە ئىچىڭىز سىرىلىدۇ. مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىكى گۈزەل «خۇڭخۇ» كۆلىگە تاشلانغان لەيلىمە ئەخلەتلەر بىلەن چىملىق ئىچىدىكى سۇلياۋ، قەغەز، بوتولكىلارنى يىغىپ تازىلاش ئۈچۈن يۈزدىن ئارتۇق تازىلىق ئىشچىسىمۇ يېتىشىپ بولالمىدى. ئالىي بىلىم يۇرتىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى شۇ بولسا، ئادەتتىكى يۇقىرىلارنىڭ ساپاسىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەسلىدە ئىپتىدائىي ئانىمىزم دەۋرىدىن باشلاپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېشىللىقنى سۆيۈش ۋە ئاسراش ئۆزەك قىلىنغان «دەرەخكە چوقۇنۇش»تىن ئىبارەت مۇقەددەس ئېتىقادىمىز بار ئىدى. مۇشۇ ئېتىقادنىڭ كونتروللۇقى ۋە ھىمايىتى ئاستىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن يېشىللىق بەرپا قىلىش مەزمۇن قىلىنغان ئىبرەتلىك ۋە ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، ناخشا ـ قوشاقلار... نىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇپ قالساق، ئۇلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟!

دېمەك، ھازىرقى تۈپ خاتالىقىمىز باشقا ھايات ئىگىلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن كارىمىز بولماسلىقتا كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يېقىنقى يىرىم ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ دەريا ـ كۆللىرىدە ياشايدىغان سورتلۇق تاتلىق سۇ بېلىقلىرىنىڭ 30 نەچچە تۈرىنى يەپ تۈگەتتۇق. 1950 ـ ۋە 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ تاشيوللىرىدا سەپەر قىلسىڭىز، يولنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقان، ماشىنىلارنىڭ ئالدىنى توراپ تۇرۇۋالغان توپ ـ توپ كېيىك ـ جەرەننى تاماشا قىلالايتتىڭىز، ھازىر تەبىئەتنىڭ بۇ ئەركىلىرى بىزنىڭ نەپسىمىزگە يەم بولۇپ تۈگىدى. رايونىمىزدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە «كېيىك گۆشى رېستورانى»، «بۇغا گۆشى رېستورانى»، «ئات گۆشى رېستوران» لىرى... قۇرۇلۇپ، بۇ ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ ياۋايىلىرى تۈگەپ، قولدا بېقىۋاتقانلىرىمۇ ئۆلگۈرمەيۋاتىدۇ. «باچكا شورپىسى»، «كەپتەر كاۋىپى» دېگەنلەر شەھەرلەردىن يېزا ـ بازارلارغىچە شىددەت بىلەن ئومۇملاشتى. بىر يەكەن ناھىيىسىدىلا ھەر يىلى 2 مىليون كەپتەر گۆشىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ـ كارخانا قۇرۇلغانلىقىنى ئاخبارات ئورۇنلىرى ئىپتىخارلىنىپ خەۋەر قىلدى. «كەپتەر گۆشى ئەرلىك جاسارىتىنى كۈچەيتىدۇ»دېگەن بىمەنە سەپسەتە ئادەملىرىمىزنى كەپتەرگە خۇمار قىلىپ قويدى. ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ قارىشىچە، كەپتەر گۆشىنىڭ تەبىئىتى ئوت ئىسسىق بولۇپ، ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلسا جىگەرنى قاتۇرۇپ، بەدەندىكى تۆت خىلتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇۋېتىدىكەن. شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز پەقەت بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان كېسەللەر، تۇغۇتتىن كېيىن سوغۇق ئەڭگىزى ئېشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ گەجگىسىگە ياكى پۇت ـ قول بوغۇملىرىغا كەپتەر باچكىسىنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشتىن باشقا، ئۇنى بۈگۈنكىدەك ئومۇميۈزلۈك ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىزلەنگەن. دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نەزەرىدە كەپتەر ئىنسانىيەت ئالىمىنى «توپان بالاسى»دىن ساقلاپ قالغان «تىنچلىق ئەلچىسى». شۇڭا ئۇنى قوغداپ ئاسراش كېرەككى، ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە يەپ تۈگىتىشكە بولمايدۇ. بىر تونۇش سودىگەر يىگىت ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ۋەقەنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى: چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىدىغان بۇ ئۇيغۇر سودىگەر موسكۋاغا بارغاندا بىر رۇس موماينىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ

ئۇلتۇرۇپتۇ. بۇ چىقىشقاق يىگىت بىلەن ھېلىقى موماي بىر مەزگىل ئانا ـ بالىدەك ناھايىتى ئىناق ۋە ئىجىل ئۆتۈپتۇ. بۇ مومايىنىڭ قورۇسى خېلى كەڭ ۋە ئازادە بولۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن كەپتەر بۇ قورۇدا دەخلى ـ تەرۇزسىز ئەركىن ياشايدىكەن، ھەتتا ئىشىك ـ دېرىزە ئوچۇق بولسىلا ئۆي ئىچىدىمۇ كەپتەرلەر بەھۇزۇر دانلاپ، ئادەملەردىن ئۈركمەيدىكەن. مومايىنىڭ خۇشاللىقى ئاشۇ كەپتەرلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىدىكەن. قورۇغا كىرگەنلا كىشىنىڭ دولىسىغا قونۇپ، بۇقۇلداپ ئەركىلەيدىغان كەپتەرلەرگە قاراپ بۇ يىگىتنىڭ نەپسىگە شەيتان قونۇپتۇ ـ دە، موماي ئۆيدە يوق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەلىكىگە قونۇۋالغان ئىككى كەپتەرنى تۇتۇپ بوغۇزلاپتۇ. پەيلىرىنى يۇڭداپ پاكىز تازىلىغاندىن كېيىن كاستىرۇلكىغا سېلىپ ئۇيغۇرچە «كەپتەر شورپىسى»قىپتۇ. «مەززىلىك»شورپا تەييار بولغاندا موماي كەپتەرلەرگە دان ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۆيدە تاماق ئەتسىلا ئىناق قوشنىسى مومايغا «نېسىۋە»چىقىرىدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت بىر چىنىگە مەي بولۇپ پىشقان ھېلىقى كەپتەردىن بىرنى سېلىپ، شورپىسى بىلەن مومايىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆزى ئۆگىنىۋالغان رۇس تىلىدا: «ئاپا، بۇ ئۇيغۇر تامىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىڭ»دەپتۇ. موماي رەھمەت ـ تەزىمىدىن كېيىن يىگىتتىن سوراپتۇ:

ـ بالام، بۇ بەك مەززىلىك پۇرايدىكەن، نېمىنىڭ شورپىسى؟

ـ باچكا شورپىسى، سىزگە پايدا قىلىدۇ، ئىچىڭ، ـ دەپتۇ يىگىت.

ھەمىشە كۈلۈپلا يۈرىدىغان بۇ خۇشخۇي مومايىنىڭ چىرايى دەرھال تۇرۇلۇپتۇ. ئۆزىنى تۇتالماي دەرغەزەپ بىلەن قولىدىكى چىنىنى يەرگە ئېتىپتۇ. قورۇق پەيگە ئايلىنىپ قالغان بىگىز قولىنى يىگىتنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ:

ـ سەن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ۋەھشىي ئىكەنسەن، ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال، ئۆيۈمنى بوشات، ـ دەپ ۋارقىراپتۇ.

يىگىت نېمە قىلارىنى بىلمەي كۆڭلىنى چۈشەندۈرمەكچى بوپتۇ.

ـ سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا تاقىتىم يوق. دەرھال ئۆيۈمدىن چىق، بولمىسا ساقچى چاقىرىمەن.

شۇنداق قىلىپ موماي ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئېلىشنىمۇ رەت قىلىپ، يىگىتنى ئۆيدىن قوغلىۋېتىپتۇ.

مانا بۇ ئىبرەتلىك ھېكايىدە تەبىئەت جانلىقلىرىغا قارىتا ئىككى خىل پوزىتسىيە ئەكس ئەتكەن. نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قاتتىق پۇشمان قىلغان ھېلىقى سودىگەر يىگىت موسكۋالىق بۇ مومايغا قايىل بولۇپ شۇنداق دەيدۇ:

ـ مەن سودا بىلەن تالاي دۆلەتنى كەزدىم. دەرۋەقە، بىزدىن باشقا ھېچقانداق خەلق كەپتەرنى يېمەيدىكەن، ئەكسىچە كەپتەرنى بالىسىدەك ئاسراپ، كەپتەرنى ئۆزەك قىلغان بارلىق قۇش ـ قانات بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ياشايدىكەن.

شۇنداق، تەبىئەت ئېكولوگىيىسنى قوغداشتا ھاشارات‌لاردىن قۇرت ـ قوڭغۇزلارغىچە... جىمىكى جانلىقنىڭ ئۆزىگە خاس رولى ۋە قىممىتى بولىدۇ. بىر جانلىقنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، دۇنيانىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئاپەت ئەكېلىدۇ.

كائىنات ۋە راكېتا تېخنىكىسىغا ئاساس سالغان ئۇلۇغ رۇس ئالىمى سولكوۋسكىي بىر قېتىملىق سۆزىدە بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئادەملەر تەبىئەتكە ھۇجۇم قىلىپ بولدى، ئەمدىكى ھۇجۇمنى تەبىئەت ئادەملەرگە قىلىدۇ» دېگەنىدى. بۇ ئاگاھنىڭ مەلۇم ئاساسقا ئىگە ئەكەنلىكى بىزنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ. چۈنكى كېيىنكى يىللاردا بەزى مەدەنىيەت ئانتروپولوگلىرى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىشى نەتىجىسىدە ھاياتلىق ئالىمى يولۇققان تۆت قەتىملىق ئېغىر پاجىئە ھەققىدىكى مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ پاجىئەنىڭ تۇنجىسى ئالەمسىمان يەر تەۋرەش ئاپىتى؛ ئىككىنچى قېتىمقىسى ئۇرۇغ ـ قەبىلە كېڭەيمىچىلىكى ۋەسۋەسىسىدىن كېلىپ چىققان قانلىق قىرغىنچىلىق؛ ئۈچىنچىسى، برونزا دەۋرى كەشىپ قىلغان ئىلغار قوراللارنىڭ قىرغىنچىلىقى؛ تۆتىنچى قېتىمقىسى تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىش بەدىلىگە سادىر بولغان «توپان بالاسى»دىن ئىبارەت. كائىنات دۇچ كەلگەن بۇ ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبكارى دەل ئادەملەرنىڭ مەنىۋى بۇزۇلۇشى، ئانا تەبىئەتكە بولغان خائىنلىقى، ئەقىدىسىزلىكى ۋە ئىمانسىزلىقىنىڭ كاساپىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر يۇقىرىقى مۆلچەر مەلۇم ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارىساق ۋە ئۇنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنسەك، كۆز ئالدىمىزدىكى بىزنى قاتتىق سىلكىنىشكە مەجبۇر قىلىدىغان مەسىلە بەشىنچى ھاياتلىق ئىزى بولغان بۈگۈنكى ئەۋلادلار كەلگۈسىدە يەر شارىنى ساقلاپ قالالايمىزمۇ ـ يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت. ناۋادا بىز ئادەملەر تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك، ئاخىرقى ھېسابتا يەر ـ زېمىن يىمىرىلىپ، تەقدىرىمىز «ئاخىر زامان» بىلەن تۈگەللىنىدىغانلىقى شۈبھىسىز. جەنۇبىي ئاسىيادا يۈز بەرگەن «دېڭىز تاشمىسى» ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان دۇنيا كۆلەملىك يەر تەۋرەش، سارس، «قۇش زۇكىمى»، ئەيدىز... قاتارلىق غەيرىي تىپلىق كېسەللىكلەر بىزگە بېرىلگەن دەسلەپكى سىگناللاردۇر.

ھازىر بىئولوگىيىلىك سىستېما ئىچىدىكى جانلىقلار ئارىسىدا تېخى بىز ئويلاپ يەتمىگەن قىزىقارلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە: روسىيىنىڭ شىمالىدىكى بېرمودا ئارىلىدا يېقىنقى يىللاردا ئىنتايىن خەتەرلىك بىر مەخلۇق پەيدا بولغان. بۇ ئارالدا ئۇزۇنلۇقى پەقەت 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان مېدۇزىلار ياشايدىكەن. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قورالى ئورناتقان سۇ ئاستى پاراخوتى بېرمودا ئارىلىدا بۇزۇلۇپ قېلىپ، سۇغا ناھايىتى كۆپ رادىئاكتىپلىق ماددا تارقالغانىكەن. مېدۇزىلار دەل شۇ ماددىلارنىڭ تەسىرىدە تېز چوڭىيىپ، ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىرغا يەتكەن. نەتىجىدە ئۇلار بۇرۇنقى ئوزۇقلۇق بېلىقلارنى مەنسىتمەي، قېيىق ۋە كىچىك پاراخوتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. بەدىنىنىڭ ھەر يېرىدىن ئۆسۈپ چىققان قىزغۇچ ۋە كۆكۈچ بارماقلىرى تەگكەن جانلىق ئۆلۈپ 20 ـ 30 نەپەر دېڭىزچى قۇربانلىققا ئايلانغان. ھازىر بۇ مەخلۇقلارنىڭ سانى تېزلىكتە كۆپىيىپ 200گە يېتىپتۇ ①. ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 23 ـ فېۋرال سانىدا لويەنشۇ ئەسىملىك ئاپتورنىڭ «‹يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى›دىكى بەدەۋىيلىك» ناملىق فېلىيەتونىدا مۇنداق بىر رېئال ۋەقە تەنقىدلەنگەن: يىلان گۆشىنى يېيىش ئادەت بوپكەتكەنگە ئوخشاش مۈشۈك گۆشىنى يەيدىغان قەبىھ ئادەتمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى گۇاڭدۇڭدا كەڭ

ئومۇملىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە كۆشەندىسىز قالغان چاشقانلار خىرامان
نەسىللەپ گۇاڭدۇڭدا چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن. چاشقانلارغا تاختى-
مۇشۇك ھەتتا دائىملىق ئىشلىتىپ كەلگەن چاشقان دورىلىرىمۇ كار قىل-
مىغان. بۇ ئاپەتنى پۇرسەت بىلگەن «دورا زاۋۇتلىرى» خۇددى كەمپۈت،
قەنت ـ گېزەككە ئوخشاش تەمى تاتلىق، ئەمما زەھىرى ئىنتايىن كۈچلۈك
بولغان زامانىۋى «چاشقان دورىسى» ياساپ بازارغا سالغان. بۇ دورى-
لارنى چاشقانلار ئولىشىپ يېگۈچە، كىچىك باللار قىزىقىپ «تاتلىق
كەمپۈت ئىكەن» دەپ يېگەنلىكتىن بىر قانچە بالا مۇشۇ پاجىئەدە ئۆلگەن.
گۇاڭدۇڭلۇقلار شۇنداق پېشكەللىككە ئۇچراپمۇ ھوشىنى تاپماي «مۇ-
شۈك، يىلان يېيىش مەدەنىيىتى»نى ھەتتا باشقا دۆلەت ۋە رايونلارغىمۇ
كېڭەيتكەن. چاشقان ئاپىتى ۋېيتنامدىمۇ يۈز بېرىپ خەلق ئىگىلىكىگە
ئېغىر زىيان سالغان. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇ يەردىكى
مۈشۈك، يىلانلارنى ۋېيتنامدىكى گۇاڭدۇڭلۇق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى
يەپ كەتكەننى ئاز دەپ گۇاڭدۇڭغا ئەكېلىپ گۇاڭدۇڭلۇقلارغا يېمەك
قىلىپ ساتقان. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ چوڭ شەھەرلىرى (نەنجىڭ، چۇڭ-
چىڭ...)دىمۇ مۈشۈك گۆشى رېستورانلىرى پەيدا بولغان②.

قورساقنى بىر ۋاق مەززە قىلىپ تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنىڭ
ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەرمەك ھايۋىنى ـ مۈشۈكنىڭ جېنىغا زامىن بول-
غان يەردە باشقا تەبىئەت جانلىقلىرىغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئۈمىد كۈت-
كىلى بولامدۇ؟

شىنجاڭدىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۈشۈك ناھايىتى ئازلاپ
كەتتى. ئەكسىچە، بىنورمال يوغىناپ كەتكەن تولۇم چاشقانلار يېڭىدىن
ئاپىرىدە بولۇپ، «چاشقان ئاپىتى» پەيدا قىلماقتا. بەزى رايونلاردا
بۇ چاشقانلار قار ئاستىدىكى ئۈزۈم تاللىرى ۋە ئالما قاتارلىق مېۋىلىك
دەرەخلەرنىڭ غولىنى قىرقىپ قۇرۇتىۋەتكەن، ھەتتا بوشۇكتىكى بو-
ۋاقلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ
بۇزۇلۇشى، تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ياتلىششى نەتىجىسىدە پەيدا
بولۇۋاتقان يۇقىرىقىدەك غەيرىي تىپلىق ئاپەتلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى
بولمايدۇ. كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان بۇنداق چوڭ پاجىئەلەرنىڭ جاۋاب-
كارى يەنىلا بىز ـ ئىنسانلار.

دەرۋەقە، بىز ئىنسانلار ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمىزگە تايىنىپ
ئاجايىپ يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ئىختىرا قىلدۇق. تېخى ئالەم كۆرۈپ
باقمىغان بۇ مەدەنىيەت ئىنسانىيەتكە كەڭتاشا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئا-
مىللىرىنى ھازىرلاپ بەردى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىن-
سانىيەت «تەبىئەت»نى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرالىدى، ئا-
تومنى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پارتلىتالىدى، ھاۋا بوشلۇقىدا قۇشلاردەك
ئۇچۇپ، دېڭىزدا بېلىقتەك چۆكۈپ، ئالەم بوشلۇقىغا ئۆرلەپ ئاي شارى-
دىن ھالقىپ، مارسقا قەدەم باسالىدى. شۇنداقلا ئىنساننىڭ ۋاقتى ۋە
زېھنىي كۈچىنى تېجەپ بېرىدىغان «كومپيۇتېر»دىن ئىبارەت ماشىنى-
لاشقان مېڭىنى ياساپ، ئىنسانىيەت ئۇچۇرلىرىنى تېزگىنەك بىلەن تور-
لاشتۇرالىدى. قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىز تەسەۋۋۇر قىلغان «ئېچىل سۇپ-
رام»، «ئۇچار گىلەم»، «ئالتۇن بېلىق»، «ياغاچ ئات»، «گۆھەر
تۇغىدىغان توخۇ»... قاتارلىق فانتازىيىلىك خىياللىرى ئاللىقاچان رېئال-
لىققا ئايلاندى. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل شەكىلدە گۈللىنىشى ھەق-
قەتەن ئىنسانىيەتنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى.

ۋەھالەنكى، بۇگۈنكى بۇ سانائەت مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق يۈكسەك
ئىمكانىيەت ۋە يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەبىئەتنىڭ
قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلمىدى. ماددىي باياشاتلىقنى قوغلىشىپ
مەنىۋى تاكامۇللۇققا سەل قارىدى. «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» شوئا-
رىنى تەكىتلەپ، گۈللەندۈرۈشنى كۈنتەرتىپكە قويمىدى. قىسقىسى، بۇ
مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ۋە ئاقىۋىتىگە پىسەنت قىلىپ قويمى-
دى. ئىنسانىيەت ئارزۇ قىلىۋاتقان ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتنى ياكى ئۈمىد
قىلىۋاتقان خاتىرجەملىكنى تەييارلاپ بېرەلمىدى. ماددىي جەھەتتە بۇ
مەدەنىيەتنىڭ جىسمى پىلدەك بولسىمۇ، مەنىۋى قۇۋۋىتى قىلدەك ئىن-
چىكلەپ كەتتى. بۇ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى، ئىنسان بىلەن
ئۆزىنىڭ نەپسى ئارىسىدىكى، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى، ئىنسان
بىلەن ئەقىدە ـ ئېتىقاد ـ ئىمان ئارىسىدىكى توقۇنۇشتا ئىپادىلەندى.

ئامېرىكىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ئېيزىنھاۋېر دەۋرىدىكى دۆلەت ئىش-
لىرى كاتىپى، ئاتاقلىق سىياسىيون داللېس: «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز رو-
ھانىيىتىنى قايتۇرۇپ ئەكەلمىسە، ماددىي تەرەپتىن ئۇزاق داۋاملىشالماي-
دۇ»③ دەپ توغرا ئېيتقان.

بۇ يەردىكى نېگىزلىك مەسىلە، ئىنسانىيەت ئۆزى ياراتقان شۇ مە-
دەنىيەت بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتىنى، ئەخلاقى ـ روھىيىتىنى زىچ بىر-
لەشتۈرۈش، ئانا تەبىئەتنىڭ مۇقەددەس قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قى-
لىپ، مەنىۋىيەت جەھەتتىن تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىششىنى ئەقىدە ۋە
ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ
جون دېۋي توغرا ئېيتقان: «ئىلىم ـ پەننىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەخلاقىي
قىممەتلىرىنى پارچىلاپ تاشلاشقا رۇخسەت قىلىدىغان ۋە ئىلىم ـ پەن-
نىڭ ئەخلاقىي قىممىتىگە ئىشەنمەيدىغان مەدەنىيەت ئۆزىنى ئۆزى
ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان مەدەنىيەتتۇر». ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان
بۇنداق قاباھەتلىك ۋەھىمىدىن پەقەت ئىلىم ـ پەن ۋە ئەقىل ـ پارا-
سەتنىڭ ئەخلاقىي قىممىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بېرىش، ھەمدە ئىنساننىڭ
دۇنياغا كېلىشى، بۇ دۇنيادىكى غايىسى، زېمىندىكى ۋەزىپىسى، كائى-
ناتنىڭ ھايات بىلەن بولغان ئالاقىسى قاتارلىق نېگىزلىك مەسىلىلەرنىڭ
ئىچكى ۋە تاشقى مۇۋازىنەتلىك بىرلىكىنى ئىمانىي كامىللىق بىلەن
قوغداش ئارقىلىقلا قۇتۇلالايمىز. شۇنداق قىلغاندا دۇنيا موھتاج بو-
لۇۋاتقان مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى كۈچلۈك ۋە توغرا ئەقىدىگە ئىگە
بولۇپ، ھاياتلىق مۇساپىمىز ئىستىقبالغا ئېرىشەلەيدۇ.

## ستاتا مەنبەلىرى

①چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار شاخانوف: «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ
نالە ـ زارى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 1 ـ سان؛
«مىراس» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 5 ـ سانغا قاراڭ.


②«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 1 ـ سانىغا قاراڭ.

③يۈسۈپ قەرزاۋىي (مىسىر): «ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە
موھتاجلىقى»، 2001 ـ يىل قاھىرە نەشرى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پرو-
فېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقات-
چىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بۈگۈننىڭ كېيىنى، ئەتىنىڭ غېمى

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن

## 1

«بىز بۈگۈن بىلگەن نەرسىلەرنىڭ ئەتە ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ. ئەگەر ئۆگىنىشتىن توختاپ قالساق، ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قالغان بولىمىز» ① .

—دولورس. د. برېنتون

پار ماشىنىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا كەڭ تۈردە قوللىنىلىشى بولۇپ، ماركس: «ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى كاپىتالىزمنىڭ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ياراتقان بايلىقنى ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىدىن بۇيان ياراتقان بايلىقتىن كۆپ ئاشۇرۇۋەتتى» ② دەپ يەكۈنلىگەنىدى. دەرۋەقە، پار ماشىنىسى ئىشلىتىلگەن 200 يىل (1765 - 1950 - يىللار) گەرچە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم باسقان بەش - ئالتە مىڭ يىل ئالدىدا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ھېسابلانسىمۇ، پەن - تېخنىكىدا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ مەزگىلدە دۇنيا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئون ھەسسە ئاشقان ③ . بىز ھازىرقى جەمئىيەتنى بىلىم ئىگىلىكى جەمئىيىتى، كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى، بىلىم تىپىدىكى (知识型) جەمئىيەت، يەنى بىلىم توپلاشقان، ماسلاشقان، ئالماشقان جەمئىيەت، بىلىم ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق پىشانىگە ئايلانغان جەمئىيەت، دەپ سۈپەتلەيمىز. «بىلىم ئىگىلىكى» ئۇقۇمى بىزدە 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرھلەنگەن بولسىمۇ، تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى

سانائەتلىشىش تەرەققىياتى بىر قەدەر يۇقىرى باسقۇچقا ئۆتكەن 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ ، 90 ـ يىللىرىدىلا بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرگەندى. بۇ خىل يېڭىچە ئىگىلىكنىڭ قۇدرىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئەسىر ئاخىرىدىكى ئۇچۇر تېخنىكىسى ئومۇملاشقان مەزگىلدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئالدىنقى 100 يىل ئىچىدە ئۇچۇر تېخنىكىسى ئالدىنقى 1000 يىلدىكىدىن 10 مىليون ھەسسە، قاتناش سۈرئىتى 100 ھەسسە، سانلىق مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىش سۈرئىتى مىليون ھەسسە، ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش 100 ھەسسە، كىشىلەرنىڭ كېسەللەرنى تىزگىنلىشى 100 ھەسسە ئاشقان④ . دېمەكچىمىزكى، ماشىنىلىشىش ھالىتىدىكى سانائەت ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلىم ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئالدىدا كىچىككىنە ئىلگىرىلەش بولۇشى مۇمكىن.

يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا، جىسمانىي ئەمگەك، كاپىتال ۋە تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشتە ئوينىغان رولىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىش بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى شەرتسىز ئېتىراپ قىلىش كېرەك بولغان ئەمەلىيەتتۇر. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ ياپونىيىنىڭ پۇقراۋى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (GNP)نىڭ ئېشىشىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، بىلىم ـ تېخنىكىنىڭ رولى 1955 ـ ، 1965 ـ يىللىرى %20، 1965 ـ ، 1970 ـ يىللىرى %38 بولغان بولسا، 1970 ـ يىللاردا %65، 1980 ـ يىللاردا %75 بولدى ⑤ . بىلىم ئىگىلىكىنىڭ سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا زور بېسىم ئەكەلدى. ياپونىيىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكى ئېھتىياجلىق ئادەم 1992 ـ يىلى 1 مىليون 650 مىڭ نەپەر ئىدى. 2002 ـ يىلى پەقەت 150 مىڭ نەپەر بولدى. قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى %90 قىسقىراپ كەتتى ⑥ . نۆۋەتتە، تەرەققىي تاپقان بىر قىسىم دۆلەتتىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق ئەمگەك كۈچى سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىدىكى %90 تىن %5 تىنمۇ تۆۋەن نىسبەتكە چۈشۈپ قالغان. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى (OECD)نىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2020 ـ يىلدىن كېيىن ياپونىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ياشاش ئىگىلىكىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئېھتىياجى كېمىيىپ، بارلىق ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى نىسبىتىنىڭ %2 ـ %10 ىگە چۈشۈپ قالىدىكەن ⑦ . بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئادام. سىمىت (1790 ـ 1723)، داۋىد. رىكاردو (1823 ـ 1722) لاردىن جون. كېينىس (1946 ـ 1883) لارغىچە بولغان بىر ئېقىم ئىقتىسادشۇناسلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسى يەر (تەبىئىي بايلىق)، كاپىتال، جىسمانىي ئەمگەك دەپ قاراپ، بىلىمنى ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەنىدى. رېئاللىق ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى دانىيېل بېل، ئالۋىن توفلېرلارنىڭ يېڭىچە نەزەرىيىلىرى ئىگىلىدى. دەۋرىمىز بىلىمنىڭ كونىرىشى تارىختىن بۇيان يۇقىرى چەككە يەتكەن دەۋر بوپقالدى. ئالۋىن توفلېرنىڭ تەھلىلىچە، ھازىر بىر بالا تۇغۇلۇپ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگۈچە، دۇنيادىكى بىلىم تۆت ھەسسە كۆپىيىپ بولىدۇ. ئۇ 50 ياشقا بارغاندا، ئۆزى تۇغۇلغاندىن باشلاپ يىغىلانغان بىلىم 32 ھەسسە ئاشىدۇ، %97 بىلىم ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن تەتقىق قىلىنغان بىلىم بولىدۇ ⑧ . بۇ بىزگە كۆپتۈرمىدەك بىلىنىدۇ، ئەمما بۇ ھەقتە لەك ـ لەك مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، شارائىتى قاتارلىقلار «مائارىپ مەسلىكى»نى بەلگىلەيدۇ. مەدەنىيەت تىپى (文化类型) بىلەن مائارىپنىڭ ۋارىسلىق شەكلىدە روشەن پەرقلەر بولىدۇ. بىز يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ئىگىلىكى ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بايقايمىزكى، يېزا ئىگىلىكى ئۆزگىرىش ئاستا، كۆزىتىش تەس بولغان مەدەنىيەت. ئۇنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى «كەلگۈسىنىڭ ئۆتمۈشنى تەكرارلىشى»دۇر. بۇ خىل مەدەنىيەتتە ياشىغانلار ئۆزگىرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامالسىز. شۇڭا، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تۇراقلىق بولغان ئېڭىنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈپلا بېرەلەيدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەردە مەۋجۇد بولىدۇ. ئۇ پەقەت ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ۋارىسلىق شەكلىدە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ داۋاملىشىشى ياشانغانلارنىڭ ئارزۇسىغا، ياشلارنىڭ ئاشۇ ئارزۇنى «نۇسخىلىشى»غا تايىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل مەدەنىيەت شارائىتىدىكى مائارىپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاشۇ «نۇسخىلاش»نى شەكىللەندۈرۈشتۇر. ياشلار ئاتا ـ ئانىلىرىدىن تەربىيىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى «نۇسخىلايدۇ». بۇنداق تەربىيە شەكلىدە بالىلار يېتىلىش جەريانىدا ئەتراپىدىكى ئادەملەر شۈبھىلەنمەيلا قوبۇل قىلغان بارلىق نەرسىنى ئۇلارمۇ شۈبھىلەنمەيلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەدەنىيەتمۇ ئاشۇنداق نۇسخىلىنىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ؛ سانائەت ئىگىلىكى بولسا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ فورمىسى قۇرداشلار ھەرىكىتىگە جەملەنگەن مەدەنىيەتتۇر. ئۇنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى: «ھازىر كەلگۈسىنىڭ يېتەكچىسىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خىل مەدەنىيەتتە ياش ئەۋلادلارنىڭ تەجرىبىسى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئەجدادلىرىنىڭكى بىلەن كۆرۈنەرلىك پەرققە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەتتىكى ئەۋلاد بىلەن ئەۋلاد ئارىسىدىكى مۇقىم مۇناسىۋەت بۇزۇپ تاشلانغان بولىدۇ. ياش ئەۋلادلار دەۋرداشلىرى ئارا تەسىرات ئالماشتۇرۇشقا، تەجرىبە ئىگىلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى، تەجرىبىنىڭ ئىزچىللىقىنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. ئەمدى ئۇچۇر مەدەنىيىتى دەۋرىگە كەلسەك، بۇ خىل مەدەنىيەت بالىلار پېشقەدەملەر بېشىدىن كەچۈرمىگەن تەجرىبىلەرنى ئىگىلەيدىغان مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. بۇ خىل مەدەنىيەتتە بالىلار تامامەن بىلمىگەن، ئۆز كەلگۈسىنى ئىگىلەشكە ئامالسىز قالغان ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. ياشلار بىلگەن نەرسىلەرنى پېشقەدەملەر بىلمەيدۇ. ئىلگىرىكى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيىتى دەۋرىدە پېشقەدەملەرنىڭ بىلىدىغانلىرى بالىلارنىڭكىدىن ئىنتايىن كۆپ بولغان بولسا، ھازىر بۇنداق ياشانغانلار مەۋجۇد بولماي قالىدۇ. ياش بىر ئەۋلادمۇ ئەجدادلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۆگىنىدىغان كۆپىنچە نەرسىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر خۇددى شۇنداق بولدى: بىلىمنىڭ پارتلىشى نەتىجىسىدە ئوقۇش بىلەن

خىزمەت قىلىش، نەزەرىيىۋى بىلىمنى ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتە قوللىنىش، بىلىم بىلەن ماھارەت ئارىسىدىكى ئىلگىرىكى زور پاسىل تام چېقىپ تاشلاندى. بىلىمدىن ئىبارەت بۇ شەكىلسىز بايلىقنىڭ ئىگىلىك شەكىلدە يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتۈشى بىلەن، كىشىلەر نورمال ياشىشى ئۈچۈن بىلىم ئىگىلىمىسە، بىلىم ئىزدىمىسە بولمايدىغان، ياخشى ياشاش ـ ئىقتىسادىي ئاساسىنى يۇقىرىلىتىش ئۈچۈن يېڭىلىق ياراتمىسا ـ ئىجاد قىلمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇڭا، ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىزچىل ئۆگىنىشنى، نېمىنى ئۆگىنىشنى، قانداق ئۆگىنىشنى، قانداق ئىشلىتىشنى، قانداق ئىجاد قىلىشنى بىلىشى ئۇنىڭ كېيىنكى ئىقتىسادىي ھاياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم سۈپەتلىرى بولۇپ قالدى. دېمەك، بىلىم ئىگىلىكى مائارىپنىڭ تۈپ نىشانىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. بىز گەرچە ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆسۈش، بېيىش جەھەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە «مۇناسىۋەت ئىگىلىكى»نىڭ تورىدا تۇرساقمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا بۇ سۈپەتلەرنىڭ يەنىلا مۇھىم ئامىللىقىنى رېئاللىق تەدرىجىي ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ. رايونىمىزدىكى مىللىي كارخانىچىلارنىڭ ئۆز ئىجادچانلىقى ئارقىلىق دۆلەت ھالقىغان سودا تورى بەرپا قىلىشى، نەچچە يۈزلەپ قېرىنداشنى ئىش بىلەن تەمىن ئېتىشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭمۇ ئەنگلىيە ئالىمى ف. ھويلې (F. Hoyle)نىڭ: «بۈگۈن ئىجادىي تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بەرمىگەن دۆلەت ئەتىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، نومۇسقا قالىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ، تارىخشۇناس ئارنولد تويىنبىنىڭ: «ئىجادىيەت ئىقتىدارى يوق مىللەت ياكى جەمئىيەت كەلگۈسى توقۇنۇش (冲击)قا يۈزلىنەلمەيدۇ» ⑨ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى.

## 2

«مائارىپ ئىجادچانلىق روھىغا ئىلھام بېرىشتىن باشلانمىسا، بۇ خىل روھنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشمىسا، ئۇ مۇقەررەركى خاتا مائارىپ بولىدۇ. چۈنكى، مائارىپنىڭ بارلىق مەقسىتى ئادەمنى جانلىق پاراسەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت» ⑩ .

ـ ۋايدخېد (ئەنگلىيە)

ئادەملەر يەر شارىنىڭ قايسى بىر بۇرجىكىدە بولسۇن تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزلىرى ھەققىدە مەسىلىلەر دۆۋىسى ئىچىدە ياشايدۇ. بىراق، ھەربىر قوۋمنىڭ ئىجادچانلىقى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئىنچىكە تۆمۈرنىڭ قىزىغاندا قىزىرىپ نۇر چىقىرىدىغانلىقى ئىنسانلار ئوت، مىتالچىلىق مەدەنىيىتىگە كىرگەندىن بۇيانقى ھەممەيلەن دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان نەچچە مىڭ يىللىق دائىمىي ھادىسە، توكنىڭ ئىسسىقلىق ئېففېكتىمۇ خېلى بۇرۇن بايقالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما لامپۇچكىنى تارىختىن بۇيان دۇنيا بويىچە يەككە ـ يېگانە ھالدا دىندىن مۇستەسنا ياشاپ، ھېچقانداق ھالقىما مەۋجۇدلۇققا بولغان ئېتىقادىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىمىغان جوڭگولۇق ئەمەس، بەلكى ئىزچىل رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا سادىق بوپكەلگەن بىر يەھۇدىي كەشىپ قىلدى. قانچىلىك ئۇلۇغ ياكى قانچىلىك ئادەتتىكىچە بولسۇن، ھەر بىر ئىجادىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا قوشۇلغان بىر يېڭى تۆھپىدۇر. ھەممىمىز نوبېل مۇكاپاتىنى مونوپول قىلىۋالغان يەھۇدىيلارنىڭ، پاكىنەك ياپونلارنىڭ ئىجادچانلىقىغا ھەيران قالىمىز. ئۆزىمىزنى ئالساق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر سەنئىتى، كلاسسىك ناخشا ـ مۇزىكا جەھەتتە مىللىي مەھسۇلاتلىرىمىز بار. بىراق، ھازىر ئىشلىتىۋاتقان سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزگە تەئەللۇق ئەمەس. كەشپىياتچىلىرىمىزنىڭ كەشپىياتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىشالماسلىقى بىر سەۋەب. ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئىجادچانلىقىمىز يەنىلا تۆۋەن.

ئىجادىيەت قابىلىيىتى مەلۇم مەۋجۇد مەسىلىنى ھىمايىلىك شارائىت ئاستىدا مۇناسىۋەتلىك بارلىق قابىلىيەت ئامىلىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىي تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق شەيئىلەرگە قارىتا ئىختىلاپلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى مەنىگە ئىگە قىلىپ، ئۆزى ۋە باشقىلار ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئىجادىي مەھسۇلات يارىتىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت. ئىنسانلارلا بولىدىكەن ئىجادىي پائالىيەت توختاپ قالمايدۇ. يېڭى شەيئىلەرگە ھەيران قېلىش، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىش بارلىق ئادەم تۇغۇلۇشىدىلا بار بولغان تەبىئىيلىكتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئىجادچانلىق ئادەملەرنىڭ ئورتاق تەبىئىيلىكى. شۇڭا، بىرەر مىللەتنىڭ پۈتۈنسۇرۇك ھالەتتە ئېرسىي جەھەتتىن تامامەن ئىجادچان ياكى ھۇرۇن بولۇشىغا ئىشەنمەيمىز. ئەگەر ئىشەنسەك، ئىنساننىڭ تەبىئىيلىكىنى ئىنكار قىلغان بولىمىز.

تەبىئىيكى، ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئوخشاشلا ئۆگەنگىلى بولىدىغان، لېكىن ئۆگەتكىلى بولمايدىغان ئالاھىدە ئىقتىداردۇر. سەۋەب شۇكى، ئادەملەرنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ياشىغان ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي مۇھىتى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىدىكى ئىنتايىن زۆرۈر خېمىرتۇرۇچلارنى ھاسىل قىلىدۇ. ئېرسىي جەھەتتىن نورمال بولغان بىر ئادەم تاشقى مۇھىت ـ تەربىيە تەسىرىدە يا ئۇنداق، يا مۇنداق تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل مۇھىت ئادەملەردىكى ئىجادىي كۈچكە زۆرۈر بولغان خاراكتېر، ئادەت، كۆز قاراش، مۇددىئا، ئەقلىي قابىلىيەت قاتارلىقلارنى يېتىلدۈرەلىسە، چوڭ بولغاندا ئىجادچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. تەربىيە پائالىيەتلىرىدە ئەگەر ئابرۇي ـ ئىناۋەتنى دەپ ئەركىن ئۆگىنىشنى چەكلەش، بالىلارنى پەقەت كۆرسەتمە بويىچىلا ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلاش، دەرسلىكنى تامامەن ئوقۇتقۇچىنىڭ بەلگىلىشىگە بويسۇندۇرۇش، مەسخىرىلىك پوزىتسىيىدە بولۇش، ئوقۇتقۇچىنىڭ جاھىللىقى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزگىچە ـ يېڭى قاراشلىرىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇش، نەتىجىگە زىيادە ئېسىلىۋېلىپ، يېڭى بايقاشقا سەل قاراش، بالىلارنى دائىمىي قائىدە ـ تەرتىپلەردىن ھالقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، دەل توغرا بولۇشقا بەك ئېسىلىۋېلىپ، پەقەت ئۆلچەملىك جاۋابنىلا ئىزدەش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىلا تەكىتلەش، پەقەت نەتىجىنىلا كۆزلەپ ئىلگىرىلىمەسلىك، غەلىتە مىجەزگە قارشى تۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشىمىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىۋېتىش، ئويۇن ئويناشقا رۇخسەت قىلماسلىق، دەرسلىكنىڭ

www.uyghurkitap.com

سىرتىدىن سوئال سورىشىغا ئىلھام بەرمەسلىك، پەرققە سەل قاراش قاتارلىق ئەھۋاللار ساقلانسا، ئائىلىسىدە تۇرمۇشى دائىم ھەسرەتتە ئۆتسە، خاتا ئائىلە تەربىيىسىدە چوڭ بولسا، قىزىقىش، تەشەببۇسكارلىق، ئىشەنچ كەم بولۇش، تايىنىۋېلىش، تەنقىدتىن قورقۇش، ئىرادىسىزلىك، يىراقنى كۆرەلمەسلىك، قۇرداشلىرى - تەڭتۇشلىرى ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ نامۇۋاپىق بېسىمىغا مۆمىنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ناتوغرا خاراكتېر يېتىلىپ قالىدۇ؛ يالغۇز تۇرۇشنى ياقتۇرماسلىق، جاھىللىق - قاتماللىق، ئەركىن - ئازادە ئويۇن ئوينىيالماسلىق، شۇ ھامان توغرا جاۋاب ئىزدەش، مەسىلىلەرگە تار نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراش، مەسىلىنىڭ تاشقى ئامىللىرى بىلەنلا بولدى قىلىش، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاپ بۈگۈننى قەدىرلىمەسلىك، ئىزدىنىش، تەسەۋۋۇرغا سەل قاراش، ستاتىستىكا نەتىجىلىرىگە بەك ئىشىنىپ كېتىش، بەك بالدۇر ھۆكۈم قىلىۋېتىش، تەييارلىققا بەك ئېسىلىۋېلىش، يېڭى مۇھىتقا تەييارلىقسىز كىرىپ ئۆزىنى سىناپ باقماسلىق، خىزمەت بىلەن ئويۇننى كەسكىن ئايرىۋېتىش، گۆدەك - ساددا خىياللارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ بەك ئېنىق، روشەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، گۇڭگا بولۇشىنى خالىماسلىق قاتارلىق ئادەتلەرگە كۆنۈپ كېتىدۇ؛ ھەر بىر ئىشتا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم كېرەك دەپ قاراش، دائىم ئەستايىدىل بولۇشنى، دىققەت قىلىشنى زۆرۈر دەپ قاراش، ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك دەپ قاراش، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك دەپ قاراش، جىنسىي پەرققە ئېسىلىۋېلىپ، قائىدە - تۈزۈملەردىن ھالقىشقا بولمايدۇ دەپ قاراش، ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشتە ئادەتتىن ھالقىشقا بولمايدۇ دەپ قاراش، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ دەپ قاراش، خاتا سېلىشتۇرۇش خاھىشى، ھەمكارلىشىش روھىنىڭ كەملىكى، ھەربىر نەرسىنى چوقۇم ئىشلىتىش كېرەك دەپ قاراش، ھوقۇق، ئابرۇيپەرەسلىك قىلىش قاتارلىق توغرا بولمىغان كۆز قاراش - مۇددىئا ئامىللىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە ئۆزىنى چۈشەنمەيدۇ؛ ئىپادىلەش ئىقتىدارى يېتەرسىز بولىدۇ. سەۋەب - نەتىجىنى، مەسىلىنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىنى، مەسىلە ھەل قىلىش لايىھىسىنىڭ ياخشى - ناچىرنى ئايرىشتا قىينىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باللاردا ئىجادىيەت قابىلىيىتى شەكىللەندۈرۈشكە زۆرۈر بولغان «ئوت» - قىزىقىشمۇ ئۆچكەن بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەمكارلىشىش - قوللاشنىڭ كەملىكى، چۈشىنىشنىڭ كەملىكى، بېكىنمىچىلىك، ئىجابىي تۇيغۇ ۋە كەيپىياتنىڭ كەملىكى، ماتېرىيالنىڭ كەملىكى، ۋاقىتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، دىققەت چېچىلىش، زىددىيەت توقۇنۇشى، لايىھىنى كۆپ مۇرەسسە قىلىش، دەرىجە مۇناسىۋىتى، بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇش، زىيادە رىقابەت، كۈچلۈك ئىنتىزام، زىيادە بىر خىل ئورتاق بولۇشنى تەكىتلەش قاتارلىق ماددىي، مەنىۋى ۋە كوللېكتىپ مۇھىت مەسىلىلىرى قوشۇلسا، باللارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى تەتۈرسىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. مەلۇمكى، ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە توسقۇن بولىدىغان مۇھىتنى كېيىن يەڭگۈشلىگىلى، تىرىشىپ ياراتقىلىمۇ بولىدۇ. ۋەھالەنكى خاراكتېر، ئادەت، كۆزقاراش، مۇددىئا قاتارلىق ئامىللار باللىق چېغىدىن باشلاپلا باللارنىڭ «قېنى» - گېنىدىن ئورۇن ئالمىسا، كېيىن ئۇنى يېتىلدۈرۈش تولىمۇ قىيىن بولىدۇ. ھەتتا مۇمكىن بولمايمۇ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى ئىجتىمائىي مۇھىتقا باغلىق بولۇپ، پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈش باللارنىڭ يېتىلىش جەريانىدىكى ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇھىت ھېسابلانغان مائارىپنىڭ تۈپكى نىشانى بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتىكى بىلىم ئىگىلىگە كېرەكلىك ساپاغا ئىگە - يەنى ۋۇجۇدى كۈچلۈك ھەۋەس، ئىزدىنىش روھىغا تولغان، دائىم يېڭىلىق يارىتىش ئىستىكىدە ئىش كۆرىدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى نىشانلىساق، مائارىپ ئىدىيىمىزگە قايتىدىن قاراپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 3

«دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي بۇرچى شەخسكە كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا، ئۇلارنى ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. دۆلەت بىزنىڭ خىزمەتكارىمىز بولۇشى كېرەككى، بىز دۆلەتنىڭ مالىيى بولماسلىقىمىز كېرەك» ⑪ .

- ئېينشتېين

ئىجادىيەت خاسلىق دېمەكتۇر، خاسلىق يەككىلىك دېمەكتۇر. بىز يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەر ئاساسىدا دۆلىتىمىز مائارىپىغا نەزەر سالساق، كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ. بىزنىڭ مائارىپىمىز ئۇزاقتىن بۇيان باللارنىڭ بۈگۈننى قەدىرلىمەي، ئىجادچانلىقنى ئىزچىل تونجۇقتۇرۇۋېكەلدى. بىز ھەدېسىلا «مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»دەپ تۇۋلىدۇق - يۇ، زامانغا لايىق ئادەم قانداق يېتىلىدۇ؟ ئۇنىڭدا قانداق خاراكتېر سۈپەتلىرى بولىدۇ؟ بىزگە قانداق مائارىپ كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەردىن يانداپ ئۆتۈپ كەتتۇق. دۆلىتىمىز مائارىپ ئىدىيىسىدىكى بىلىمنى كاللىغا قۇيۇپ قويۇش، ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش خاھىشلىرى تا بۈگۈنگىچە ئېغىر ھالدا ساقلاندى. 2003 - يىلى گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى تەكشۈرۈشتە مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ بىر سوتكىدىكى ئۇخلاش ۋاقتى يەتتە سائەتكىمۇ يەتمەيدىكەن. ھەر ئاخشىمى بەش سائەتتىن ئارتۇق تاپشۇرۇق ئىشلەيدىكەن. دەرستە ئاجىز بەزى باللار ھەتتا پەقەت ئۈچ سائەتلا ئۇخلىيالايدىكەن ⑫ . ئۇلار ئەنە شۇنداق توختىماي تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ - يۇ، ئىجادچانلىقى كەم. ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن بىلىمگە - كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمايدۇ. ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن.

ئېنىقلىنىشىچە، نۆۋەتتە جۇڭگو پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئاران 25% - 30 % ئەتراپىدا ئىكەن. 1996 - يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە دۇنيا بويىچە 7 - ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچى جەھەتتە 26 - ئورۇندا، پەن - تېخنىكا رىقابىتى جەھەتتە 28 - ئورۇندا تۇرغان. دۆلىتىمىز پەن تەتقىقات ۋە پاتېنت كۆرسەتكۈچى جەھەتتىكى خەلقئارا رىقابەتتە دۇنيا بويىچە 32 - ۋە 21 - ئورۇندا تۇرىدىكەن⑬ . 2005 - يىلىدىكى ئەڭ يېڭى مەلۇماتقا قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى دۇنيادىكى 49 ئاساسلىق

www.uyghurkitap.com

دۆلەت ئىچىدە 28 ـ ئورۇندا تۇرغان. ئاساسىي پاتېنت ھوقۇقى ۋە زۆرۈر پاتېنت ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسى قولىمىزدا بولمىغاچقا، دۆلىتىمىز كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك بولغان تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سېتىۋالىدىكەن: مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، دۆلىتىمىز ئويتېك تالا ياساش قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك، توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ياساش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ %85نى، نېفىت ـ خىمىيە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ % 80 نى، رەقەملىك كونترول قىلىنىدىغان ستانوكنىڭ %70 نى، داۋالاش ئەسلىھەلىرىنىڭ %95 نى ئىمپورت قىلىدىكەن[14] .

مەلۇمكى، كۇتۇپخانا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ كىتابقا ـ توغرىراقى بىلىمگە بولغان ھۆرمەت ۋە بىلىم ئىزدەش روھىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بەلگە. ھازىر ئامېرىكىدا 13 مىڭ ئادەمگە بىردىن، ئەنگلىيە ۋە كانادادا 10 مىڭ ئادەمگە بىردىن، گېرمانىيەدە 6600 ئادەمگە بىردىن، ئاۋستىرىيەدە 4000 ئادەمگە بىردىن، شۋېتسارىيەدە 3000 ئادەمگە بىردىن ئاممىۋى كۇتۇپخانا توغرا كېلىدىكەن. دۆلىتىمىزدە ھازىر ئاران 3000 ئاممىۋى كۇتۇپخانا بولۇپ، 460 مىڭ ئادەمگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن. بۇلاردىن 600 دىن ئارتۇق كۇتۇپخانىنىڭ يىلىغا بىر سىنتىمۇ كىتاب خىراجىتى يوق ئىكەن. ئاممىۋى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانغان بارلىق كىتاب دۆلىتىمىزدىكى ھەر بىر نوپۇسقا 0.27 پارچىدىن توغرا كېلىدىكەن. كىتابلارنىڭ يىللىق ئىشلىتىلىش نىسبىتى 0.4 قېتىم ئىكەن. دۆلىتىمىزدە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ دائىملىق كىنىشكىسى بار ئوقۇرمەن پەقەت 5 مىليون 820 مىڭ بولۇپ، دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ %0.47 ىگە توغرا كېلىدىكەن. بۇ نىسبەت ئەنگلىيەدە %58 ئىكەن، ئامېرىكىدا بولسا ئاھالىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ قولىدا بۇنداق كىنىشكا بار ئىكەن[15] . بۇ خىل پەرق ماھىيەتتە خەلقنىڭ بىلىمگە بولغان ھۆرمىتى ۋە بىلىم ئىزدەش روھى جەھەتتىكى پەرقتۇر. 1996 ـ يىلى دۆلەتلىك مەلۇم بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسى 16 مىڭ 350 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن يازمىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، «چاتاقتا يولۇققاندا قانداق قىلىسىز ؟» دېگەن سوئالغا %97 ئوقۇغۇچى: «ئاتا ـ ئانامنى ياكى ئوقۇتقۇچۇمنى ئىزدەيمەن»[16] دەپ جاۋاب بەرگەن.

تېخىمۇ يامان بولغىنى، دۆلىتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى ئىسلاھ قىلىنىشنى تەقەززا قىلىۋاتقان نامۇۋاپىق مائارىپ ئىدىيىسى تەسىرىدە سالامەتلىكى بىلەن خوشلىشىۋېتىپتۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، جۇڭگودا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ % 21ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ % 43.6ى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %66.5ى يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى ئىكەن[17] . مەلۇم بىر سىنىپتا، تولۇق ئوتتۇرىغا يېڭى كىرگەن 60 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 23نەپىرى يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلار بولۇپ، ئىككىنچى يىللىققا چىققاندا بۇ سان 33كە، ئوقۇش پۈتكۈزگىچە 49غا يەتكەن بولۇپ، %80تىن ئېشىپ كەتكەن[18] . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالىلارنىڭ تەن ئېغىرلىقى ۋە بويى ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىشى تۆۋەنلەۋېتىپتۇ. نۆۋەتتە، بەزى جايلاردىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %15 تىنىڭ چېچى چۈشۈپ تاقىرباش بوپقاپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىمۇ كۆرۈلۈۋېتىپتۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %13 ـ % 17ى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %30 ى پسىخىكا جەھەتتىن بىمار ھېسابلىنىدىكەن[19] .

دۆلىتىمىزدىكى ئىسلاھ قىلىنىش زۆرۈر بولغان، بىلىم ئىگىلىكى ۋە ساپا مائارىپىغا ماسلىشالمىغان خاتا مائارىپ قارىشى ئوقۇغۇچىلارغىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان دەرىجىدە زىيان سېلىۋېتىپتۇ. دۆلەت ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى تېما گۇرۇپپىسى مەملىكىتىمىزدىكى 14 رايوندىكى 168 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن 2292 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، % 52.23 ئوقۇتقۇچىدا پسىخىك مەسىلە بار بولۇپ چىققان. مۇتەخەسسىسلەر خىزمەتنىڭ زىيادە ئېغىرلىقى، پسىخىك بېسىمنىڭ زورلۇقى، ناتوغرا باھالاش تۈزۈمى بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب دەپ يەكۈن چىقارغان. بەزى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن %80ى يۇتقۇنچاق ياللۇغىغا، %30 ئەتراپىدىكىسى ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرى كېسەللىكلىرىگە، %22 ئەتراپىدىكىسى بويۇن، دۈمبە، بەل ئومۇرتقا كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، مېڭە ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى، نېرۋا ئاجىزلىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىق كېسەللىكلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان سېلىۋېتىپتۇ[20] . %37 ئوقۇتقۇچىنىڭ كۈندىلىك خىزمەت مىقدارى سەككىز سائەتتىن ئېشىپ كەتكەن. %86.7 ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتىنى «دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈشكە، ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش» دەپ قارايدىكەن[21] . ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئېنېرگىيىسىنى بىھۇدە خورىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك دەقىقىلىرىنى تولىمۇ بىر تەرەپلىمە ھالدا مەشىقلەندۈرۈشكىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىنمىغان ـ بىر تەرەپلىمە مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان، «ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى»، «شام ـ چىراغ» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان ئۇستازلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان بۇنداق ھالەت ھەربىرىمىزنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

## 4

«ئەنئەنىگە سەل قاراش ئەخمەقانىلىقتۇر. بىراق، ئاڭلىقلىقىمىز ۋە ئەقلىي كۈچىمىزنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەنئەنىنى چەكلىشىمىز، ئۇنىڭغا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز لازىم. بىز ئۆزىمىز قوبۇل قىلىۋاتقان ئەنئەنىنىڭ قايسىسىنىڭ بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە زىيان سېلىۋاتقانلىقىنى تىرىشىپ تونۇشىمىز كېرەك.» [22]

ـ ئېينىشتېين

دۆلىتىمىز شەرقتىكى بىر قەدەر بالدۇر قۇللۇق تۈزۈم ئورناتقان، يېزىق ئىجاد قىلغان، مەكتەپ مائارىپى بارلىققا كەلگەن

دۆلەت. دۆلىتىمىز مىلادىيىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنلا فېئوداللىق جەمئى-
يەتكە كىرگەن. غەربىي ياۋروپادىكى قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى دۆلەت-
لەر ئۇنىڭدىن مىڭ يىلچە كېيىن فېئوداللىق دەۋرنىڭ پەردىسىنى
ئاچقانىدى. قەدىمكى جۇڭگودا بەشەرىي ئىلىمنى ئىجتىمائىي پەن-
لەرگە قوشۇپ ھاكىمىيەت ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇرۇش، يېڭى ئى-
دىيىلەرنى چەكلەش سەۋەبىدىن ھەقىقىي مەنىدىكى دىن شەكىللەن-
مىگەن. شۇڭا، جۇڭگو جەمئىيىتى دىنىدىن خالىي تەرەققىي قىلغان.
ھېچقانداق بىر دىن ھاكىمىيەت تۈسىنى ئالالمىغان. جۇڭگودا يارى-
لىش رىۋايىتى يوق. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ياراتقۇچى مەۋجۇد ئەمەس.
خۇدا ياكى ئاخىرقى سەۋەب ( 终极起因 ) يوق. تەبىئەتتىن، ئا-
لەمدىن ھالقىغان مەۋجۇدلۇق يوق. دۇنيا ۋە ئادەمنى خۇدا يارات-
مىغان. بۇ خىل ئەھۋال قەدىمقى مىللەتلەر ياكى ھازىرقى مىللەتلەردە
بولسۇن بىردىنبىر ئەھۋالدۇر (موتې) (F. W. Mote)㉓ . دېمەك،
جۇڭگودا دىنىنىڭ چەكلىشى بولمىغان. بىراق، دۆلىتىمىز زامانىۋىلى-
شىش، تەرەققىيات مەسىلىسىدە غەربتىن كېيىن قالدى. مائارىپ ئىدى-
يىسىنى تا بۈگۈنگىچە زامانىۋى مەنىگە تولۇق ئىگە قىلىپ بولالمىدى.
بۇ، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېس-
سىغا باي ھەر بىر جۇڭگو پۇقراسىنىڭ قەلبىدىكى ئۆكۈنۈش بولۇشى
كېرەك. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندىلا، بۈگۈنكى تۇرمۇشنىڭ قەدىر-
قىممىتىنى چۈشەنگىلى، كەلگۈسى ئۈچۈن توغرا تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە
تاپقىلى بولىدۇ.

قوۋمنىڭ ئېڭىدىكى قوللاش ۋە يېتەكلەش پەن-تېخنىكا ۋە
ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئالدىنقى شەرت ۋە ئۇلدىن ئىبارەت. بىز
پۇقرالىرى بېيىۋاتقان جۇڭگونىڭ پۇقراسى بولغانلىقىدىنلا ئەمەس،
ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ دۇنيا ئەللىرى نەزەرىدە كۆنسايىن يارقىنلىشىۋات-
قانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز. شۇنداقلا، كەلگۈسىگە چەبدەس ئىلگىرىلەش
ئۈچۈن ئۇنىڭ تەپەككۇر ئېتىزىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىجادچانلىقى،
پائالىيەتچانلىقى، ئىنتىلىشچانلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان ئىدىيە-مەن-
بەلەرنى ئىمكانقەدەر تولۇق چۈشىنىپ، تارىختىكى ساۋاقلارنى بىلىشنى
ئىزدەيمىز. ھالبۇكى بۇنداق ساۋاقلارنى ئىزدەش مۇشكۇل، ئوتتۇرىغا
قويۇش تارتىنىشلىق ئىش بولغاچقا، ئىلگىرىكى مۇئەللىپلەرنىڭ باياي-
لىرىنى رەتلەش تەرىقىسىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇبھىسىزكى، جۇڭگو ھەزارەت ئەنئەنىسىنىڭ يىلتىزى كۇڭزىچى-
لىق. كۇڭزى (م ب 479 ـ 551) ئىدىيىسى جۇڭگو ھەزارەت ئەنئەن-
سىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ مائا-
رىپ ئەنئەنىسىنىڭمۇ ئاساسى بولۇپ، مائارىپنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى
تەشكىل قىلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 500-يىللار ئەتراپىدا دۇنيادىكى
ئوخشىمىغان ئەللەرنىڭ ئىدىيە قارىشىدا دىنىي ئاڭ ئۈستۈنلۈكنى ئە-
گىلىگەن مەزگىللەر بولۇپ، دەل مۇشۇ مەزگىلدە كۇڭزى ئىدىيىسى
جۇڭگو تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەم ئۇنىڭ تەسىرىدىن بىرەر
دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە تارقىلىپ جەمئىيەتنىڭ يېتەكچى ئېڭىغا
ئايلىنىشىغا مۇمكىن بولمىغان. جۇڭگودا كۇڭزىچىلىقتىن باشقا دۆلەتنى
قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان قانۇنچىلار
( 法家 ) ئېقىممۇ بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېقىمى چىن
سۇلالىسى دەۋرىدە رىقابەتكە دۇچ كەلگەن. چىن شىخۇاڭ قانۇنچىلار
تەلىماتىدىن پايدىلىنىپ يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. تۈرلۈك ئىجـ-
تىمائىي ئەسلىھەلەرنى ياساتقان. دۆلەتنى مۇكەممەل بولغان مەمۇرىي
بىرلىكلەرگە ئايرىغان. شۇنداقلا كۇڭزىچى ئالىملارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەلنى
ئىدارە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشى، كونىنى تىرىلدۈرۈشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۈچۈن، كۇڭزىچىلارنىڭ ئېتىكا ۋە سىياسىيغا ئائىت كىتابلىرىنى
كۆيدۈرگۈزگەن. 460 نەپەر كۇڭزىچى ئالىمنى تىرىك كۆمۈۋەتكەن㉔ .
بىراق، سىياسىي ئىدىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كۇڭزىچىلارنىڭ تۈپ
تەلىماتى ئەنئەنىنى ساقلاش ( 保守 ) بولۇپ، كۇڭزى ھازىرقى-
نۆۋەتتىكى جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە زىيان
سېلىشنى ئويلىمىغان. ئۇ پەقەت «پادىشاھ پادىشاھ بولۇش، ۋەزىر
ۋەزىر بولۇش، دادا دادا بولۇش، بالا بالا بولۇش»نى تەشەببۇس
قىلغان㉕ . ئۇلارنىڭ بۇنداق تەشەببۇسلىرى خانلىقنىڭ كۆڭلىگە ياق-
قاچقا، خەن سۇلالىسىگە كەلگەندە قانۇنچىلار ئېقىمى زاۋاللىققا يۈزلە-
نىپ، كۇڭزىچىلىق قايتىدىن تىرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۇڭزى تە-
لىماتى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتىرىگە ئايلانغان.
دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ۋە
دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى يو-
قاتقان ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەن. بىراق جۇڭگودا فېئوداللىق ئەمر-
مەرۇپ، نەسەپ-ئەھكام، قائىدە-يوسۇن ۋە دەرىجە تۈزۈمى ھە-
دەپ تەشۋىق قىلىنىدىغان، شەخسنىڭ ئائىلە، ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە
جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتى تەكىتلىنىدىغان، ھوقۇق ۋە نوپۇز
ئالدىدا ئۆزىنى ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلايدىغان جەمئىيەت ئەندىزى-
سى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ بارغان㉖ . ئېتىراپ قىلماي تۇرال-
مايمىزكى، كۇڭزى ھەزارىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە، بولۇپمۇ خەنزۇ
خەلقىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئۇيۇشۇش كۈچى ئاتا قىلغان. بىراق، كې-
يىنكى مەزگىللەردە كۇڭزىنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى مۇتلەق قانۇن ھې-
سابىدا ئومۇملىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەپەككۇر قىلىشى چەكلىمىگە
ئۇچرىغان. يازغۇچى جۇتاۋمۇ ئىنتايىن سەممىي قىلىپ: «بىز (خەن-
زۇلار)نىڭ مەدەنىيىتىمىزدە مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى، باشقىلاردىن
پايدىلىنىش مىجەزى، سەممىي بولمىغان نەرسىلەر، ئىنسان تەبىئىتىگە
يات نەرسىلەر بەك كۆپ»㉗ دەيدۇ. ئەمما، رەن يۈنفېي ئەپەندى
ئېيتقاندەك: «بىز ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىيلە-
كىگە نىسبەتەن ياخشى-يامانىنى ئايرىمايلا ئىلغارلىق ھېسسىياتىدا
بولدۇق. شۈبھىسىزلا پەخىرلەندۇق»㉘ . جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مە-
دەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ تەسىرى تا ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ، ما-
ئارىپ ئىدىيىمىزگىمۇ سىڭىپ كەتتى.

جۇڭگو ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ئەخلاقچىلىق-مورالىزم( 道德主义 )
كەڭ ئەۋج ئالغان جەمئىيەت بولۇپ، ھەر قانداق شەخسنىڭ سۆزى ۋە
ھەرىكىتى ئەخلاق قىممىتىنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىگە ئۇچرايدۇ. تا-
رىختىكى ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارغا يانتاياق بولۇپ پۇقرا ئۈچۈن ئە-
دەب-قائىدە تۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى خۇشھال يۈرىدىغان زىيالىيلار

ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا باھا بېرىشكە، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ئۆلچەملەرنى قوبۇل قىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن㉙ . كۇڭزىچىلار دەسلەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئاتا بىلەن بالا، ئەر بىلەن ئايال، ئاكا بىلەن ئۇكا ئارىسىدىكى ئۆزگەرمەس مۇناسىۋەت ـ «ئۈچ ئەركان» （三纲）غا يىغىنچاقلىغان. كېيىن بۇنىڭغا پادىشاھ بىلەن چۆرە، دوستلار ئارىسىدىكى ئەخلاق مۇناسىۋىتى قوشۇلغان. بۇنى فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنى ساقلاشنىڭ ئەخلاق مىزانى قىلغان. ئۇلار ئەخلاقنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان بولۇپ، ئومۇمىي قاراشلىرىدىن ئىللىقلىق، ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنى تارقىتىش ۋە قوبۇل قىلىشقىمۇ كۆپ قۇلايلىق ياراتقان. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇزاق زاماندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى كونترول قىلىپ كەلگەن㉚ .

جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئەخلاق قىممىتىگە يىغىنچاقلىغان. كۇڭزىچىلار ئىدىيىسىدە مېھرىبانلىق （仁慈. 仁）، ھەققانىيەت （正义. 义）، قائىدە ـ يوسۇن （礼仪. 礼）، بىلىم （学识 . 智囊团）، سادىقلىق （信义 . 信） مۇھىم ئەخلاق نورمىسى ـ «بەش ئەھكام» （五伦） دەپ قارالغان. كۇڭزىچىلار يىغىنچاقلاپ سىستېمىلاشتۇرۇپ چىققان بۇنداق ئەخلاق ئۆلچەملىرى قارىماققا نىسپىيدەك، بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىكتەك، پادىشاھ، ئاتا، ئەر، خوجايىن قاتارلىقلار مېھرىبان، ئادىل بولمىسا، پۇقرا، ئايال، قۇل سادىق بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. دەرۋەقە، كۇڭزى ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلدارلىق ھوقۇقى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە يەنە توغرا ئەخلاق پرىنسىپى ئاساسىدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش كېرەك دەپ قارىغان. ئۇمۇ پلاتونغا ئوخشاش، پادىشاھ دانىشمەن （贤人） بولۇشى كېرەك، پادىشاھلار سەممىي （诚实）، ئادىل، پىداكار （忠诚）، شاپائەتچى （恩惠） ۋە مېھرىبان （仁爱） قاتارلىق بەش خىل گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولسا، دانىشمەن سانىلىدۇ㉛ دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىلىرى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش جەريانىدا بارا ـ بارا بۇرمىلىنىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاجىز تەرەپنىڭ سادىق ـ ۋاپادارلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئائىلىنى بىرلىك قىلغان يوسۇن مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئەخلاق قىممىتى مۇقىملىشىش، مۇتلەقلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۆرلۈك مۇناسىۋەتتە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مۇتلەق بويسۇنۇش ياكى ئۇنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى مۇتلەق قوغداش، ئۇنىڭغا مۇتلەق ئەگىشىشتەك ئەخلاق مەجبۇرىيىتى تەلەپ قىلىنغان㉜ . كۇڭزىنىڭ.

«بەگلەر خۇلقى شامالدۇر،
پۇقرا خۇلقى گىياھتۇر.
شامال ئۇچسا قايانغا،
گىياھ شۇيان ياتاردۇر»㉝

دېگەن شېئىرى بۇنداق شىرشىم نوپۇز قارىشىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ماھىيەتتە دەرىجە جەمئىيىتى بولۇپ، لى جۇڭخۇا ئەپەندىنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە كىشىلەرنىڭ قاتلام پەرقى مۇنداق تۆت چوڭ سىستېمىغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، جەمئىيەتتىن ھالقىغان قاتلام سىستېمىسى: پادىشاھ، قانۇنلۇق ۋارىسلار (ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى)، خانلىقنى قانۇنسىز تارتىۋالغانلار (خاننىڭ ھەرەمئاغىسى، خاننىڭ شىرەم تۇغقانلىرى)، سۇلالىنى ئۆزگەرتىپ قۇرغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

ئىككىنچى، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى سىستېما: بۇ مەخسۇس ئەمەلدارلار سىستېمىسى بولۇپ، مىلىتارىستلار، زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ قانۇنسىز ياشايدىغانلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

ئۈچىنچى، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىدىكى سىستېما: ئىمتىھان ئارقىلىق تاللانغان زىيالىيلار، يەر ئىگىلىرى ـ زېمىندار پومېشچىكلار، يېزا مۆتىۋەرلىرى، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى، ئوفىتسېرلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

تۆتىنچى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى سىستېما: ئەمەلدار بولالماي رايى قايتقانلار؛ دېھقان، ئىشچى، يايمىچىلار سىستېمىسى، ئىشسىزلار (پاھىشىلەر، قاچقۇن جىنايەتچىلەر)؛ ئەسكەرلەر، باندىتلار، ئاققۇنلار㉞ .

كۆرۈشكە بولىدۇكى، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرى بىر چوڭ ئالاھىدە قاتلام سىستېمىسى ئىچىدە تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھوقۇقىمۇ چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا، جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ھەقىقەت ئاسان تىلغا ئالغىلى بولىدىغان نەرسە بولماي كەلگەن. ئۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان «يوسۇن» ۋە «ئەدەب»لەر ئارىسىدا پانىيلارغا مەنسۇپ بولمىغان㉟ . يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تالمۇد» (بۈيۈك ھەقىقەت)تە: «پادىشاھ دۆلەت زېمىنىنىڭ سودىيىسى. بىراق ئەقىللىق ئادەملەر پادىشاھنىڭ سودىيىسى» ㊱ دېيىلگەن. يەھۇدىيلارنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرى قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان. مۇسا پەيغەمبەر قانۇن چىقارغۇچى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيسانى ئېتىراپ قىلماسلىقى ئۇنىڭ زىيادە يۇمشاقباشلىقنى تەكىتلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ھالبۇكى، كونا جۇڭگودا «ئەڭ ياخشىسى سىڭگەن نېنىڭنى يە» دەيدىغان ھايات پەلسەپىسى تېپىك جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ھايات پەلسەپىسى بوپقالغان. بۇنداق فېئودال ـ مۇستەبىت جەمئىيەتتىكى چوڭ بىردەكلىك ۋە زىيادە مۇقىم قۇرۇلما ئەمەلدارلار（统治者）نىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىسىنى ھېچقانداق توسالغۇسىز سىڭدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان. غەيرىي پىكىردىكىلەر ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان.

كۇڭزى: «ئۆزۈڭ خالىمىغاننى ئۆزگىگە تاڭما» دېگەن㊲ بولسىمۇ، كونىچە مائارىپ بۇنداق فېئودال جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا مۇستەبىتلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان. مائارىپتىكى زور كۆپچىلىك ئوقۇمۇشلۇق ئادەم （士人）لەر پادىشاھنىڭ قۇللاشقان ئاممىسىنىڭ ئىشىغا يۈزلەنگەن㊳ . فېئودال ـ مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدىكى مائارىپ مەقسىتى ئەمەلىيەتتە ئىتائەتچان （百依百顺） قۇل （奴才）، گەپ ئاڭلايدىغان، سادىق، ياۋاش پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈش بولغان. فېئودال ـ مۇستەبىت تۈزۈمگە نىسبەتەن ھېچقانداق گۇماندا بولۇشقا يول قويۇلمىغان. ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئاقىلانە （理性） ئىدىيە دېگەنلەردىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان㊴ . بۇنداق ئەخلاق قارىشى تەسىرىدە مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ شەخسنى

ياخشى ـ يامان دەپ پەرقلەندۈرۈش ۋە تاللاشتىكى تاللاش ـ تاللاش ماشىنىسى بوپقالغان. ھەر بىر شەخس ئاشۇ مېخانىزم ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاشقا، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى رېئاللاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

يۇقىرىقىدەك «مۇتلەق بويسۇنۇش = ئەخلاق» دەيدىغان ئەخلاق قارىشى مۇتلەقلەشكەنلىكتىن، ئەنئەنىۋى ـ كونىچە جۇڭگو مەدەنىيىتى شەخسنى ئەخلاق ئېستېتىكىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئەخلاق قارىشى تەسىرىدە مائارىپتا ئەخلاقىي تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى نەتىجىسى ئەڭ قىممەتلىك نەتىجە دەپ قارالغان. شۇنداق قىلىپ، مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى ئاتا بىلەن بالا يېقىن بولۇش（父子有亲）، پادىشاھ بىلەن قۇل مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش（君臣有义）، ئەر ـ ئاياللار پەرقلىق بولۇش（夫妇有别）، چوڭ ـ كىچىكلەر ئارا تەرتىپ بولۇش（长幼有序）، دوستلار ئارا ئىشەنچ بولۇش（朋友有信）قاتارلىق پاترىئارخاللىق ئەدەب ـ ئەخلاق نورمىلىرى ـ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئۆلچەملىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ھەممەيلەننى توغرا ھەرىكەتنى بىلىدىغان، جەمئىيەتتە ياخشى ئادىتى بولغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش بوپقالغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مائارىپ ئەدەب ـ ئەخلاق نورمىلىرىنى چۈشەندۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلغان ㊵. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى كۆرسەتكەندەك: «پەزىلەت ئىنسان سۈپەتلىرىنىڭ تاجى بولۇپ، ئۇ ئەقىلنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. ئەقىل ئاساسىنى يوقاتقان پەزىلەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئەقىل ھۆرمەت قىلىنغان جەمئىيەتتە ساغلام كەيپىيات ھۆكۈم سۈرىدۇ. كىشىلەردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار جۇش ئۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ» ㊶ . ھالبۇكى، ئەقىل ۋە ئاقىلغا بولغان ھۆرمەتتىن مۇستەسنا مەۋجۇد بولغان بۇ خىل ئەخلاقمۇ كۈنسايىن چىرىپ بارغان.

كۆڭزىچىلارنىڭ دەرىجىلىك ئەخلاق قارىشى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىدە تولۇق ئەكس ئەتكەن. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن چوڭلار (ئاتا، پادىشاھ، ئەر)نىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن. ئوقۇغۇچى مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلام بولۇپ، ئۇلار بۇ سىستېمىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئارىستوتېل: «بىز ئوقۇتقۇچىنى قەدىرلەيمىز، ئوقۇتقۇچىدىن بەكرەك ھەقىقەتنى قەدىرلەيمىز»㊷ دېگەن . جۇڭگودا بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان. «ئەدەبنامە（礼记، 学记）» ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە يېزىلغان جۇڭگونىڭ مائارىپ، ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە دائىر ئەڭ بۇرۇنقى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭزىنىڭ مائارىپ تەجرىبىلىرى، نەزەرىيە ـ قاراشلىرى خۇلاسىلەنگەن. ئەسەردە: «ئوقۇتقۇچى بولغاندا ئاندىن كاتتىلاردىن بولغىلى بولىدۇ، كاتتىلاردىن بولغاندا ئاندىن پادىشاھ (ئەرباب، ئېسىلزادە) بولغىلى بولىدۇ» ㊸ دېيىلگەن. بۇ يەردە، ئوقۇتقۇچى بولۇش كاتتىلاردىن بولۇش ۋە ئېسىلزادە بولۇشنىڭ شەرتى قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى بىلەن چوڭ ـ كىچىكلەر، پادىشاھ ۋە قۇللار مۇناسىۋىتى تۇتاشتۇرۇلغان. ئوقۇتقۇچىلار ئورنى يۇقىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر، خوجايىن، ئوقۇغۇچىلار ئورنى تۆۋەن، مالاي، كەمسىتىلىدىغان ئادەم بولغان. ئوقۇتقۇچىلارنى قاتتىق ھۆرمەتلەش（师严道尊）قىل سىغماس ھەققانىيلىق ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى سۇنئىيلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر، مائارىپشۇناس شۇنزى (م ب 288 ـ 313) مۇنداق دېگەن: «سۆزلىگەن، ئەمما مۇئەللىمنى ماختىمىغان ـ ئۇنى رازى قىلمىغان ئوقۇغۇچى خائىندۇر، ئۆگەنگەن، ئەمما مۇئەللىمنى ماختىمىغان ـ ئۇنى رازى قىلمىغان ئوقۇغۇچى ۋاپاسىزدۇر، خائىن، ۋاپاسىز ئادەم ئېسىلزادىلەر قاتارىغا كىرەلمەيدۇ ㊹ . شۇنزى بۇ سۆزى ئارقىلىق مۇئەللىمنىڭ ھوقۇق نوپۇزىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەن.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋر مائارىپىدا ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنى ئەنە شۇنداق تۆۋەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئۆگىنىشلا بولۇپ، قوغدىلىنىش ھوقۇقى بولمىغان. ئۇلار پەقەت قورالغىلا ئوخشاپ قالغان. ئۇلار چوقۇم بىلىمنى مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى مېڭىسىگە قۇيۇپ قويۇشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغان. كۆڭزى ئىدىيىسىدە دوستلار چوقۇم پىكىرداش بولۇشى كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلغاچقا، يېقىن دوستلار ئارا مۇنازىرىلىشىشمۇ ئەدەبسىزلىك بوپقالغان. ئەركىن ـ ئىختىيارىي سوئال سورىيالمىغان. ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى، بولۇپمۇ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ كلاسسىك دەستۇرلىرىنى شەرتسىز يادلاتقۇزۇش ئۆگىنىشنىڭ بىردىنبىر شەكلى بوپقالغان ㊺ .

كۆڭزى قول سانائەت تېخنىكىسى ياكى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى تارقاتقۇچى ئەمەس. ئۇنىڭ تەربىيىلىمەكچى بولغىنى دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئەمگەكچىلەر ئەمەس، ئادەم باشقۇرىدىغان سىياسىي ئىختىساسلىقلار بولۇپ، مائارىپ پائالىيىتىدە پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئېغىر دەرىجىدە سەل قارىغان. ئۇ تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەشنى تەكىتلىمىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامەلدارنىڭ ئىشى پەقەت ئىش تەقسىملەش، ئىشلەپچىقىرىش بولسا پۇقرانىڭ ئىشى. ئۇ ھەتتا شاگىرتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىگە قەتئىي قارشى تۇرغان ㊻ . جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋر مائارىپىدا ھۆكۈمدارنىڭ سىياسىي ئېڭى بىردىنبىر مەركىزىي ئورۇنغا ئۆتكەچكە، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان گۇرۇھنىڭ ئېڭىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. كۆپ گۇرۇھ بولماسلىق، ئوخشاشلاشتۇرۇش ـ غەيرىيلىرىنى يوقىتىش، كۆڭلى تار بولۇشلار تەسىرىدە مائارىپ ساھەسى پۈتۈنلەي رەزىل ۋە قاراڭغۇ سىياسىي ئېقىمنىڭ كۆپەيتمە نۇسخىسى بوپقالغان ㊼ .

جۇڭگو ئەنئەنىۋى مائارىپىنىڭ بىر ئەۋزەللىكى سۈپىتىدە كېجۇ تۈزۈمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەك. چۈنكى ئىمتىھان ئىشلىرىدىكى ئايرىم ساختىلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جۇڭگو تارىخىدا ئالدىنقىلار قالدۇرغان ھوقۇققا، مال ـ مۈلۈككە كېيىنكىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ھال كۆڭزىچىلارنىڭ «ئۆگىنىپ ئەمەلدار بولۇش» ئېڭىنىڭ بېشارىتى. جۇڭگودا ئەمەلدار بولۇشتا ئۆگىنىش ۋە ئەخلاقىي مىزانلارنى ئەمەلىيەتتە ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئادەمنىڭ ئىچكى روھىي ھالىتى ھەم تاشقى ھەرىكەت ھالىتى تەڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەن بولۇپ، بىلىملىك بولۇشتىن باشقا، چىقىشقاق، كەمتەر بولۇش قاتارلىق بەلگىلەر كېجۇ ئىمتىھانى ئارقىلىق ئەمەلدار تاللاش ئەھۋالىدىمۇ مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان. بىراق، بۇ

يەردە دېيىلگەن ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنىڭ بىردەكلىكى (学以致用) بىلىمنىڭ ئەمەلىي رولى ياكى ئەمەلىي ئۈنۈمىنى قوغلىشىش ئەمەس، ئەكسىچە، شەخسنىڭ تەربىيىلىنىشى. يەنى قائىدە ـ يوسۇن ئۆلچەملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا رېئاللاشتۇرۇش. بۇ خىل ئەھۋال مەلۇم مەنىدىن توغرىدەك قىلىسمۇ، ھەقىقىي بىلىمدار زىيالىيلار خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدا ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن خان بىلەن بىردەك بولمىغان قاراشلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال، ياخشى ئۆگەنگەن ئادەم ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن تەر تۆكەلمەي، پەقەت خانىنىڭ نەزەرىگە چۈشكەنلەرلا ئىمتىھاندىن تاللىنىپ، ئەمەلدار بولۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. نەتىجىدە، پەقەت ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن ئوقۇش ئېكى مائارىپقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەقلىي تەربىيە قارىشى ئوقۇتۇش شەكلىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. چۈنكى، بىرى، بالىلار چوڭلارنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان، ئىقتىدارسىز، پەقەتلا قوبۇل قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، چوڭلار ئۇلارغا ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتۇش، ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە مۇمكىنچىلىكنى ئىگىلىتىشكە ئەمەس، بىلىم، ئىقتىدار، قاراش، ھەرىكەت، قىممەت، ئىشەنچ قاتارلىقلارنى ئۇلارغا ئۆگىتىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

كۇڭزىنىڭ قارىشىچە، ئۆگىنىش پەقەت ئەمەلدار بولۇشنىڭ تەييارلىقى ۋە زۆرۈر شەرتى بولۇپ، ئۆگىنىش مەرتىۋىسى ئۆرلەشنىڭ پەلەمپىيى ۋە قورالىدۇر[48] . كۇڭزى گەرچە ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىسىمۇ، بىراق ئۆگىنىپ ئەمەلدار بولۇش پەقەت ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئەنئەنىۋى جۇڭگو مائارىپىدا بىلىم يەتكۈزۈش، ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئوقۇتۇش نىشانى قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن دەرسخانا ئوقۇتۇشى تەبىئىيلا ئىمتىھان مەزمۇنلىرىنى مەشىق قىلىشقا ئۆزگىرىپ، بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىشىغا ياردەم بېرىش تاشلىنىپ قالغان. گەرچە، ئوقۇغۇچىلار جاپا چەكسىمۇ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە قاچىلانغىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئەمەس، ئۇششاق ـ تۈششەك بىلىم بولغان. دەرسلىك كونا، ئوقۇتۇش كەيپىياتى جانسىز، ئىمتىھان ئۆلۈك بولغان [49] .

جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى بىر پۈتۈن مەدەنىيەتتە ئەكس ئەتكەن كوللېكتىپ ئالىي ۋە كوللېكتىپ روھ بولۇپ، بۇ خىل قاراش بويىچە شەخس، ئائىلە، دۆلەت قاتارلىق ئىجتىمائىي توردا ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى بولىدۇ. بۇ، شەخس مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئاساسى. بۇنداق ئالىي كۇڭزىنىڭ «ئەۋلىيالىق تەلىماتى (圣人说) دىن باشلىنىدۇ. كۇڭزىچىلار گەرچە ئالەم (天)، يەر، ئادەم ھەققىدە سۆزلىگەن بولىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دېگىنى كونكرېت شەخس ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ ئادەم [50] بولۇپ، كۇڭزىچىلار ئىدىيىسىدە ئادەمنىڭ شەخس قىممىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە قوشۇۋېتىلگەن. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى، ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە بويسۇنۇشى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. شۇڭا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئادەملەر ھەمىشە «ئىجتىمائىي ھايۋان» قاتارىدا قارالغان. ئادەمنىڭ قىممىتى ئاساسىي جەھەتتىن تۈركۈم (类)نىڭ قىممىتى دەپ قارالغان. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ خىل قاراش ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، تار مەنىدىن ئالغاندا، چۈشەنچىلەر تۇتۇقلىشىپ قېلىپ، كونكرېت مەزمۇنى تاشلىنىۋېتىلگەن [51] . جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇنداق توتالىزم ـ پۈتۈنلۈكچىلىك (全体主义) تەسىرىدە، جۇڭگو مائارىپىدا پەقەت ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماسلىشىشىغا ئېتىبار بېرىپ، ئىجتىمائىي بىرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەنئەنە قېلىپلاشقان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى مائارىپ مەقسىتى ھەققىدىكى قاراش جەمئىيەتنىڭ چوڭ بىرلىكى ۋە مۇقىم قۇرۇلمىسى ئۈچۈن شەخسنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشقا مايىل بولۇپ، تەربىيىلەنگۈچىلەردە ئەركىن دېموكراتىيە ۋە گۇمان، تەنقىدىي روھ بولالمىغان [52] . كۇڭزى دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو مائارىپىدا مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا ھالدىكى مەكتەپ ئېچىش ھوقۇقى ئەزەلدىن بولمىغان [53] .

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتىدە ھەممە ئادەم بىر قېلىپتا بولۇش، نوپۇزغا ساداقەتمەن بولۇش ـ يەنى شىرشىم نوپۇزلۇق بولۇش نەزەرىيىسى چوڭقۇر بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى كەلگەندە تەرىقەتچىلەر (理学家) بۇ خىل ئاڭنى شەپقەتسىزلىك (无情)، ئىستەكسىزلىك (无欲)، ئۆزلۈكسىز (无我) قاتارلىق ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرگە كونكرېتلاشتۇرغان. تەرىقەتچىلەر قەلب (心灵)نى سۈزۈك ئەينەككە سېلىشتۇرۇپ، شەخسىي ئارزۇنى ئەينەك يۈزىدىكى داغ دەپ قاراپ، «ئوبيېكتىپ ئەخلاقىي قائىدىلەرلا مەۋجۇد بولۇش، ئادەمنىڭ ئارزۇسىنى يوقىتىش (欲存天理 , 灭人)نى تەشەببۇس قىلىپ، ساختا رېئاللىققا قاراپ ماڭغان. تەشەببۇسچىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز تەشەببۇسىنى رېئاللاشتۇرۇشقا، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغان. ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردىمۇ ئاۋارىچىلىككە يولۇققان [54] . تەرىقەتچىلەرنىڭ بۇ خىل قارىشى كۇڭزىچىلارنىڭ مېھرىبان بولۇش تەشەببۇسى بىلەن زىتتەك تۇرسىمۇ، ئۆزلۈكنى يوقىتىشتەك ئومۇمىي مۇددىئاغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شەخس بۇرمىلانغان بۇنداق قاراش تۈرلۈك ۋاستە بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ئىنسان تەبىئىتىنى «شەپقەتسىزلىك، ئىستەكسىزلىك، ئۆزلۈكسىزلىك»كە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنداق قىممەت قاراش تەسىرىدە ئەنئەنىۋى ـ كونىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى شەخسنى ئىجتىمائىي توپقا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەخسنىڭ تەلىپىنى بېسىش، تەربىيىلەنگۈچىلەرنى جەمئىيەتكە بويسۇندۇرۇش بوپقالغان [55] . جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە شەخس ئارزۇسى ئەنە شۇنداق «سۈزۈك ئەينەك يۈزىدىكى داغ» بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغاچقا، ئادەملەر ئۆزى ئويلىغىنى بويىچە پىكىر قىلالمىغان. «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساپا مائارىپى» دېگەن كىتابى بىلەن داڭق چىقارغان مائارىپ پەنلىرى دوكتورى خۇاڭ چۈەنيۈ ئەپەندى: «جۇڭگو مائارىپى ئادەم ھەرىكىتىنى ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن مۇستەقىل ھەرىكەت ۋە رول ھەرىكىتى دەپ ئىككىگە بۆلگەن بولۇپ، رولدىكى ھەرىكەتكە ئىلھام بېرىپ، مۇستەقىل ھەرىكەتنى چەكلەيدۇ»، [56] دەپ يازىدۇ. مۇستەقىل ھەرىكەتنى چەكلەپ، رولدىكى ھەرىكەتكە ئىلھام بېرىشلەر نەتىجىسىدە بالىلار شەكىلۋازلىققا ئادەتلىنىپ، ئۇلاردىكى پىكرىي مۇستەقىللىق، ئىجادچانلىق بىخلىنالمىغان. بۇنىڭدىن بىز چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىلەرنى چۈشىنىمىز.

جۇڭگو مەدەنىيىتىدە ئېقىم شەكىللەندۈرگەن پەيلاسوپلار گەرچە دادىل ئىسلاھاتچىلاردىن بولسىمۇ، بىراق ھەممىسى دېگۈدەك يىراق ئۆتمۈشتە پارلاق بىر دەۋر بولغان دەپ قارايدۇ ۋە بۇ دەۋردىن ئىلھام ئالماقچى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال باشقا مەدەنىيەتلەردىمۇ بولسىمۇ، ئۆتمۈش ئېڭى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقاد ( 崇拜 ) جۇڭگولۇقلاردا ئالاھىدە كۈچلۈك. شۇڭا، ئۇلار ئىلگىرىكى ئەسەرلەرنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلايدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنى شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان رىسالىسى، دەپ قارايدۇ[57] . كۇڭزىنىڭ «ئەجدادىڭنى ئۈرنەك قىل» دېگەن سۆزى بار. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ـ كونىچە مائارىپىدا مەكتەپ فېئودال ـ مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ قورچاق ساھەسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، «كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىشتىكى مەقسىتى ھۆكۈمدارلارغا پايدىلىق بولغان يوسۇن سىستېمىسى ئىچىگە كىرىپ قالغان. بۇ سىستېما شۇنداق چىرىگەن بولۇپ، تۈپ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، كىشىلەرنىڭ بىلىم ئۆگىنىش جەريانىدىكى ھەقىقەت ئىزدەش ۋە ئىجاد قىلىش تەلپىنى چەكلىگەن. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىيلا، شەخسنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش، گۇمان ئىچىدە ئىلىم تەھسىل قىلىشتەك مۇستەقىل خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش مۇمكىن بولمىغان» [58] . كۇڭزى ئوقۇتۇشىدا ھەيران قېلىش ( 怪 )، ئىقتىدار ( 力 )، قالايمىقانچىلىق ( 乱 )، روھ ( 神 ) دېگەنلەر دېيىلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن باللار سىرلىق شەيئىلەرگە يۈزلەنگەندە قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ تەھلىل يۈرگۈزەلمىگەن، ئاقىلانە يەكۈن چىقىرالمىغان. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئېڭىنىڭ تەسىرىدە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش تاشلىۋېتىلگەن. ئەنئەنىنى تەكرارلاپ يېڭىلىماسلىق جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە بەلگىلىك ئىجادىي قاراشتىكى كىتابلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئازلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر[59] . شۇنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، جۇڭگو تارىخىدا ئۇلۇغ ئىدىيىلەر بولسىمۇ، يېڭى ئىدىيىنى بىرلەشتۈرىدىغان، يېڭى ئىدىيە يىلتىز تارتىدىغان تۇپراق كەم بولغان[60] .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇڭ ھەززەت داۋاملىق كونا، تۇتقۇچسىز بىر جامدا مەي ئىچىدىكەن. بىر كۈنى شاگىرتلىرىدىن بىرى تۇتقۇچلۇق جام ياساپ، ئۇستازىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تەقدىم قىپتۇ. شاگىرتلىرى ئۇستاز بۇ ئىشتىن ئاجايىپ مەمنۇن بولۇپ، بۇ كاتتا ئىجادىيەتچىنى چوقۇم تارتۇقلايدىغان بولدى، دەپ ئويلايدىكەن. بىراق ئۇستاز ھەززەتنىڭ ئىنكاسى تامامەن باشقىچە بوپتۇ: ئۇ، جامنى قولىغا ئالمايلا، بارلىق شاگىرتنى بىر يەرگە يىغىپتۇ. ئاندىن جامنى ياسىغان ھېلىقى شاگىرتقا تۇتقۇزۇپ، باشقا شاگىرتلارغا مۇنداق دەپتۇ:

ـ ...ئالدىڭلاردىكى ئۇشبۇ ئازغۇچى بۈيۈك ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ، ئۇلار قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىشنى قىلىپ، ئۇلار تۇتقۇچسىز جامدا مەي ئىچسە، بۇ ئازغۇن بىئەدەبلىك قىلىپ، ماڭا تۇتقۇچلۇق جامدا مەي ئىچكۈزمەكچى بولغان. مۇبادا مەن بۇ ئىشقا يول قويسام، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمەن. بۈگۈنكى ئىش شاگىرتلار ئارىسىدىكى تۇنجى خاتالىق بولغانلىقتىن تاياقتىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، جام ئۆز قولى بىلەن چېقىۋېتىلگەي، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش قايتا كۆرۈلمىگەي!...

بۇ ھېكايە ئەنئەنىۋى ـ كونا جۇڭگو مائارىپىدا كونا بىلىمنى ئەستە ساقلاشقا بەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىجادچانلىقنىڭ بېسىلىشىغا قارىتا كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىجادچانلىقنى چەكلەش ماھىيەتتە مەجبۇرلىنىشنىڭ يەنە بىر شەكلى. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش كۇڭزىنىڭ قائىدە ـ يوسۇن دەستۇرى، پاساھەتلىك شېئىر ـ نەزمىلىرىنى پىششىق يادقا ئېلىش، خۇشخەت قىلىپ كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان. ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش، بىلىمنى نوقۇل يادلاش ئەنئەنىۋى ـ كونا جۇڭگو مائارىپىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بوپقالغانلىقتىن، بۇ خىل مائارىپتا كىتاب مەركەز قىلىنغان. كۇڭزىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدىكى ئىلھاملاندۇرۇش، تەرتىپ بويىچە ئىلگىرىلەش قاتارلىق ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرىنى، ئۆگىنىش بىلەن ھەرىكەتنى، تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈش، خۇشاللىق ئىچىدە ئۆگىنىش قاتارلىق قاراشلىرىنى ھازىرمۇ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، كېيىنكى دەۋرلەردىكى مائارىپ مەقسىتىدىن ئالغاندا بۇلار ئەكسىچە ئۈنۈم بەرگەن [61] . بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەينى دەۋردە قانچىلىك كەڭ قوللىنىلىشىغا ئەمەس، كېيىنكى دەۋرلەردە قانچىلىك گەۋدىلىك، نەمۇنىلىك رول ئوينىغانلىقىغا قاراش كېرەك. كۆرۈشكە بولىدۇكى، كۇڭزىنىڭ ئوقۇتۇش شەكلى ۋە ئوقۇتۇش پرىنسىپىنىڭ تارىختىن بۇيان ئىلغار ئورنىنى ساقلاپ كەلگىنىدىن باشقا، ئوقۇتۇش مەقسىتى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە ھېچقانداق سېھرىي كۈچى بولمىغان [62] . دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپىدا ئەنئەنىۋى ھالەت ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغان بولۇپ، شەخس قىممىتىنىڭ ئۆز مەنىسىگە ئېرىشەلمەسلىكىنى پەيدا قىلغان.

شۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، غەربلىكلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، دىن ئىسلاھاتى، كېيىنكى سىياسىي ئىسلاھاتلاردىن باشلاپ ئەڭ ئاۋۋال شەخس تەرەققىياتىغا ئېتىبار بەرگەن، شەخس ئەركىنلىكى ھۆرمەت قىلىنغان. مائارىپ غايىسىدە خاراكتېرى مۇكەممەل تەرەققىي قىلغان ئەركىن ئادەم تەربىيىلەش، بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەبىئىيلىككە ھۆرمەت قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان. مائارىپنىڭ تەبىئىيلىككە تايىنىشى، ئىچكى قوزغىتىش (ئىلھاملاندۇرۇش) پرىنسىپى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي مەدەنىيىتىدە لىبېرالىزملىق قاراشلار شەكىللەنمىگەن. شۇڭا جۇڭگو مائارىپ تۈزۈمىدە تەبىئەت پەلسەپىسى، ئەركىنلىك ئۇقۇمى يېتەرسىز بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى بوغۇلغان. كىشىلەر لوگىكا نەزەرىيىسى بويىچە پىكىر قىلالمىغان. جون ناسبىينىڭ «باللىرىڭغا ياخشى تەربىيە بېرىش پۈتكۈل دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ خام خىيالىدۇر ( 梦想 )»[63] دېگىنى بەلكىم شۇ بولسا كېرەك.

ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1971 ـ يىلى تۈزگەن «مەۋجۇدلۇقنى بىلىش ـ مائارىپ دۇنياسىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى» دېگەن كىتابتا: «جۇڭگو مائارىپ سىستېمىسى دەسلەپتە باشقا ھەرقانداق جاينىڭ مائارىپىدىن ئوچۇق ۋە ئەركىن باشلانغان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشىدە ئىدىيە ـ ئاڭ ۋە ھەرىكىتىنىڭ ماسلىشىشى بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى ئىدى. بىراق

www.uyghurkitap.com

كېيىن شەكىلۋازلىق ۋە قاتتىق ئىمتىھان بىلەن باھالاش تۈزۈمىنىڭ زىيادە تەكىتلىنىشى بىلەن بۇ خىل مائارىپ سىستېمىسى بارا ـ بارا ئۆلۈك ۋە قاتماللىشىپ قالغان» [64] دەپ باھا بېرىلگەن. بىز بۇنداق ئۆلۈكلۈك ۋە قاتماللىقنى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشتۇردۇق.

## 5

«بىزگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ساقلاپ تۇرالايمىز، ۋەھالەنكى، بالىلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرگە ساقلاپ تۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ‹سۆڭىكى› يېتىلىۋاتقان، ‹قېنى› شەكىللىنىۋاتقان، قەلبى تەرەققىي قىلىۋاتقان بولىدۇ. بىز ئۇلارغا ئەتىنى چۈشەندۈرەلمەيمىز. بالىلارنىڭ ئىسمى دەل ‹بۈگۈن›دۇر» [65].

ـ مىسترال (چىلى)

جۇڭگو مائارىپى ھەققىدە بەزىلەر: «1949 ـ يىلىدىن بېرى جۇڭگو مائارىپىدا مائارىپ مەمۇرىيىتى بار بولدى، بىراق مائارىپ ئىشلىرى بولمىدى، مائارىپ سىياسىتى بار بولدى، بىراق مائارىپ چۈشەنچىسى بولمىدى» [66] دېيىشىدىكەن. بۇ خىل قاراشنى بىر تەرەپلىملىك دەپ قارىساقمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى مائارىپ ئەمەلىيىتىدە ئىجادچانلىق يېتىلدۈرۈش، شەخسنىڭ خاسلىقىنى ھۆرمەتلەش دېگەندەك كونكرېت ئىپادىلەر ھەقىقەتەن كەم بولدى. بىز تا ھازىرغىچە ئۆزىمىزگە زىيانلىق ئەنئەنىلەردىن ۋاز كېچەلمىدۇق. جۇڭگو پېداگوگىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى گۇ مىڭيۈەن ئەپەندىمۇ ئەپسۇسلىنىپ: «جۇڭگولۇقلارنىڭ 150 يىلدىن بۇيان كۈرەش قىلىشى فېئودالىزم ۋە مۇستەملىكىچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ‹تاغ›نى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ بۇ ‹تاغ› تۈزۈم جەھەتتىن ئاللىقاچان ئاغدۇرۇلدى. ئەمما ئىدىيە جەھەتتىن بەزىلەر ئۇنى يەنىلا سېغىنىدۇ» [67] دەيدۇ.. يېقىنقى يەكۈندىن «ساپا مائارىپى» تەشەببۇسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئانچە ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك دېموكراتىيىلەرگە، شەخس قىممىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدە تا ھازىرغىچە پراگماتىزملىق پەلسەپە تەنقىد قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا مائارىپىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىلمىيلىكىگە قول قويىدىغان جۇڭگو ئالىملىرى ئاز ئەمەس. بىراق، بۈگۈنكى ئامېرىكا مائارىپىنىڭ ئىدىيە يىلتىزىنى ياراتقان دېۋېي ئىدىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش يوقنىڭ ئورنىدا، رامكىلاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇش خاھىشى ئېغىر. بىزدىمۇ ئىلىم مۇھاكىمىلىرىدە ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە... دېگەندەك مائارىپنى ئىلمىي ئىزىغا سالغان دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرى قىستۇرۇلسا، رەھبىرىي خادىملارنىڭلا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ «ئۇ دېگەن ئامېرىكا... تۇرسا...» دەپ ئاچچىقى كېلىدۇ. دەرۋەقە تۈزۈلمە، ھەزارەت ئاساسى ئوخشىمىغان قوۋملارنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدە تۈرلۈك پەرقىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بىراق بۇ بىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، ئەسلى خاتا ئىدىيىگە چىڭ يېپىشىدىغان بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيىمىزنىڭ ئەينىكىدۇر.

خۇلاسىكالام: جۇڭگو مائارىپىدىكى ئىسلاھات يۇقىرىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەندەك جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يىلتىز قىلغان «مۇتلەق بويسۇنۇش = ئەخلاق»، «ئەخلاق قىممىتى = ئادەم قىممىتى»، «ئوقۇتقۇچى = ئەمەلدار = كاتتىلار»، «مۇنازىرىلىشىش = ئەدەبسىزلىك»، «تالانتلىقلار = سىياسىي ئىختىساسلىقلار»، «ياخشى ئۆگىنىش = ئەمەلدار بولۇش»، «شەخسنىڭ قىممىتى = ئىجتىمائىي قىممىتى»، «شەخسىي ئارزۇ = سۈزۈك ئەينەك يۈزىدىكى داغ»، «ھۆرمەتلەش = ئەنئەنىنى ساقلاش» دەيدىغان تەگلىك مەنىلىرىدىن خوشلىشىش بىلەن ھەقىقىي مەنىسىگە ئېرىشىدۇ. بىراق، بۇ تولىمۇ يىراق بىر جەريان بولسا كېرەك. چۈنكى، بىز ئېڭىمىزدا «ئوقۇغۇچىنى ئاساس قىلىش»، «ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىش»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىغا ئىلھام بېرىش»... دېگەندەك ئىبارىلەرنى دەپ يۈرسەكمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز (چوڭلار)نى مەركەز قىلىمىز. بالىلارنى ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرغۇزۇش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشى. بىز بالىلارنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن قىزىقىشىدىن، شوخ تەبىئىتىدىن ئايرىۋەتكەچكە، چوڭ بولغانسېرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەكتەپكە، ئوقۇتقۇچىلارغا، ئۆگىنىشكە يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل غەيرىي پسىخىكا ئوغۇللاردا تولىمۇ روشەن گەۋدىلەنمەكتە. ئۇلار مەكتەپتە چەكلەنگەنسېرى سىرتتا ئۆزىگە يارىشا ئىنتىلىش نۇقتىسى ئىزدەۋاتىدۇ. قىمار شەكلىدىكى ئويۇنلارنى ئويناش، تاماكا ـ ھاراققا بېرىلىش، تېلېۋىزورغا ھەۋەس باغلاش، تور خۇمارلىقى، بالدۇر مۇھەببەتلىشىش... قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. مىللىي مەكتەپلەردە بۇ خىل ھال شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتىدۇ.

يەھۇدىي پەيلاسوپى ھېربېرت. ماركوس (1898 ـ 1979) (Herbet Macuse) 1964 ـ يىلى يازغان «تاق يۈزلۈك ئادەم» (单面人, 单向度人) دېگەن ئەسىرىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى غەرب دۆلەتلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ، ئىلىم ـ پەن، سەنئەت، پەلسەپە، تەپەككۇر، تۈزۈلمە، ئىقتىساد، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق تەرەپلەردە نوقۇل بىر تەرەپكىلا مايىل بولۇپ، ئىنكارچىلىق ئىقتىدارى يېتىلدۈرگەن كىشىلەرنى «تاق يۈزلۈك ئادەم» دەپ سۈپەتلىگەنىدى. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناس، سىياسىيشۇناس دۆلىتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ «تاق يۈزلۈك ئادەم»لەر دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، بۇ بالىلار ئۆگىنىشنى بىلىدۇ، ئىنتىلىشنى، ئىجاد قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئەقلى بار، ئەخلاقى يوق، بىلىمى بار، قىزىقىشى يوق. ئىلمى بار، ئېتىقادى يوق، يادلىشى بار، مۇھاكىمىسى يوق. ئاغزىدا ئەمگەكچانلىقنى تەرىپلەپ ئەمەلدە ئەمگەكتىن يىرگىنىدۇ. نەزەرىيىگە چوڭقۇرلاپ تەبىئەتتىن يىراقلاشقان، ئۇلار گويا بىر ئۆگىنىش ماشىنىسىغىلا ئوخشاپ قالغان. مەكتەپلەر ماھىيەتتە مانا مۇشۇنداق «تاق يۈزلۈك ئادەم»لەرنى تەربىيىلەيدىغان، جۇشقۇنلۇق، ھاياجانلىنىش، ئىلھامنى تۇنجۇقتۇرىدىغان ماكانغا ـ («ساپا مائارىپى»، «بىلىم ئىگىلىكى» دەۋرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇرەسسەسىز ئىسلاھ قىلىنمىسا بولمايدىغان ساھەگە ئايلانغان! ـ مەسئۇل

مۇھەررىردىن تولۇقلىما)

مەركىزىي مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى مەكتەپ مائارىپى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ تەتقىقاتچىسى جى شىن خانىم بىلەن خېنەن ئۆلكىسى خۇيشيەن ناھىيە تولۇق 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە مۇدىرى جاۋ تيەنفېڭ ئىككىيلەن (ئىسلاھاتنى جىددىي تەقەززا قىلىۋاتقان) جۇڭگو مائارىپىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ يازغان «جۇڭگو مائارىپىنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابىدا: «ئوقۇغۇچىلىرىمىز بىلىمنى دەپ ئوقۇتقۇچىنىڭ قۇربانى بولدى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز جەمئىيەتنىڭ قۇربانى بولدى، ئائىلە باشلىقلىرىمىز بالىلىرىنىڭ قۇربانى بولدى... ھەممىمىز پەقەتلا ئوتتۇرغۇچىلار-دۇرمىز» ㊽ دەپ يازىدۇ.

شۇنىڭغا تەشەككۈركى، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئىدىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىملىق دەرس ئىسلاھاتى ھەقىقەتەن چوڭ بۆرۈلۈش بولۇپ، بۇ ھەممىمىزگە دۆلىتىمىز مائارىپ ئىدىيىسىدىكى تەسىرى زور بولغان بىر مەيدان ئىنقىلابتەك تۇيۇلىدۇ. دەرۋەقە، دەرس ئىسلاھاتىغا دائىر ھۆججەتلەردە ھەقىقەتەنمۇ ئىجادچانلىق يېتىلدۈرۈش، خاسلىق يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. بۇ بۈگۈنكى «بىلىم ئىگىلىكى» جەمئىيىتىگە ماسلىشالايدىغان يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ يېتەكچى نىشانىدۇر. بىراق، مائارىپ ئىدىيىمىزدىكى شەخسنىڭ ئىجادچانلىقىغا مەنپىي تەسىر كۆرسەتىدىغان ئامىللارنىڭ تۈگىشىگە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟

2006 ـ يىل 26 ـ ئاپرېل، پوسكام ـ گۈلباغ

## ستاتا مەنبەلىرى


① رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999-يىل خەنزۇچە نەشرى 451 ـ بەت.

② جۇڭ چىچۈەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو مائارىپىنى چۈشىنىش» ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 73 ـ بەت.

③ ، ④ ، ⑤ گاۋ چۈنمېي: «ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئېچىش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 48 ـ بەت؛ 42 ـ بەت؛ 48 ـ بەت.

⑥ ، ⑦ساتۇمانابو (ياپونىيە): «يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى ياپونىيىنىڭ مەكتەپ مائارىپى ئىسلاھاتى»، «مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2006 ـ يىل 1 ـ سان 49 ـ بەت.

⑧يۈ شۆمىڭ: «ئىجادىيەت تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 7 ـ بەت.

⑨چېن لۈگۈەن (تەيۋەن): «ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئوقۇتۇش»، جۇڭگو يېنىك سانائەت نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 5 ـ بەتتىكى نەقىل.

⑩ ۋايدخېد (ئەنگلىيە): «مائارىپنىڭ مەقسەتلىرى»، «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 66 ـ بەت.

⑪ سې نې: «يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى پاراسەتلىرى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 284 ـ بەت.

⑫ جى شىن، جاۋ تيەنفېڭ: «جۇڭگو مائارىپىنى تەكشۈرۈش»، «توققۇز ئايماق» نەشرىياتى 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 10 ـ بەت.

⑬ جاڭ دەن قاتارلىقلار تۈزگەن «زامانىمىزدىكى مائارىپ ئىنژىنېرلىقى»، گۇاڭدۇڭ ساياھەت نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 264 ـ بەت.

⑭ چېن پېيلۇن: «پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىكى يەتتە مۇھىم نۇقتا»، «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) نىڭ 2005 ـ يىل 1 ـ نويابىر سانى 8 ـ بەت.

⑮ ليۇ شيەنشۇ: «جۇڭگولۇقلارغا قانداق كۆتۈپخانا كېرەك»، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2005 ـ يىل 3 ـ (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سان 21 ـ بەت

⑯ ،⑰ ، ⑱ ، ⑲ ، ⑳ جى شىن، جاۋ تيەنفېڭ: «جۇڭگو مائارىپىنى تەكشۈرۈش»، «توققۇز ئايماق» نەشرىياتى 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 91 ـ بەت؛ 7 ـ بەت؛ 9 ـ بەت؛ 8 ـ بەت؛ 48 ـ بەت.

㉑ «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىسخىك كېسەللىنى قانداق داۋالاش كېرەك»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 5 ـ سان 16 ـ بەت.

㉒ سې نې: «يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى پاراسەتلىرى» يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 79 ـ بەت.

㉓ دۇ ۋېيمىڭ (ئامېرىكا): «مەۋجۇدلۇقنىڭ ئىزچىللىقى»، «دۇنيا پەلسەپىسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 1 ـ سان 88 ـ بەت.

㉔ جون. كلاۋرىي (ئاۋستىرالىيە): «جۇڭگونىڭ مەكتەپ مائارىپى»، خېبېي مائارىپ نەشرىياتى 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 8 ـ بەت.

㉕ لى. س. ستاۋراينوس ( ئامېرىكا): «يەر شارى ئومۇمىي تارىخى» (1 ـ قىسىم)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 157 ـ بەت.

㉖ ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 288 ـ ، 289 ـ بەتلەر.

㉗ جۇتاۋ: «باشتىن كەچۈردۈم ھەم پۈتتۈم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 1 ـ سان 30 ـ بەت.

㉘ رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 51 ـ بەت.

㉙ ، ㉚ جېڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 79 ـ بەت؛ 76 ـ بەت.

㉛ لى. س. ستاۋراينوس (ئامېرىكا): «يەر شارى ئومۇمىي تارىخى»

(1 ـ قىسىم)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 158 ـ بەت.

(32) جېڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 80 ـ بەت.

(33) ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ(قوشما) سان 32 ـ بەتتىكى، «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 233 ـ بەتتىكى نەقىل.

(34) لى جوڭخۇا: «جوڭگو ھەزارىتىدىن ئومۇمىي بايان»، «خۇاۋېن» نەشرىياتى 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 82 ـ بەت.

(35) ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئۇنۇۋان: قاچا بىلەن داشقازان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 4 ـ سان 62 ـ بەت.

(36) سې نىي: «يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى پاراسەتلىرى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 79 ـ بەت.

(37) ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 7 ـ بەت.

(38)، (39) رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جوڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 53 ـ بەت؛ 54 ـ بەت.

(40) جېڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 81 ـ بەت.

(41) ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 174 ـ بەت.

(42) رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جوڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 68 ـ بەت.

(43)، (44) جېڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 81 ـ بەت.

(45) رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جوڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 68 ـ بەت.

(46) جاڭ دىن قاتارلىقلار تۈزگەن «زامانىمىزدىكى مائارىپنىڭ ‹ئىنجىل› ى»، گۇاڭدۇڭ ساياھەت نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 15 ـ بەت.

(47)، (48)، (49) رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جوڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 68 ـ بەت؛ 60 ـ بەت؛ 62 ـ بەت.

(50)، (51) جېڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 77 ـ بەت.

(52)، (53) رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جوڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 54 ـ بەت؛ 55 ـ بەت.

(54) لاۋ كەيشىڭ: «ئەنئەنە ۋە ئۆزگىرىش»، جوڭ چىچۇەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جوڭگو مائارىپىنى چۈشىنىش» ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 30 ـ بەت.

(55) جېڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 77 ـ بەت.

(56) خۇاڭ چۈەنيۈ: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساپا مائارىپى»، گۇاڭدۇڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 65 ـ بەت.

(57) ل. س. ستاۋرايىنوس (ئامېرىكا)، «يەر شارى ئومۇمىي تارىخى» (1 ـ قىسىم)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 157 ـ بەت.

(58)، (59)، (60)، (61)، (62) رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جوڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 55 ـ بەت؛ 59 ـ بەت؛ 65 ـ بەت؛ 56 ـ بەت؛ 57 ـ بەت.

(63) جاننېت.ۋاس (ئامېرىكا)، گوردېن. دېيردېن (يېڭى زېلاندىيە): «ئۆگىنىش ئىنقىلابى»، شاڭخەي «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 1998 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 272 ـ بەت.

(64) ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى مائارىپ تەرەققىياتى كومىتېتى تۈزگەن: «مەۋجۇدلۇقنى بىلىش ـ مائارىپ دۇنياسىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1979 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 31 ـ بەت.

(65) دەن جوڭخۇي: «21 ـ ئەسىردىكى ئاساس مائارىپ ئىسلاھاتى سىياسىتىگە نەزەر»، «چەت ئەللەردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى» (خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 6 ـ سان 1 ـ بەت.

(66) ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 100 ـ بەت.

(67) گۇمېڭيۈەن: «ئۈچ ئاگاھلاندۇرۇش»، جوڭ چىچۇەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جوڭگو مائارىپىنى چۈشىنىش» ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 376 ـ بەت.

(68) جى شىن، جاۋ تيەنفېڭ: «جوڭگو مائارىپىنى تەكشۈرۈش»، «توققۇز ئايماق» نەشرىياتى 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 54 ـ بەت.

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**بېكىتكۈچى: جاڭ خۇڭچاۋ (تەكلىپ قىلىنغان)**

www.uyghurkitap.com



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

### تەنھا تۇيغۇلار

▲ بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر ئەڭ مۇھىمى«نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئال بولماستىن، بەلكى«مەن نېمە قىلالايمەن؟» دېگەن سوئالدۇر.

▲ بىزدە توغرا تاللاش ۋە شاللاش ئېڭى كەمچىل بولغانلىقى، ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك ئىشلاردىن دەل ۋاقتىدا ۋاز كەچمىگەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن تېخىچىلا قەددىمىزنى رۇسلىيالماي ياشاۋاتىمىز.

▲ گاڭگىراشتىن تەپەككۇر تۇغۇلىدۇ ھەم ئۆلىدۇ.

▲ ئاخىرى نائېنىق بولغان ئىشقا شەيتان رېغبەتلەندۈرگۈچى بولىدۇ.

▲ ساپ ھاۋادىن تېنىڭ يايرايدۇ، يالقۇنلۇق پىكىرلەردىن قەلبىڭ.

▲ مۇتتەھەملەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى سىزدىن تۆلىتىش.

- لۇتپۇللا ئەركىن

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۇچئون خۇيزۇ يېزا مىللىي 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تاش گىياھلار

▲ يىللار ئەرلەرنىڭ يۈزىگە، ئاياللارنىڭ يۈرىكىگە ئاۋۋال قورۇق سالىدۇ.

▲ ئادەم ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايلارنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلسا سەزمەن، كۆزى ئېچىلسا تەمكىن بوپقالىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزى ياساپ چىققان نەرسىلەرگىلا ساختىلىق ئىشلىتەلەيدۇ.

▲ ئادەمنىڭ جېنى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇشتىن خورايدۇ، تېنى ئىچىگە ئاچچىق يۇتۇۋېرىشتىن قېرىيدۇ، روھى

## تەپەككۇر كۆزى

خام خىيالنى كۆپ سۈرۈشتىن يىگىلەيدۇ.

▲ «بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن ئادەم» نىڭ بۇرنىدىن ھامان قان ئاقىدۇ.

▲ تارىخ ئاۋام روھىنىڭ داۋالغۇشى، دەۋرنىڭ سىرى، ئېتىقادنىڭ كۆرىشى، مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىنىشىدىن ئىبارەت.

▲ تەرەققىي قىلمىغان شەيئىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش قىيىن.

▲ تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەت ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە تەشۋىشلەندۈرىدۇ.

▲ تەپەككۇرنىڭ دەرۋازىسى دائىم ئوچۇق تۇرىدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا گۈزەللىكنى تەبىئەتتىن، رەزىللىكنى بۇزۇلغان جەمئىيەتتىن، ھېكمەتنى ئەمەلىيەتتىن، بەختنى ئەمگەكتىنلا تاپقىلى بولىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھاكىمىيەت كۆپ ئالماشقان دەۋردە خەلق، دىن كۆپ ئالماشقان دەۋردە ئالىم ـ ئۆلىمالار ئەندىشىدە قالىدۇ.

▲ نۇرغۇن ئادەم بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۆزىنى بەختسىز ھېسابلايدىغانلار كۆپ.

▲ خۇشامەتچى ئالدىراپ ئوق تەگمەيدىغان دۈشمەن.

▲ يالغۇزلۇق ئاياللارنى جاھىل، سەپرا مىجەز قىلىپ قويسا، ئەرلەرنى جىمغۇر، غەمكىن قىلىپ قويىدۇ.

▲ بىر مىللەت ئۇچۇن تارىخنىڭ چىنلىقىدىن ئۇلۇغ ھەقىقەت، مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقىدىن ئارتۇق ئەۋزەللىك بولمايدۇ.

- قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

### تۇيغۇ بىخلىرى

▲ قۇشنىڭ ئەركىنلىكى ـ پەرۋازى بولسا، ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى ـ خىيالى.

▲ قولىمىزغا تاقىغان سائەت ماي يەيدىغان سائەت بولسا،

www.uyghurkitap.com

قىچقىرىۋاتقان خوراز دان يەيدىغان سائەتتۇر.

▲ھۇنەرلىك كىشى قاناتلىق كىشىدۇر، نەگە قونسا دانلىيالايدۇ.

▲گۇمان ـ ئىسپاتسىز خىيال.

▲ئۆزىنى يەڭگەن شەيتاننى يېڭىدۇ.

▲يالغانچىلىق (ئالدامچىلىق) ـ پۇشايماننىڭ خالتىسى.

▲ۋاقىت ـ قىزلىقتۇر. ئۇنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ـ ئەركەكلىك.

▲ جىمى ئەسكىلىكنى قىلغانلىق ـ جىمى يامانلىققا ئۆزىنى تالاتقانلىقتۇر.

▲ئىشىنىش ـ يوشۇرۇن چېگىلگەن ئارغامچا.

▲ئۇرۇشقان كىشىلەرنى ئاجراتماي تاماشا كۆرگەنلىك ـ ئوت كەتكەن جايدا ئوت ئۆچۈرمەي قاراپ تۇرغانلىقتۇر.

▲غايە ـ نىشان (مەنزىل)، ئېتىقاد ـ يول.

▲جۈرئەت قىلىش ـ تەۋەككۈل ئېتىلغان ئوق.

▲رىتىملىق ۋاقىت ئىچىدە رىتىمسىز ئىش قىلىش ـ يېقىملىق مۇزىكىغا يالغاچ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقتۇر.

▲ ئىش يېرىملاشقاندا تاپقان ئەقىل چۈشتىن كېيىن چىققان قۇياشقا ئوخشايدۇ.

▲ قىزنىڭ ياخشى تەربىيىلىسەڭ ئەخلاق، ئوغلۇڭنى ياخشى تەربىيىلىسەڭ يۇرت تۈزۈلىدۇ.

▲يېڭىدىن ئىش باشلىغاننى يىقىتقان چېقىمچىلىق ئەتىيازدىكى پېتىقچىلىققا ئوخشايدۇ.

▲تەپەككۇر قىلساڭ ئەقىل، تەشەككۇر ئالساڭ كىبىر ئاشىدۇ.

▲ئالدىڭغا قاراپ مېڭىشنى ئۆگەن، ئەتراپىڭغا قاراپ بىلىشنى.

▲نەسىھەت ـ گۈللۈكتىكى رىشاتكا.

▲تەربىيە ـ يول بەلگىسى.

▲ دوستى كۆپلۈكنى پوستى كۆپلۈككە ئۆزگەرتەلىسەڭ، دۈشمەندىن يىراق بولىسەن.

▲خۇشاللىق ـ روھىمىزغا ئاققان بىر تامچە شېرىنلىك.

▲ دۇنيادىكى ھەر قانداق شەيئى سىر ئىچىدە مەۋجۇدتۇر. ئۇنىڭدىكى سىر يوقالسا گۈزەللىك بىلەن جەلپ قىلىش كۈچى يوقايدۇ.

▲سىرلىق كۆلكە ـ يوشۇرۇن مەسخىرىدۇر.

▲ئەتىگە قالغان ئىش ـ تەسكە (قىيىنغا) قالغان ئىشتۇر.

▲ئۇستاز ـ ئۆزىگە رىقابەتچى يېتىشتۈرگۈچى.

▲ خاتا يولدىن پۇشايمان قىلىپ، توغرا يولغا قەدەم قويمىغانلىق ـ ئۆزىگە يۇقۇپ قالغان نىجاسەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ يۇيۇۋەتمىگەنلىكتۇر.

▲ كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلىق ـ «مېنىڭ مۇنداقمۇ ئەيىبلىرىم بار» دەپ كىشىلەرگە ئېنىق ئېيتقانلىقتۇر.

▲شەخسىيەتچى ئادەم شامالدا قالغان يالغۇز كۆچەتتۇر.

▲ خەلق ئادەتلەنمىگەن قىياپەتتە يۈرگەن كىشى ـ قوينىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئۆچكىگە ئوخشايدۇ.

▲ھايا ـ ئەخلاقنىڭ چۈمپەردىسى.

▲ تارىخنىڭ ئىسپاتى ـ پۇشايمان، ھازىرنىڭ ئىسپاتى ـ بىپەرۋالىق، كەلگۈسىنىڭ ئىسپاتى ـ تەمە.

▲ۋاز كېچىش ـ قۇتۇلۇشقا بېسىلغان قەدەم، ئۇنتۇشقا مېڭىلغان يول.

▲ھېس قىلىش بىلەن بىلىم بىرلەشكەندە ئەقىل پۈتۈن بولىدۇ.

▲كۆزنىڭ ئۇچرىشىشى مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا قىلسا، سۆزنىڭ ئۇچرىشىشى ـ يېڭى ئىدىيىلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ شۇم خەۋىرىنى يەتكۈزۈشتە دۈشمىنىڭدىنمۇ ئەشەنچلىكرەك ئادەم تاپالمايسەن.

▲ شادلىقىڭ دوستۇڭغا ياراشسا، خاپىلىقىڭ دۈشمىنىڭگە يارىشىدۇ.

▲سەن دوستۇڭنىڭ كۆزىدە يېتەرسىزلىكىڭنى، دۈشمىنىڭنىڭ كۆزىدە ئارتۇقچىلىقىڭنى كۆرەلەيسەن.

▲ھاياجان ـ سۇدىكى شولا، سۇ سىڭسىلا يوقايدۇ.

▲تارىخنىڭ ئىسپاتى: ۋاپا قىل، ۋاپا كۈتمە.

▲ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى يات ئايالنىڭ بەرگەن نېنىدىن بىلەلەيسەن.

▲ۋەدە ـ ۋاقتىنىڭ، ئامانەت ـ نەپسىنىڭ سىنىقى.

▲شائىر ـ تۇيغۇڭدىكى سياسيون.

▲ تۇيغۇڭدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالىغان شېئىر ـ قەپەسكە سولانغان شىردۇر.

ئىنسان...

▲ ئىنسان قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ. ئۇ ياكى مۇتلەق بەخت ئىچىدە ياكى مۇتلەق بەختسىزلىك ئىچىدە تۇرغان ۋاقتتا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

▲ئىنساننىڭ بايلىقى ماددىي بايلىق بىلەن مەنىۋى بايلىقنىڭ تىركىشىشى نەتىجىسىدە مەۋجۇد بولغاچقا، دۇنيادا مۇتلەق باي كىشىنى تېپىش تەس.

▲ئىنسان ماددىي بايلىقىدىنمۇ، مەنىۋى بايلىقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغاندا ياكى جىنايەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ ياكى ساراڭلىق يولىغا.

▲ئىنساننىڭ مەنىۋى بايلىققا بولغان ئېھتىياجىنى ماددىي بايلىققا بولغان ئېھتىياجى بېسىپ چۈشكەچكە، دۇنيا ئۇرۇشتىن تىنجىغان ئەمەس.

▲ ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن جاپا چەكسە كۈچىنى چىقىرىدۇ، خەلق ئۈچۈن جاپا چەكسە جېنىنى چىقىرىدۇ. مانا بۇ، قەھرىمانلار خىسلىتى.

▲تەپەككۇر ـ ئىنسان كامالەتكە يېتىشتە ئۆرلەيدىغان شوتا.

قوش بىسلىق تۇيغۇلار

▲ ئايالارنى ئەسلەپ ئايغا قارىساڭ، ئەرلەرنى ئەسلەپ كۈنگە قارا. چۈنكى ئايالاردا چۈمپەردە ئىچىگە يوشۇرۇنغان گۈزەللىك بولسا، ئەرلەردە ئاشكارا ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ بار.

▲ئەر بىر نوكچا ناۋاتقا، ئايال بىر چىنە قايناق سۇغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسى قوشۇلسا قېنىق دەملەنگەن ناۋات چاي ھاسىل بولىدۇ. قېنى، ئىچىپ كۆرۈڭ!

▲ئايالار تېشى (بەدىنى) نى يۆگەپ، ئىچى (قەلبى) نى ئاشكارىلىسا پەرىشتىگە، ئىچىنى يۆگەپ، تېشىنى ئاشكارىلىسا شەيتانغا

ئايلىندۇ.

▲ۋاپادار ئايال ـ مەڭگۈ توزۇمايدىغان گۈل.

▲ئەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان ئايال ـ پۇراقسىز گۈل.

▲ئايالنىڭ ئىلھامى ئەرگە قانات بولسا، مەسخىرىسى سۆڭەككە يەتكەن پىچاقتۇر.

▲تۇرمۇشتا ئەرنىڭ جاپاسى ھازازۇل ئايال بولسا، ئايالنىڭ جاپاسى مۇرىمەس (گومۇش) ئەردۇر.

▲ئايالنىڭ ۋاپاسى ئەرنى ياشناتسا، ئەرنىڭ جاپاسى (ئەمگىكى) ئائىلىنى ياشنىتىدۇ.

▲ۋاپادار ئايال ئەرنىڭ بەختى بولسا، كۆيۈمچان (ۋىجدانلىق) ئەر ئايالنىڭ پەخرىدۇر.

▲ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ نازلىرىغا ئېرىپ كېتىشى ـ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ كېتىشتۇر.

ـ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتى لەڭگەر مەھەللىسىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲بىز قاچان سەنئەتنى نوقۇل ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك ئورنىدا كۆرمەي، روھىي تاشقىنلىقىمىزنى ئىپادىلەيدىغان قورال قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز سەنئىتىمىزنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيمىز.

▲ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق كۆي ـ ھەقىقىي دوستلۇق ناخشىسى، ئەڭ ئىللىق مېھىر ـ ئاتا ـ ئانا مېھرى، ئەڭ زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولىدىغان نەرسە ـ كېلەچەك.

▲باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن تەسەللى تېپىش ـ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲باشقىلاردىن ھۆرمەت كۈتۈشتىن ئىلگىرى ھۆرمەتكە لايىق ئىش قىل.

▲ھېلىگەر ئادەم بىلەن ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ئادەم ئەزەلدىن چىقىشالىغان ئەمەس. چۈنكى ئالدىنقىسى «كۆلۈپ» تۇرۇپ جان باقسا، كېيىنكىسى ھەقىقەتنى سۆزلەپ تۇرۇپ ياشايدۇ. تولا «كۆلۈپ» كۆنۈپ قالغان ئادەمنىڭ كۆزىگە تۇرگۈن چىرايلار قانداقمۇ سىغسۇن.

▲تارىختىن مەلۇمكى، ناھەق ئىشلار تەكرار ـ تەكرار يۈز بېرىۋەرگەن يەردە گاچىغىمۇ «تىل چىقىدۇ».

▲ئادەم بەدەلسىز بىر نەرسىگە ئېرىشكەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى ئويلىشى لازىم.

▲بىز ئۆزىمىز يېمىسەكمۇ باشقىلارغا داستىخاننى كەڭ يايىدىغانلاردىن بولغاچقا، «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق» بوپقالغان.

▲ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىق بوپكەتسەكمۇ، زىيادە نادان بوپكەتسەكمۇ ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ «ياخشى كۆرۈشى» گە ئېرىشەلمەيسىز.

ـ بەھرىنىسا ئادىل (دىلەفكار)

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2001 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲بۈگۈنكى تىرىشىش ئەتىكى ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

▲ھۇرۇنلۇق گادايلىققا، بىلىمسىزلىك مالايلىققا باشلايدۇ.

▲بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىغا ئوقۇتقۇچى رېژىسسورلۇق قىلىدۇ.

▲تەننىڭ ساغلام بولماسلىقى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئەكەلسە، روھنىڭ ساغلام بولماسلىقى بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىگە خەۋپ ئەكېلىدۇ.

▲تەپەككۇر قىلساڭ ئادەم بولىسەن، ئىجاد قىلساڭ ئالىم بولىسەن.

▲كىتابنى كۆپ ئوقۇپ ئۇيقۇڭ كەلمەيدىغان بوپقالسا، بۇنى كېسەللىك دەپ قارىما. بۇ، روھىڭدىكى كېسەلنىڭ ساقىيىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

▲كالالىڭنىڭ بەزى چاغلاردا تۇيۇقسىز ئىشلەپ كېتىشى، سېنىڭمۇ دۆت ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلايدۇ.

▲بەزىدە بىردەملىك ھاياجانلانغاندا قىلىنغان ئىش ئۆمۈرلۈك پۇشايماننىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپقالىدۇ.

▲ئانا ئوبرازى ھايالىق قىزلارنىڭ قەلبىدە بىخلىنىپ، ساپالىق ئاياللارنىڭ چېھرىدە نۇرلىنىپ، ئەخلاقسىز قىز ـ ئاياللار تەرىپىدىن خارلىنىپ، خىرەلىشىدۇ.

▲70 ياشلىق بوۋاينىڭ باللىق بولۇشىغا تەبىئىي ـ ساپ يېمەكلىك سەۋەب بولغان بولسا، 25 ياشلىق قاۋۇل ئەرنىڭ «توغماس» بوپقېلىشىغا سۈنئىي يېمەكلىك ۋە ھاراق بوتۇلكىسى سەۋەب بولغان.

▲مېۋىسىز دەرەخنىڭ غېمى يوق، قەدرىسىز؛ مېۋىلىك دەرەخنىڭ غېمى كۆپ، قەدىرلىك.

▲خەلقىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆز ئالدىڭدىكى بايلىقتىن كېچەلىسەڭ ئۇلۇغ سانىلىسەن.

▲ھازىرقى قىزلارنىڭ بەزىسى تېشى قىزىل، ئىچى سېسىق ئالمىغا ئوخشايدۇ.

▲بىلىمسىزدە ئىقتىدار، بىلىملىكتە ئېتىقاد بولمىغاچقا، تەرەققىي قىلىشتا كۈچ ـ مادار يوق.

▲بىز مائارىپقا مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلاردەك كۆڭۈل بۆلگەن بولساق، يەھۇدىيلاردەك بولۇشمۇ تەسكە توختىمايتتى.

ـ يۇنۇس قادىر

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار تۆگمەنبويى كەنتىدە، دېھقان

## شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۈنجى تەپەككۇرلىرىدىن

▲ مەجبۇرلاش ئاستىدىكى ئۆگىنىش، دېھقانلارغا سالىدىغان نامۇۋاپىق هاشار ـ سېلىققا ئوخشايدۇ.

▲ هازىر ماتېماتىكا، فىزىكا دېسە بېشى ئاغرىيدىغانلار كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلىپ جېنىنى باقار.

▲ روباشكىنىڭ يوقلىشى، قىزلىرىمىزنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق قارىشىنىڭ يەنە بىر دەرىجە تۆۋەنلىگەنلىكىدۇر.

▲ بەزى ئوقۇتقۇچىلار خۇددى شىركەت خوجايىنلىرىغا، خېتى چىرايلىق ئوقۇغۇچىلار بولسا ئۇلارنىڭ كاتىپىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

ـ ئابلەت ئەھمەت

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دانالار ئۆتكەن كۈنلىرىگە زارلانسا، نادانلار كەلمىگەن كۈنى ئۈچۈن قاقشايدۇ.

▲ ئىزدەنگۈچىلەرگە بىر كۈن بىر سائەتتەك بىلىنسە، ھورۇنلارغا بىر يىلدەك بىلىنىدۇ.

▲ سەن بىر كەسپتە نەتىجە قازانغاندا دوست ھەم دۈشمىنىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

▲ بىز خەق نېمە ئىش قىلسا شۇنى دوراپ باقتۇق، لېكىن خەق بىزنى دوراپ باقتىمۇ؟

▲ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، ئەنئەنىسىنى بىلمىگەن ئادەمدىن ھەرگىز ئۈمىد كۈتمە.

ـ ئەلى مۇسا

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەگەر ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن دۇنياغا تونۇلغىلى، تەرەققىي قىلغىلى بولىدىغان بولسا، بىز بۇ چاغقىچە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەت بوپقالاتتۇق.

▲ هازىر بىر ئائىلىگە 2000 سوم پۇل كىرىپ بولغىچە بىر دانە كىتاب ئىشكاپى بىلەن ئون پارچە كىتاب كىرمەي تۇرۇپ، بىر دانە VCD ئاپپاراتى بىلەن 20 ـ 30 دانە پلاستىنكا كىرىپ بولىدىغان تۇرسا، بىزنىڭ كەلگۈسى ۋە مەدەنىيىتىمىزدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى چاچقىغان دىللارغا بۇلاق سۈيى، جۇملىدىن، ماڭىمۇ ئەڭ تەسىر قىلغان بىرىنچى ئۇستازىم بولدى.

ـ سىددىق ئۆمەر

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 5 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دەرس ئاخىرلاشقاندا ئوقۇتقۇچى: «چۈشەندىڭلارمۇ؟» دەپ سورىسا، «چۈشەندۇق!» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ جاۋاب بېرىدىغان ئوقۇغۇچى بىر بولسا دەرسنى ئەڭ چۈشەنگەن، بىر بولسا ۋاقتىنىڭ بالدۇرراق تۈشۈشىغا تەقەززا بولغان ئوقۇغۇچىدۇر.

▲ نامراتلىقنىڭ تۈپ يىلتىزى ـ ئەقىلسىزلىكتۇر.

▲ نامراتلىق ئىچىدە تەپەككۇر نامراتلىقى ئەڭ قورقۇنچلۇقتۇر.

▲ پەلسەپەسىراپ كەتكەن روھىمىزغا ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكامنىڭ ماقاللىرى ئىنتايىن ياخشى بۇلاق سۈيى بولدى.

▲ قاچانكى ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە ۋە ئوقۇغۇچىلار بار باشقا سورۇنلاردا تاماكا چەكمىسە، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا تاماكىنىڭ زىيىنى توغرىلىق قىلغان تەربىيىسى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ـ مۇھەممەتئىمىن نۇرىددىن

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەم يورۇقتا تۇرۇپ قاراڭغۇلۇقتىكى ئىشلارنى كۆرمىگەن بىلەن، قاراڭغۇدا تۇرۇپ يورۇقتىكى ئىشلارنى ئەينەن كۆرەلەيدۇ.

▲ ئەگەر ئادەمدە ئەخلاق بىلەن ئىمان ـ ئېتىقاد بولمىسا، ماشىنا ئادەمدىن نېمە پەرقى؟

ـ راملە ئەرشىددىن

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 4 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئىنسان ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ.

▲ خىيالىڭدىن كەچكەنلا ئىشنى باشقىلارغا دەپ يۈرۈشۈڭ سېنى ئۆزۈڭ كۈتمىگەن ئاۋارىچىلىكلەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن.

▲ ئادەمنىڭ قەلبى سىرلىق دۇنيا، ھېچكىم خالىغانچە ئۇسۇپ كىرەلمەيدىغان مۇستەھكەم قورغان، ئالتۇن بېرىپ ئالغىلى بولمايدىغان مۇستەقىل ھۆكۈمران، ئوپېراتسىيە قىلىپ زېدە، داغ، ئۆسمىلەرنى ئېلىۋەتكىلى بولمايدىغان ئاجايىپ يارا ئېغىزىدۇر.

▲ سەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھاجەتمەن بوپقالغىنىڭدا، ئۆزۈڭدىمۇ باشقىلار تىلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. شۇ چاغدىلا ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى ئازراق بولسىمۇ ساقلاپ قالالايسەن.

ـ رەھىمجان ساۋۇت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە دامسى يېزا ئىچىبەلتىر شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ مەن ھەر قېتىم چۈشكۈنلەشكەن ۋاقتىمدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇشقا ئالدىرايمەن. «تەپەككۇر مېۋىلىرى» دىكى ھېكمەتلەرنى ئوقۇغىنىمدا روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. تۇرمۇشتا يولۇقۇپ جاۋاب تاپالمىغان سوئاللارغا «تەپەككۇر مېۋىلىرى»دىن جاۋاب تېپىۋالىمەن.

— قەلبىنۇر ئىمام

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات — تارقىتىش فاكۇلتېتى ئاخبارات كەسپى 2004 — يىللىق 2 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ ئانىسى بولۇپلا قالماستىن، جەمئىيەت ۋە دۇنيانىڭمۇ ئانىسى.

▲ ھەقىقىي ئەقىللىق كىشىلەر پۇشايماندىن ھېكمەت تاپىدۇ.

▲ قەلب گۈزەللىكىنى ھېس قىلالمىغان ئادەم دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى قانداقمۇ ھېس قىلالىسۇن.

— نۇرگۈل ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى 2 — يىللىق 6 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كۆز يېشى — ئۇ ۋاقىتلىق تەسەللى، ئەمما ئۇ ھەقىقىي ئاجىزلىقىڭغا تەن بەرگەنلىكىڭنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى.

▲ تۇرمۇش دېگەن سۆز مۇنداق ئىككى مەنىگە ئىگە: تۇرساڭ سەن مۇشتىنىڭ خوجايىنى، تۇرالمىساڭ سەن مۇشتىنىڭ مەڭگۈ قۇلى.

— نۇربىيە شېرىپ

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 5 — ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل — ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

▲ كىشىلەر ئالدىدا سۆزلەش ئادەمنى جۈرئەتلىك قىلسا، كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش سەۋر — تاقەتلىك قىلىدۇ.

— ئابدۇللا ئابلەت

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 — ئوتتۇرا مەكتەپ 1 — يىللىق 1 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ساپاسىز ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرى غۇنچىسى تۈرۈپ ئېچىلمىغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ ئاق بىلەن قارىنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتەلمىسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا قارا.

— تاھىرجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: قۇمۇل پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بالاڭنىڭ سورىغان سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرساڭ، كەلگۈسىدە ھەر قانچە سۆزلىسەڭمۇ قايىل قىلالمايسەن.

— ئوسمان ئەھمەتجان (ئوغلان)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە بازىرىدا

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى بولغاندەك، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئېغىرلىقنىڭ بىرلىكى كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقنىڭ بىرلىكى مېتىر بولغاندەك، ئىنسان غۇرۇر — ۋىجدانىنىڭ بىرلىكى لەۋزىدە تۇرۇش ياكى تۇرماسلىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

▲ «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ» دېگەن تەمسىل چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە: ئۆز ۋەتىنى ۋە مىللىتىدىن ۋاز كەچكۈچىلەرنىڭ ئاتچىلىك خىسلەتتىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

▲ ئۆز — ئۆزىنى قەدىرلەشنىڭ ئەڭ ياخشى دەستۇرى — ئۆزىنىڭ سۆز — ھەرىكىتىگە ئاخىرغىچە مەسئۇل بولۇشتۇر.

▲ پىيادە يول يۈرگۈچىلەر ئاتلىق يول يۈرگۈچىلەرگە قارىغاندا كۆپ جاپا — مۇشەققەت تارتقۇچى بولسىمۇ، ئەمما كەلگۈسىدىكى كارۋانلارغا يول باشلىغۇچى بولالايدۇ؛ ئاتلىق يول يۈرگۈچىلەر بولسا ئېتىدىن ئايرىلغان ھامان ئۆز روھىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ.

▲ دۇنيادا مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى قىلىمەن، دېگۈچىلەر كەشپىياتچىلاردۇر، مۇمكىن بولىدىغان ئىشلارنى ئارقىغا سۈرگۈچىلەر ۋاقىتنىڭ ئېغىر جاۋابكارلىرىدۇر.

— ئوبۇل ھېمىت (شاۋقۇن)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 — دىۋىزىيە تومشۇق شەھىرى پىچاقسۇندى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

*　　　*　　　*

▲ ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىماي، ھە دېسىلا يۇقىرىدىن سوراپ ئىش قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن — مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق باشلىقنىڭ 60 يەنلىك شاتۇتىدىن نېمە پەرقى؟

▲ تەۋەككۈلچىلىكنىڭ يېرىمى قارامىلىق بولسىمۇ، يېرىمى ئالدىن كۆرەرلىك.

▲ زامانغا ماسلىششنىڭ ئۆزىمۇ زاماننى چۈشىنىشتىكى ئەڭ چوڭ بىلىم.

— توختىنىياز ئالىم

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە چۇمباغ بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تۇرمۇش ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا توۋلايدىغان ناخشا.

▲ باشقىلارنى چۈشىنىش تىلدىن باشلىنىدۇ.

▲ سەگەك مېڭە — تەپەككۇرنىڭ قانىتىدۇر.

▲ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى باشقىلارنىڭ چىرايى ئىپادىسىدىن بىلىپ يەتكەنلەر دانىشمەنلەردۇر.

▲ تاماققا ھېرىس بولۇش سەمرىشنىڭ، ھاراققا ھېرىس بولۇش بۇزۇلۇشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

▲ مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن سومكا ئاسقان كۈنىڭ — كىشىلىك تۇرمۇش يۈكىنى ئارتقان كۈنىڭدۇر.

— ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ دېھقان خۇددى مېۋىلىك باغقا ئوخشايدۇ. مېۋىلەر پىشقاندا باغقا كېلىدىغانلار كۆپىيىدۇ، ئەمما مېۋىلەر تۆكۈلگەندە بولسا باغقا كېلىدىغانلار ئازىيىدۇ.

▲ ئەرلەر ئايالىنىڭ چىرايلىق، كۆيۈمچان بولۇشىنى، ئاياللار

بولسا ئەرلەرنىڭ قابىلىيەتلىك، كەڭ قورساق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

▲ ئەگەر سەن ھەقىقىي ئۇستاز بولساڭ، ئۇنداقتا ئۆزۈڭنىڭ قامىتىنى ئەينەكتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرىڭنىڭ ھۈنىرىدىن كۆرگىن.

▲ نامراتنىڭ قولى قىسقا، گۇناھكارنىڭ تىلى.

▲ ھاراق باشقىلارنىڭ بولغىنى بىلەن، ئاشقازان ئۆزۈڭنىڭ.

▲ خاتالىق ئۆتكۈزگەن چېغىڭدا: «دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق»دەپ ساڭا تەربىيە بەرگەن كىشى، دەل قايتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشىڭگە يول ئېچىپ بەرگەن كىشىدۇر.

▲ دوستۇڭ بىلەن دۈشمىنىڭنى بىرى خەتەرلىك پەيتتە، يەنە بىرى ھاراق سورۇنىدا سىنا.

▲ سىنىڭ گۇناھلىرىڭنى ئاناڭ كەچۈرۈۋېتەلىگىنى بىلەن، قانۇن كەچۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

▲ ئادەم پەقەت ھەر قانداق مۇھىتتا ئۆزى كۆنەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا، ھەر قانداق ۋەھشىي ھايۋاننىمۇ ئۆزىگە كۆندۈرەلەيدۇ.

▲ كەسپىي ئەخلاق ـ كەسپىنىڭ ئانىسى.

ـ ئابدۇللا ياقۇپ

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قورالىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە خۇنخاي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

* * *

▲ زىندان ئازابىدىن ۋىجدان ئازابى يامان

▲ ئاق قۇشقاچنىڭ قەدىرسىزلىنىشى بىزگە ھەمراھ بولغانلىقىدا، پەسىل قۇشلىرىنىڭ ئەتىۋارلىنىشى، بىزدىن ئايرىلىدىغانلىقىدا.

▲ ئىتنىڭ قاۋىشى تەشۋىشتىن، خورازنىڭ چىللىشى سۈبھىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ـ توختى ناسىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئىككى خىل ئادەم گۇمانخور كېلىدۇ: بىرى، ئەقىللىق ئادەم؛ بىرى، ھەسەتخور ئادەم.

▲ غالىبلار سەھەردە ئويغانسا، مەغلۇبىيەتچىلەر ساغرىسىغا ئاپتاپ چۈشكەندە ئويغىنىدۇ.

ـ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە، دېھقان

▲ سەن ئىككى كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈسەن، لېكىن سېنى مىڭ كۆز كۆرىدۇ.

ـ قۇربان موللىنىياز

---

ئاپتور: باي ناھىيە مالىيە ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك باج بۆلۈمىنىڭ تەشۋىقات خادىمى

▲ مەن مەڭگۈ پۈتكۈزۈپ بولالمايدىغان ھەم پۈتكۈزۈشنىمۇ خالىمايدىغان بىر «ئالىي مەكتەپ»بار، ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى.

▲ كىشىلەرنىڭ دەرەختىن ئۈزۈپ يېگەن مېۋىلىرىگە قارىغاندا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر دەرىخى»دىن ئۈزۈپ يېگەن مېۋىلەر قۇۋۋەتلىك دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئالدىنقىسى جىسمىڭىزگە قۇۋۋەت ئاتا قىلسا، كېيىنكىسى روھىيىتىڭىزنى پاكلاپ، مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

▲ خىرۇئىننى ئەڭ خەتەرلىك زەھەر دەيمىز. مېنىڭچە، ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك «زەھەر»بار، ئۇ بولسىمۇ ئىمان ـ ئېتىقادسىزلىق، غۇرۇرسىزلىق ۋە نومۇسسىزلىق. ئالدىنقىسى ئالدى بىلەن جىسمىڭىزنى خورىتىپ، مال ـ دۇنيايىڭىزنى تۈگەتسە، كېيىنكىسى روھىيىتىڭىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا بارلىقىڭىزنى تۈگىتىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ غەزىپىنى باسمىقى «يار ئېلىپ كەتكەن توغان»نى توسۇماقتىنمۇ تەس.

▲ ئادەم كۆپ ئەھۋالدا بىلمەي تۇرۇپ قىلغان ئىشىدىن ئەمەس، بەلكى بىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئىشىدىن مەغلۇپ بولىدۇ.

▲ بەزىدە سىنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىككى ئىش بار: بىرى، ئەڭ ئىشەنگەن ئادىمىڭنىڭ ئىشەنچىسىز بولۇشى، يەنە بىرى، سەن ئەڭ مۇكەممەل دېگەن نەرسىنىڭ كەمتۈك بولۇپ چىقىشى.

▲ مەلۇم ئىشنى چۈشەنەلمىگىنىڭدە، شۇ ئىشنىڭ ماھىيەت يۆنىلىشىنى 180 گرادۇس بۇراپ باق.

▲ ئوغۇللارغا ئوغۇلغا خاس غۇرۇر ـ جاسارەت ئاتا قىلىپ «ئەركەكنىڭ ئەركىكى»نى، قىزلارغا قىزغا خاس شەرم ـ ھايا، نازاكەت ئاتا قىلىپ، «گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى» قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان بىر مەكتەپ بار. ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى.

▲ ئارىمىزدا نۇرغۇنلىغان جاپاكەش نامسىز قەھرىمان بار: بىرىنچىسى ئانا، ئىككىنچىسى ئوقۇتقۇچى، ئۈچىنچىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكىدەك ئەل سۆيەر، جاپاكەش مۇھەررىرلەر. ئانا بىزگە ھاياتلىق بېرىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى بىزگە بىلىم بېرىدۇ؛ مۇھەررىرلەر جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە بىزگە روھىي ئوزۇق بېرىدۇ.

▲ قەيسەرلىك ـ ئوغۇللارنىڭ قىزلاردىن پەرقلىق خىسلىتى؛ مېھرىبانلىق ـ قىزلارنىڭ ئوغۇللاردىن پەرقلىق پەزىلىتى.

▲ ھاراق ـ تاماكا كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ، «كۆتەكتەك ـ كۆتەكتەك»يوغان ئەركەكلىرىمىزنىڭ ياپپاشلا ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدۇم.

▲ ئوغۇللار مەسئۇلىيەتچانلىقى، قەيسەر، چىدام ـ غەيرەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن «ئوغۇل»، قىزلار مېھرىبانلىقى، ئاق كۆڭۈل، نازاكەتلىك بولغانلىقى بىلەن «قىز»ھېسابلىنىدۇ.

ـئەكرەمجان ئىبراھىم ئۇيغۇرىي

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىزى ئۆچمىسۇن دېسەڭ، ئەجدادلىرىڭنىڭ ئىزىنى يېڭىلاپ تۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، باللارنىڭ بەختلىك ۋە بەختسىز بوپقېلىشىدا ئىككى خىل ئامىل بار: بىرى، جەمئىيەت، بىرى، ئائىلە، ئاتا ـ ئانىسىدۇر.

ـ تۇرسۇنجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا، دېھقان

▲ يالغان گەپنى تولا قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بىر بولسا باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىسى يوقىغانلاردۇر؛ بىر بولسا باشقىلارنى ئالداشنى ئۆزىنىڭ كەسپى قىلغانلاردۇر.

▲ كۈندە نەچچە رەت كىيىم يۆتكەپ، ياسىنىپ يۈرۈيدىغان ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى رەڭگارەڭ چىراغ.

— خەيرىنىسا مەھمۇت (سىرداش)

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 6- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆز ئىجادىي مېۋىلىرىگەدىن خاتىرە قالدۇرمىغانلىقلىق، يېڭى تۇغۇلغان بالاڭغا ئىسىم قويمىغان بىلەن ئوخشاش.

▲ ئەڭ نازۇك نەرسىلىرىڭنى كۆڭۈل ئۆيىگەدە ساقلا، چۈنكى بۇ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى پەقەت سەندىلا.

— ئادىلجان مەتتوختى

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2- يىللىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**ئوخچىغان تۇيغۇ**

▲ ئەل سۆيگەن يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى «ئۆلۈككە خەت»نى يېزىپ، جەمئىيىتىمىزدە ۋاپادار كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتىۋاتقان دېھقانلار مىللىتىمىزدىكى ئۆلۈك روھلارنى تىرىلدۈرۈۋاتىدۇ.

▲ دانالار تۈنۈگۈننى بۈگۈنگە ساۋاق قىلىدىكەن، ئاقىللار بولسا بۈگۈننى ئەتىگە ئىبرەت قىلىدىكەن. ئەمما مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىكى تەپەككۇر ئۈنچىلىرىنى كەلگۈسىگە ئەينەك قىلىمەن.

— نۇررەۋزى

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن 3- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

**سەممىيەتنىڭ ھاسلاتى - ھۆرمەت.**

— ئامانگۈل غوپۇر

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پەرۋىش ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر ئادەمنى ئۇنتۇشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ ئەگەر ئىندىيىگىزدىن ئۆتسە پەقەت بىر مىنۇت، ئىندىيىگىزدىن ئۆتمىسە بىر ئۆمۈر.

— ئايىمنىسا مەتياقۇپ

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى جۇڭگو تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى 2003- يىللىق 3- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدىكى بەزى قىزلار بىر بولسا ئائىلىسىنىڭ بايلىقىدىن، بىر بولسا نامراتلىقىدىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئابدۇشۈكۈر قاسىم

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزا ماكارىپ - تەنتەربىيە ئىشخانىسىنىڭ بوغالتىرى

▲ ھېسسىيات ئەقىلگە، ئەقىل ھېسسىياتقا خىرىس قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ بالىلىرى خۇپپىيانە رەسىدە بولغان قىزغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىمكانىيەت - ئەڭ زور ئېرىشىش.

— ھۆرىيەت مۇھەممەت

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە سايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

**تەپەككۇر تەرمەچلىرى**

▲ جان بېقىش كويىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلار - ئەۋلادلارنىڭ بەختىگە ئىككى سالىدىغان ئالۋاستى ھۈنەرۋەن.

▲ تۇرمۇشتىكى ئەڭ بىچارە ئادەم - قىلغان سۆزىنى باشقىلارغا ئاڭلىتالماي، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ نىشانسىز مېڭىلغان يولنىڭ مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدۇ.

▲ تورخانا - ئەقلى يوقلارغا گۆرخانا.

▲ كىشى ئۆيلىگەننى ئۆيلىغانلار غاپىل،
كىشى ئۆيلىمىگەننى ئۆيلىغانلار قابىل.

— تۇرسۇنجان ھەسەن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**ئىت پەلسەپىسى**

ياماندىن قورقىمەن، ياۋاشنى قورقۇتىمەن.

**ئۆكتەم باشلىق پەلسەپىسى**

ئۇنى دەيسەن، بۇنى دەيسەن، ئەڭ ئاخىر دېگىنىمگە كۆنىسەن.

**تەپەككۇر تەرمەچلىرى**

▲ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسىنى بەك كۆپ دېمە. بۇ، تەپەككۇرىمىز ئويغىنىشىنىڭ باشلانمىسى.

▲ ئاپىرىن! ھازىرقى ئوقۇغۇچىلىرىمىز نېمىنىڭ ھەقىقىي بىلىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تەپەككۇرى ئويغىنىشقا باشلاپتۇ. ئىشەنمىسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسىگە قاراپ باق.

▲ پىچاق بىلەن ئۇستىرىنىڭ پەرقى شۇكى، پىچاقنى ھەممە ئادەم ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇستىرىنى بولسا مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەرلا ئىشلىتەلەيدۇ.

— ئابلىكىم مەتخېلىل

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا تولۇقسىز 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**تەپەككۇر ھاسلاتلىرى**

▲ ئېتىقاد - ئەخلاقنىڭ ئىنىكئانىسى.

▲ بىلمەي خاتالىق ئۆتكۈزۈشلىك سەۋەنلىك ئەمەس، سەۋەنلىك، دەل سېنىڭ خاتالىقنى تونۇمىغانلىقىڭدا.

▲ كەلگۈسى ئانا بولمىش قىزلىرىمىزنىڭ قاۋاقخانا - بەزمىخانىلاردا

www.uyghurkitap.com

خىرامان كۆڭۈل ئىچىپ يايرىشى قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمىغان بىلەن، ھامان بىر كۈنى ۋىجدان سوتىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغان ۋاقتى، دەل تەپەككۇر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغان ۋاقتىدۇر.

▲ ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە كىشىلەردىن قاقشاپ ئۆتكۈچىلەر، ئۆزلىرىنى مەھكۇملۇق قەپىسىگە بەند قىلغۇچىلاردۇر.

ـ تۇرسۇنجان يۈسۈپ

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

*　　*　　*

▲ تەمەخورلۇق ـ ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىگە ئېرىششكە ئۇرۇنۇش.

▲ بىراۋنى ساقلاپ بىزار بولغان بىلەن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ساقلاپ بىزار بولما. ئۇ ساڭا ھەقىقىي ساقلاشنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا مەنە بېرىدۇ.

▲ نېمە قىلارىڭنى بىلمەي باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشىڭ، ئۆزۈڭ ھالڭ ئۈستىدە تۇرساڭمۇ، ھاڭنى كۆرمىگەنچە ئالدىڭغا قاراپ ماڭغىنىڭ.

ـ مۇھەممەتئېلىجان ئەزىز

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياخشى دوست بىر ياخشى كىتابقا ئوخشايدۇ.

ـ ئابدۇللاجان ئوبۇل

ئاپتور: يېڭىشەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇستەقىل كۆزقارىشى يوق، باشقىلارنىڭ سايىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگۈچىلەر، تۇرمىگە كىرمەي تۇرۇپ پۇتىغا كىشەن سېلىنغان كىشىلەردۇر.

▲ خەقنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈڭ بىلگەن يولدا مېڭىۋەرگىن، لېكىن ماڭغان يولۇڭ توغرا بولسۇن. كەينىڭدىن گەپ قىلغۇچىلار بەئەينى ئادەمگە قاراپ ھۈۋلايدىغان ئىتلارغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىتلار خىرىس قىلىشنىلا بىلىدۇ، قولىدىن باشقىسى كەلمەيدۇ.

ـ تۇرسۇنگۈل قۇربان

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قاقاس چۆل ـ جەزىرىدە بىر تېمىم سۇغا ئېھتىياجلىق بولىمىز، روھىيىتىمىز چاڭقىغاندا بولسا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا.

ـ ھەبىبۇللا تېيىپ (ئويتېكىن)

ئاپتور: كورلا شەھەر 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى بەزى ئەرلىرىمىزنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئەرلىكتىن مەھرۇم قىلغان بولسا، ھاراق ۋە چېكىملىككە بېرىلىش ئۇلارنى فىزىئولوگىيىلىك مەنىدىكى ئەرلىكتىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ.

ـ مەمتىمىن تۇرا

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە

▲ پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىق ـ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىككى پۇتى.

ـ ئابدۇقەييۇمجان ئابدۇرەھمان

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە جامالئېرەك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ بىھۇدە تۆلەنگەن بەدەل، شورلۇق يەرگە سېلىنغان ئۇرۇققا ئوخشايدۇ.

▲ بېخىللىق نامراتلىقتىن ئەمەس، ئاچ كۆزلۈكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ زۇلۇم زەنجىرى تەننى كىشەنلىسە، نادانلىق زەنجىرى روھنى كىشەنلەيدۇ.

▲ قەھرىمان ئادالەت يولىدا قۇربان بەرسە، خائىن پاراغەت يولىدا جان بېرىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئەلنىڭ بۇزۇلۇشى تەڭسىزلىكتىن، تۈزۈلۈشى ئادالەتتىن.

▲ ئىلىمنى ئالىمدىن، ئىبرەتنى ناداندىن ئال.

▲ گۈزەللىك ئىزدىسەڭ چىرايغا، ۋاپادارلىق ئىزدىسەڭ قەلبكە باق.

▲ ئالىمدىن ئەسەر قالىدۇ، زالىم پادىشاھتىن قەسىر.

▲ مەرد كىشى شۇكى، يولىنى توربغانلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، ئەدىيىسىنى بۇرمىلىغانلار بىلەن كۈرەش قىلىدۇ.

▲ ئىلىم ئەھلىنىڭ قايىللىقى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ مايىللىقىغا ئېرىشەلمىگەن ئەدىبنىڭ غېرىبلىقى مۇساپىرنىڭ غېرىبلىقىدىنمۇ ئارتۇق بولىدۇ.

▲ جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىكنى دەۋر ۋە زامانغا مەنسۇپ قىلغۇچىلار كۆپ بولدى، ئەمما شۇ ئىللەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئادەملەرنى ئەيىبلىگۈچىلەر ئاز بولدى.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، قانۇن كۈچ كۆرسىتەلمىگەن جايدا جىنايەت، ئەخلاق ۋە ھايا يوقالغان جايدا ياۋايىلىق ۋە ھايۋانىيلىق ئەۋج ئالىدۇ.

▲ دۇنيادا مەڭگۈلۈك تەسىر بار دېيىلسە، ئۇ، ئاتىنىڭ پەرزەنتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر.

▲ ھۇرۇنلۇقنىڭ داۋاسى ئاچلىق، بىلىم ئېلىشنىڭ پۇرسىتى ياشلىق.

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ نادانلىقى پەرزەنتنىڭ، زىيالىيلارنىڭ نادانلىقى مىللەتنىڭ بەختسىزلىكىدۇر.

▲ مەۋجۇدلۇقنى نادانلارنىڭ جىسمىدىن، ئاقىللارنىڭ روھىدىن ئىزدە.

▲ يازغۇچىنىڭ ئەسىرىگە تۇنجى باھانى ئوبزورچى، ئاخىرقى باھانى خەلق بېرىدۇ.

ـ ئەھمەتجان قاسىم

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئەمدىكى ئۈمىدىم، ئاشۇ ئاپتورلار قەدىمىنى قەلىمىگە ماسلاشتۇرالىسا.

▲ مىللىتىمىز كىشىلىرىنى تۆمۈر ئۇۋۇندىسىغا ئوخشاتسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى كۈچلۈك ماگنىتقا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ.

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ ساپاسى پەرزەنتنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن كۆرۈلىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ ساپاسى پەرزەنتلەرنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن.

ـ ئابلىكىم ئابلا

---

ئاپتور: ئاقسۇ ئاۋئاتسىيىسى ئاسمان بوشلۇقى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ دۇنيادا ئەڭ ئېغىر بەدەل تۆلەيدىغان كىشى، بىر ئۆمۈر قابىلىيەتسىز باشلىقنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمىگەن ئادەمدۇر.

ـ تۇرسۇن قۇربان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ بىز تۈنۈگۈننىڭ گۇۋاھچىسى، بۈگۈننىڭ خىزمەتكارى، ئەتىنىڭ ئىجادچىسى.

▲ ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى ـ پىكىر بىرلىكىدە.

ـ نۇرىمانگۈل روزى

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بالىنىڭ يىغىسى كۆزدە بولغىنى بىلەن، ئاتىنىڭ يىغىسى قان ئارىلاش يۈرەكتە بولىدۇ.

▲ خىيال ـ ئايىغى چىقماس يول.

ـ ئۆمەرجان ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: باي ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئونباش يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدا تېخنىك

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھاياسىز، ئېتىقادسىز، نومۇسسىز كىشىلەرنى ئاچچىق چۆچۈتۈپ ئويلاندۇرسا، پەزىلەتلىك ـ ئېسىل كىشىلەرنى ئادىمىلىك بىلەن ياشاشنىڭ تېپىلغۇسىز مەنىلىك ھايات ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تونۇتىدۇ.

ـ تۇرنىساگۈل ئابلىمىت

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

▲ ئەقلى يوق ئەخلاق نادامەت،
ئەخلاقى يوق ئەقىل مالامەت.

▲ تەبىئەتتە بىر تۈر يوقالسا، ئۇنىڭ ئورنىنى «مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى» يۇقىرى بولغان يەنە بىر تۈر ئالىدۇ.

ـ ھۆرىگۈل جارۇللا (تەشنايە)

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۈستۈن ئاتۇش يېزا لەڭگەر باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇئەللىمەسى

▲ سەرگەردان ـ جەمئىيەتنى چۈشىنىپ تۇرىدىغان، ئەمما ئېتىراپقا ئېلىنمايدىغان يېتىم جەمئىيەتشۇناس.

▲ تىل، ئۇنىڭ قەلبىنى بىل.

ـ ئەكرەمجان ئابدۇروسۇل (غەيۋانىي)

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئانامنىڭ ئىللىق قوينى ۋە ئاپئاق سۈتلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن بولسام، ئالىي مەكتەپتە قانمىغان بىلىم تەشنالىقىغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت مەتبۇئات بىلىم يۇرتىدا ئېرىشتىم.

ـ ئابلىكىم ئەيىنىدىن (ئۈمىد)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇردىن تامچىلار**

▲ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقنى بايقىغان دانا كىشى، ئاجىزلىقنى يەڭگۈچى قەيسەر كىشىدۇر.

▲ ئۆز مەغلۇبىيىتىنى باشقىلاردىن كۆرۈش مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ، باشقىلارنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش نومۇسسىزلارنىڭ ئىشى.

▲ جەمئىيىتىمىزگە، مىللىتىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغىنى ھېسسىياتچىلار ئەمەس، ئاقىللاردۇر.

▲ روھ پاكلاشتىكى ئەڭ ياخشى مەنىۋى دورا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدۇر.

▲ دوستۇم، دوست تۇتتۇڭمۇ؟ دوست تۇتمىغان بولساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى دوست تۇت، ئۇ سېنىڭ تاشقى قىياپىتىڭنى ئەمەس، روھىي دۇنيارىڭنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ـ ئابدۇجېلىل ئابدۇللا

---

ئاپتور: شايار ناھىيە تارىم يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ ئىككى يىل بىرگە يۈرۈپ چۈشىنەلمىگەن دوستۇمنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى بىرلا ئوقۇپ چۈشىنىۋالدىم.

ـ جۇماخۇن ئېلى (ياۋا بۆركۈت)

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى فىزىكا فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەڭ خۇشال بولغان ۋە ئازابلانغان ۋاقتىڭىزدا ئويلايدىغان ئادىمىڭىز، بىر بولسا ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىز، بىر بولسا دۈشمىنىڭىز.

▲ دوختۇرخانا كارىدورىغا ئاڭلىنىۋاتقان بىمارنىڭ ئاجىز ئېڭراشلىرى مېنى ھاياتنى قايتا چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

▲ كۆيۈمسىز بولسىڭىز يات ـ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىپ تۇرۇڭ، شۇندىلا ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

▲ بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېيىش، بىر بولسا ھەقىقىي،

بىر بولسا ئالدامچىلىق.

ـ نۇرىمانگۈل ئەزىز

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدا

▲ ئاتا ـ ئانىڭدىن باشقا كىشى مەنپەئەتتە سىنىلىدۇ.

▲ ئانائىنىڭ سېنى بىر مەزگىل تاشلاپ كەتكىنىدىن ئۇنى تاش يۈرەككەن دېمە، ئۇ ساڭا مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەتمەكچى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسى خۇددى «دۇنيادىكى ئىشلار» پروگراممىسىغا ئوخشاش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى نويۇزلۇق ھالدا بايان قىلىدۇ.

▲ بولۇمسىز دېھقاننىڭ ئۆيىدىكى چاشقانلار سەمرىپ، قويلار ئورۇقلايدۇ؛ بېخىل ئادەمنىڭ ئۆيىدىكى ماللار سەمرىپ، باللار ئورۇقلايدۇ.

▲ ئۇيغۇر تۇرۇپ «ئۇيغۇرچە بىلمەيمەن» دېيىش، ئۆز ئانىسى ئالدىدا تۇرسا، «تونۇمايمەن» دېيىش بىلەن باراۋەر.

▲ بۈگۈنكى بەزى ياشلىرىمىز دىسكوخانا، قاۋاقخانىلاردا ھاراق ـ تاماكا ئېلىشقا خەجلىگەن پۇلىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشقا خەجلىگەن بولسا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانچىلىك بىلىمگە ئىگە بولغان بولاتتى.

ـ رىزۋانگۈل مجىت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىرلەشمە تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بوۋام ئاتامغا: «ئاچارچىلىقتا ئۆلسەڭمۇ،باشقىلارنىڭ تەييار نېنىنى ئوغرىلىما» دەپ تەلىم بەرگەنىكەن. مەن بالامغا كەلگۈسىدە «باشقىلارنىڭ قورسىقىدىكى ‹ئۇماچ›نى ئوغرىلا» دەپ تەلىم بېرىشىم مۇمكىن.

ـ قۇناجى غوپۇر

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا ساي كەنتىدە، دېھقان

▲ سەن نېمىدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىڭنى شۇ نەرسە قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلىسەن.

ـ ھەسەنجان يۇنۇس

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە تۇمشۇق شەھىرى 53 ـ پولك 13 ـ روتىدا، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ «ئۆلگىلىك دەرس»تىن يا ئۆلگىنى كۆرۈسەن، يا تۆلكىنى.

▲ ماختىنىشقا توغرا كەلسە، ئېتىڭدىن ئەمەس، ئېيىڭدىن ماختان.

▲ سەن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشنى بىختىن ئۆگەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى قەلبى ئويغاقلارنى قەلەمگە دەۋەت قىلغۇچى مەدەتكار.

▲ خروئىن سودىگىرى قان چىقارماي جان ئالىدىغان جاللات.

▲ خروئىن چەككۈچى ـ قەرەللىك بومبىنى ئۆزىگە تېڭىپ يۈرگۈچى.

▲ شارائىتتىن ئاغرىنساڭ، ئانتاركتىكىدىكى ئېيىقنى ئويلا.

▲ سەن باشقىلارغا باھا بېرىۋاتقىنىڭدا، ساڭىمۇ باشقىلارنىڭ باھا بېرىدىغانلىقىنى ئويلا.

ـ غوپۇرجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: نىلقا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تۇنجى تەپەككۇرۇم

▲ تۈز يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ تەمىنى تەڭشەيدۇ، ۋىجدان ئادىمىيلىكنى دەڭسەيدۇ.

▲ دۇنيادا ئەڭ يۈگرۈك نەرسە كۆڭۈل ۋە خىيال، ئەڭ ئاستا نەرسە ـ ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە نەتىجە.

▲ باھانە ـ ئىرادىسىزغا دەسمايە، ھۇرۇنغا قالپاق، بىخۇدقا ئۇيقۇ.

ـ ئامانگۈل قادىر

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ مىللەتنىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقىنى قازغان ئەسەر، مەدەنىيەت غەلۋىرىدىن چىققان ئۈگۈت.

▲ پۇرسەت ئىزدىگۈچىلەر ئۈچ خىل كىشىلەردۇر: بىرى، ئىزدىنىش ئىچىدە نىشانلىق ئوق ئاتقۇچىلاردۇر، ئىككىنچى خىلى، شەخسىيتى ئۈچۈن يالاقچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، ئۈچىنچى خىلدىكىلەر، كۆرەلمەسلىك، ھەسەت ئىلكىدە باشقىلارغا تۇزاق قويغۇچىلاردۇر.

▲ بىزدە مەغلۇبىيەتتىن بۇرۇن مەسلىھەت بەرگۈچىلەردىن، مەغلۇبىيەتتىن كېيىن مەسلىھەت بەرگۈچىلەر كۆپ.

▲ ئائىلىدىن زارلىغان پەزىلەتسىز، مەكتەپتىن زارلىغان بىلىمسىز، جەمئىيەتتىن زارلىغان ئىقتىدارسىز، ئۆچىلىسىدىن زارلىغان يارامسىز.

▲ غۇرۇر ـ ۋىجدان ـ ھۆرمىتىڭ، كۆرەلمەسلىك ـ ھەسرىتىڭ، چېقىمچىلىق ـ سەتلىكىڭ، پورداقچىلىق ـ پەسلىكىڭ، زەئىپلىكىڭ ـ نەسلىكىڭ.

▲ ئانا ھايالىق بولسا قىزى ئىززەتلىك، ئاتا ھايالىق بولسا ئوغلى ھۆرمەتلىك بولىدۇ.

▲ ھەيران قالىدىغان نەرسەڭ قانچە كۆپ بولسا، نادانلىقىڭ شۇنچە ئاشكارىلىنىدۇ.

ـ ئالىم مۇھەممەت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى پۈتكۈل دۇنياغا ئىنسانىيەتكە ئورتاق كۆز قاراش ـ ئىنساپەرۋەرلىك بىلەن قارايدۇ.

▲ چۈشىنىكسىز ۋە سىرلىق بۇ دۇنيا پەقەت يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىلا روشەنلىشىدۇ.

ـ سوقرات تاشمۇھەممەت

---

ئاپتور: چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيە قوغۇنچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### ئەقىلدىن ئۈنچە ـ مارجانلار

▲ مەغرۇرلۇق مەغلۇبىيەتنى، ئالدىراقسانلىق ئوڭۇشسىزلىقنى، سۇسلۇق پۇشايماننى، قەھر ـ غەزەپ دۈشمەننى تۇغىدۇ.

▲ كۆز ـ قۇلاق ـ ئەقىلنىڭ ئەلچىسى، ئەقىل ـ پۇت ـ قولنىڭ يېتەكچىسى.

▲ خىيال، ئۈمىد، بىلىم، تەرەققىياتنىڭ چېكى يوق.

▲ قاراقچىنىڭ ئېتى يۈگرۈك، ئالدامچىنىڭ تىلى.

▲ بىر ياخشى ئانا ـ بىر ياخشى مەكتەپ، بىر ياخشى كىتاب ـ بىر ياخشى ئۇستاز.

▲ باشقىلارنى ئۆلۈم خەۋپىدە كۆرسىمۇ قۇتقۇزمىغانلار، شەكلىسىز جىنايەتكار.

▲ ھاياسىز خوتۇندىن، ۋاپاسىز بالىدىن، بىلىمسىز سەپداشتىن، ئەقىلسىز يولداشتىن ھېزى بول.

▲ ھاياسىز، ۋاپاسىز، نومۇسسىز خوتۇن چىرىگەن گۆشكە ئوخشايدۇ.

▲ ھۆسنىگىدىن مەغرۇرلانما، نادان قىز، گۈل گۈزەل بولغاچ باشقىلار ئۈزۈۋالىدۇ.

▲ ئەقىل ـ دۇنياۋى ئورتاق تىل.

▲ مەنمەنچىنىڭ سۆزى يامان، پاھىشىنىڭ كۆزى.

▲ ئەلەمدار قورال بىلەن تەختكە يەتتى، قەلەمدار قەلەم بىلەن بەختكە.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

### تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا كىتاب ـ ماتېرىياللىرىڭغا كىيىم ـ كېچەكىڭگە ئېتىبار بەرگەندەك ئېتىبار بەرگەن بولساڭ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىشسىز قېلىشتىن ئەندىشە قىلمىغان بولاتتىڭ.

▲ بۆرە بىلەن ئېلىشالايدىغان جاسارىتىڭ بولمىسا، قوي باقىمەن، دېمە.

▲ كىشىلىك تۇرمۇش بولسا چەت ئەل تىللىرىنى سۆزلىگەنگە ئوخشايدۇ، كۆپ ساندىكى كىشى ئۇنى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قويىدۇ.

▲ شەخسىيەتچىلىك ـ سىزنى دۇنيادىن ئايرىپ تۇرىدىغان توسۇق تام.

ـ زۆھرەگۈل مۇسا (تۇمارس)

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى مائارىپ ئىنستىتۇتى 2005 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر جاۋاھىراتلىرى

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، بىلىم ئۆز قەدرىنى تاپالمىغان جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشى ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇپ سۇيىئىستېمال قىلىدۇ. نەتىجىدە، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش جاھاندىكى ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

▲ لەقەم ـ شەكلى ئۆزگەرگەن فامىلىدۇر.

▲ قامچاڭ بەك ئۇزۇن بوپكەتسە، ئۇچى ئۆزۈڭگە تېگىدۇ.

▲ نادان ئەلدە ھارافكەشكە ئۆلپەت تولا، نامراتقا كۆلپەت.

▲ ساپاسىز ئەرنىڭ ئۆزىدىن چوڭ پۇلدار ئايالغا ئۆيلىنىشى خۇددى قارىغۇ مۈشۈكنىڭ ئۆلۈك چاشقانغا ئۇچراپ قالغىنىدەك بىر ئىشتۇر.

▲ جاھىل ئادەم ئىچىدىن قېرىيدۇ.

▲ مۇنداق ئىككى خىل ئادەم پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئاپەت: بىرى، قېرىغاندا بۇزۇلغان ئادەم؛ يەنە بىرى، تاكى ئۆلگىچە ھاراق تاشلىيالمىغان كىشى.

ـ ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور: پىچان ناھىيە تويۇق يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئاياللار ئايالغۇچىلاردۇر، ئايلىنىشقا ئېرىشەلمىگەن ئاياللار ئازغاشقۇچىلاردۇر.

▲ بىر يېگىلىق بارلىققا كەلمىگىچە، كونا «ئەنئەنە»گە ئايلانماس.

ـ خالنۇر تىلەم

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپى 2002 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تۇرمۇش دولقۇنلىرىدىن...

▲ ئەمەلىي ئىش قىلىش قابىلىيىتى تۆۋەن كىشىلەر كۆپىنچە ھالدا داۋراڭ سېلىشقا، باشقىلارنىڭ ماختاش سۆزىگە ئامراق كېلىدۇ.

▲ «بالىلار مىللەتنىڭ ئۈمىدى ۋە كەلگۈسى»، ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىزچۇ؟

▲ ھاياسىز قىزلار ـ مەسئۇلىيەتسىز يىگىتلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوۋ نىشانىدۇر.

▲ پۇرسەت ـ ۋاقىت ۋە ئىرادىنىڭ رېئاللىق بىلەن بىرىكىشىدۇر.

ـ مۇساجان زىيائىددىن

ئاپتور: كورلا شەھەر توبىرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ كومپيۇتېر ئوقۇتقۇچىسى

### تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ مېڭىۋاتقانلار ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە تەڭ قاراپ مېڭىۋاتقانلار؛ يەنە بىرى، يەرگە، ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ مېڭىۋاتقانلار. بۇلاردىن ئىككى خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ: ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە تەڭ قاراپ مېڭىۋاتقانلار نادانلىق ۋە ئەخمەقلىقتىن قۇتۇلىدۇ؛ يەرگە، ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ مېڭىۋاتقانلار نادانلىق ھەم ئەخمەقلىق پاتقىقىغا پاتىدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ سېنى ئۆچ كۆرۈشىدىن قورقما، بۇ تەبىئىي ئەھۋال؛ ھەر جەھەتتە سەندىن ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆچ كۆرۈشىدىن قورقمساڭ بولمايدۇ.

▲ ئىز دېگەن باشقىلارنىڭ دەسسەپ بۇزۇۋېتىشىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ دەسسىمەي يىراقلاپ كېتىپ ئۇزۇلۇكىدىن ئۆچۈپ قېلىشىدىن ئەڭ قورقىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە

**مۇنبەر چېقىنلىرى**

▲ تارىخ گەرچە شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ماھىيەتلىك ئورتاقلىقلار بىلەن تولغان.

▲ خەلقنىڭ ئويغىنىشى ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي شارائىتلىرىغا يارىشا بولىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى ئارقىلىق جەمئىيەت بىلەن ھەقىقىي مەنىدە بىرلىشەلەيدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، شوئارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى ئاجىزلىق ۋە ساختىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ھەرىكەت ئىدىيىنىڭ يالىڭاچلىنىشىدۇر.

▲ ئەگەر ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ «تۇنجى ئۇستاز»لىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالىسا ئىدى، ئۇ چاغدا مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى زور دەرىجىدە يېنىكلىگەن بولاتتى.

▲ ئۆز تەربىيىسى بولمىسا، ئۆزىمۇ بولمايدۇ.

▲ بويسۇنۇش ئادەتلەنسە، قانداقتۇر ھوقۇق توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ ئورنى قالمايدۇ.

ـ ئابدۇرەھمجان يۈسۈپ ئۈمىد

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ دۇنيا پۇلدارلارنىڭمۇ ئەمەس، ھوقۇقدارلارنىڭمۇ ئەمەس، پەقەت مۇئەييەن مەقسەت بىلەن بىرىككەنلەرنىڭ.

ـ ئادىل يۇنۇس

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئاقنى قارا قىلىش ئاسان بولغان بىلەن، قارىنى ئاسانلىقچە ئاق قىلغىلى بولمايدىكەن.

ـ ئابدۇسەمەت سىراجى

ئاپتور: لوپ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ (ئىجتىمائىي پەن) ئوقۇغۇچىسى

**كۆل ئارىسىدا ئويلىغانلىرىم**

▲ پۇرسەتنى يەنە چۈشەنمىدىڭمۇ، دوستۇم: قېنى يۈرە! بازارغا ئەمەس، مازارغا بارايلى.

▲ مۇشتۇمىڭنى ئالدىراپ كۆتۈرمە، دوستۇم، ھەركىمنىڭ يۈرىكى ئۆزى بىلەن بىللە!...

▲ دېدىمكى: ئىھ ھايات، سەن زادى نەدە؟

دېدىكى ھايات: سەكراتتىكى زاتنىڭ كۆز يېشىنى تېتىپ باق.

ـ ئىبراھىم ھاجى (زىيا)

ئاپتور: شىخو شەھىرى لەڭگەر مەھەللىسى 149 ـ قورۇدا

▲ تاسادىپىي نىكاھ ئوخشىغان مەززىلىك تاماققىمۇ، تەمى يوق تۇزسىز ئاشقىمۇ ئوخشىشى مۇمكىن، مۇھىمى ئاشپەزلىكتىن خەۋىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا.

ـ گۈلباھار مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر پاختەكلە يېزا 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

**تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى**

▲ بەزىلەر كەلگۈسىنى گۈزەل دەيدىكەن، مەن دەيمەن، كەلگۈسى ئالقىنىمدىكى ھازىر ۋە بۈگۈندىن ئىبارەت.

▲ ساپ تۇيغۇ ـ ئىنسانغا بېرىلگەن ۋەھيى.

▲ بەختلىك بولۇشقا قادىر بولالمىغانلار باشقىلارنىڭ بەختىگە زامىن بولغۇچىلاردۇر.

▲ تاسادىپىي سوئالدىن ھەقىقەت تۇغۇلىدۇ.

▲ ھەممە نەرسە ئۆزىگە ئوخشىغاندا دۇنيا گۈزەل بولىدۇ.

▲ غايە ـ ھاياتنىڭ تۇز ـ تەمى.

▲ مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ بۇ سوئالغا ئادەمنىڭ ئۆزى جاۋاب بېرىشى كېرەك، باشقىلارنىڭ گېپى ئۆزىگە ھېساب.

▲ ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمىگەن ئادەم قۇل.

▲ مەنىۋىيىتى پۇچەك ئادەملەر ھامان باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ياشايدۇ.

ـ نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**تۇنجى تەپەككۇرۇم**

▲ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ئىپلاسلىق، مۇھەببەتنى يوشۇرۇش ئىخلاسلىق.

▲ ئىككى خىل ئادەم سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ: بىرى، سېنى پەقەتلا چۈشەنمەيدىغانلار، يەنە بىرى، سېنى تولۇق چۈشىنىدىغانلار.

▲ ئانىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بالىلارنىڭ غۇرۇرى، بالا ئانا ئارقىلىق ئۆز غۇرۇرىنى تاپىدۇ.

ـ نۇربىيە جامال

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى**

▲ چەكتىن ئاشقان ياخشىلىق چەكتىن ئاشقان گۇماننى تۇغدۇرىدۇ.

▲ بىلىمىڭدىن ئۆگەنسۇن، ئەخلاقىڭدىن ئەيمەنسۇن.

▲ پايدىغا يول قويۇش ـ سېخىيلىقنىڭ، زىيانغا يول قويۇش ـ ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ ئۆمۈر نىشان، ئەجەل ئوق.

▲ ئۆلۈمنى ئېسىگە ئالمايدىغان ئادەمگە نەسىھەت قىلما.

▲ سەپسەتىنىڭ ئانىسى خائىن، بالىسى جاللات، ئاتىسى زوراۋان؛ ھەقىقەتنىڭ ئانىسى قەھرىمان، بالىسى سەبىي، ئاتىسى ئاۋام.

▲ ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە پىلان زىيادە كۆپ بولىدۇ.

▲ پەقەت ئۆلۈم ئالدىدىلا ئەڭ ياخشى دوستۇڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

www.uyghurkitap.com

▲ مىراس ـ بىر تۇغقان، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى سىنايدىغان سىناق.

▲ نادانغا نەسىھەت قىلغىچە تەستەك سال.

▲ ھازازۇل خوتۇن ئەر كىشىگە چاپلاشقان مەرەز كېسەلگە ئوخشايدۇ.

▲ ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش بىردە كىشىنى كەمتەر قىلسا، بىردە مەغرۇر قىلىدۇ.

▲ ئائىلىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈنگەن ئەر ۋاپادار ئەر، مىللىتىگە، ۋەتىنىگە كۆيۈنگەن ئەر ۋەتەنپەرۋەر ئەر، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كۆيۈنگەن ئەر ئىنسانپەرۋەر ئەر.

ـ ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

* * *

▲ مۇھەببەت ئادەمنى بەگمۇ قىلىدۇ، قۇلمۇ قىلىدۇ.

▲ گۈگۈم بۈگۈننىڭ دەپنە مۇراسىمى، ئەتىنىڭ تولغىقى.

ـ سىددىقجان يۈسۈپ (قاپلان)

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى فىزىكا فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كېچىدىكى ئەڭ ئازابلىق ئىش ئۇيقۇسىزلىق بولسا، كۈندۈزدىكى ئەڭ ئازابلىق ئىش بىكارچىلىق.

ـ شۆكۈر ئابلا

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ پۇل قايسى يول بىلەن كىرگەن بولسا، شۇ يول بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

ـ نەزىرە روزاخۇن

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە شوتا يېزا مالدوختۇرلۇق پونكىتىدا دوختۇر

▲ بۈگۈنكى ئالدانغانلار، ئەتىكى ئالدامچىلارنىڭ ئۇرۇقى.

▲ ئادەمنى ئۆزگەرتكەنمۇ مەكتەپ، تۈزەتكەنمۇ مەكتەپ.

ـ باتۇرجان ئابدۇئەزىز

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سىز راست گەپ ئاڭلىماقچى، ھاياتنى چۈشەنمەكچى، ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى، ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقچى بولسىڭىز، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇڭ.

ـ نۇرمۇھەممەت ھېمىت

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇغقىنى تاشقا ئۇرغۇچىلار ـ بىر بولسا نادان، بىر بولسا جاسارەتلىك كىشىلەر.

ـ مەھمۇت ئەھمەت

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيىدىكى ئوقۇتقۇچىسى

▲ بالىدىكى ئۆزگىرىشنى پەقەت ئانىلا ھېس قىلالايدۇ.

▲ دەرد ئالدىدا ئايال يىغلايدۇ، ئەر مۇڭلىنىدۇ.

ـ خاسىيەت ھاپىز

ئاپتور: ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىدا

▲ ھەسەتخوردىن بەختىڭنى، سۆزمەندىن دەردىڭنى يوشۇر.

ـ ئاپپاشا مامۇت

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئەمەلىيەتتىكى 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشى.

▲ كىشىلەرنى دىنىي رىۋايەتلەردىكى ئۇ دۇنيادا مۇنكىر ـ نەكىر، بۇ دۇنيادا شائىر بىلەن شېئىر سوراققا تارتىدۇ.

ـ روزى سوپى ئۇچتېكىن

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە ئارال يېزا «ئۈمىد» مەكتىپىنىڭ خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچىسى

## ھەقىقەت سادالىرى

▲ دۇنيادىكى ئەڭ لەززەتلىك نەرسە، ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولغىنىدۇر.

▲ سەممىيەت ئادىمىيلىكنىڭ تارازىسىدۇر.

▲ ئاياللارغا مۇنداق بىر نەسىھەتىم بار: «ئېرىم يامان دەپ سىرتقا چىقىپ ياتالمايسىلەر، بالام يامان دەپ بازارغا ئاپىرىپ ساتالمايسىلەر». شۇڭا سىلەردە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئۆزگە چارە يوق.

▲ ئەڭ چوڭ جىنايەت، قولىدىن كەلگەن ئىشنى قىلماسلىقتۇر.

▲ چىن ئىرادە بىلەن قىلغان ئىشنىڭ جاپاسىمۇ راھەت بىلىنىدۇ.

▲ دوست ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: دوستۇڭ، دوستۇڭنىڭ دوستى، دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى؛ دۈشمەن ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: دۈشمىنىڭ، دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى، دۈشمىنىڭنىڭ دوستى.

▲ پۇلنىڭ بەلگىلىك فورمىسى يوق، ئۇ كىمنىڭ قولىغا چۈشسە شۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ چىراي ـ كۆڭۈلنى ئاشكارىلايدىغان ئېكران.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم، ئۆز ھاياتىدىن رازى بولغان ئادەمدۇر.

▲ ھۇرۇنلۇق ـ تالانتنى يەيدىغان يالماۋۇز.

▲ ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۈگۈنى «نېمە ئۈچۈن؟» دۇر. ئىنساننىڭ قۇلىقىنىڭ سوئال بەلگىسىدە بولۇشىدىكى ھېكمەتمۇ شۇ بولسا كېرەك.

ـ خەلىل ھۇسەن مۇجاۋىرىي

---

ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

*　　*　　*

▲ سىزگە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا دۈشمەن چىقىدۇ: بىرى، ھەممە ئىشتا غالىبىيەتچى بولغىنىڭىزدا؛ يەنە بىرى، ھەممە ئىشتا مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگىنىڭىزدە.

▲ مەكتەپ ـ كارتىنا، جەمئىيەت رېئاللىق، رىقابەت جەڭگاھ، ئۇزۇپ چىققانلار غەلىبە قىلىپ قايتقان «ئەسكەر»لەردۇر.

ـ ئابلەتجان زەئىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەقىقەت ئۆزىنى تونۇغۇچى ۋە ھاياتنى بېغىشلىغۇچىنىڭ قولىدا.

ـ نۇرمۇھەممەت قۇربان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە بازىرى تانايىبېشى كەنتىدە، دېھقان

▲ مۇھەببەت كىرىش ئاسان، چىقىش مۇشكۇل سازلىقتۇر.

ـ زۇبەيدە ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قانۇن ئوچۇق ئەخلاق، ئەخلاق بولسا يوشۇرۇن قانۇن.

▲ ئاجىزلار پۇرسەت كۈتىدۇ، كۈچلۈكلەر پۇرسەتنى ئۆزى يارىتىدۇ.

ـ مۇھەممەت ھەبىبۇللا

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سېنى 1 ـ قېتىم ئالدىغان كىشى 2 ـ قېتىممۇ چوقۇم ئالدايدۇ، سەن ياش تۆكۈشكە ئەرزىيدىغان كىشى كۆزۈڭدىن ياش چىقارمايدۇ.

ـ نۇرگۈل تەلئەت

---

ئاپتور: چاقىلىق ناھىيە ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ خادىمى

**پەرىشان كۆزلەردىكى نۇر**

▲ ئاق بۇلۇت گۈزەل، لېكىن ئۇ قۇپقۇرۇق؛ قارا بۇلۇت ۋەھىملىك، بىراق ئۇ ساخاۋەتچى.

▲ قەپەس ئىچىدىكى يولۋاس ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىدەك، قېلىپ ئىچىدىكى مۇھىتتا ياشاۋاتقان ئادەم ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى يوقىتىدۇ.

▲ ئازاد بولمىغان روھ ئاسارەتتىقە بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ دەۋرنىڭ يۈزلىنىشىگە ئەگىشەلمەيدۇ.

ـ ئابدۇمەجىد مۇھەممەتئىمىن نىجاتكار

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى 2001 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

*　　*　　*

▲ بۈگۈن ئۆزۈڭنى بىلمىسەڭ، ئەتە ئۆزۈڭنى مەڭگۈ تاپالمايسەن.

▲ كۆڭۈل ئەقىللىق ساراڭدۇر.

ـ ئەبۇبەكر توختىروزى (ئارىف)

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا توغرىئېرىق كەنتىدە، دېھقان

**كەمتۈك پىكىرلەر**

▲ ئوتنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە تۈتاشتۇرالايدىغان ۋە ئۆز ئەسىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتقا تاشلىيالايدىغان ئادەم شائىر بولغىنى تۈزۈك.

▲ ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ رولىنى قاملاشتۇرۇپ ئالالايدىغان ئادەم ئارتىس بولغىنى ياخشى.

▲ ھېچقانداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بولماسلىق ـ «تەڭ تەقسىماتچىلىق» ئىللىتىنىڭ ساقىندى كېسىلىدۇر.

ـ ئابدۇللام ئاۋۇت

---

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ساياھەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى

*　　*　　*

▲ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۆگۈنى ـ پەرزەنتلەرنىڭ ئەتىسى.

ـ بۇۋىخەلىچەم سۇلتان

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ شېرىن سۆز ۋاقىتلىق ئېھتىياج، ئىبرەتلىك سۆز مەڭگۈلۈك.

ـ ئوسمان ئەھمەتجان

---

ئاپتور: خوتەن شەھەر چوڭ بازار 2 ـ كوچا 1 ـ دۇكاندا

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى تۇنجى قېتىم قولغا ئالغان ۋاقتىمدا، ئاندىن ھەقىقىي بىر سىرداش دوستقا ئېرىشكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

▲ دوستۇم، ئاغزاكى جاۋابنى كۈتمەڭ، بەلكىم قارشى تەرەپنىڭ سۈكۈتى ئارقىلىقمۇ سىز ئالالماقچان جاۋابقا ئېرىشىپ بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ـ كاملجان سىددىق

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت**

www.uyghurkitap.com



# تىزتىراپلىق سوئاللار

(فېلىيەتون)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تاياس

## «ئۇنىڭ سىرتىدا»

A

▲ گۈل ـ غۇنچە شۇنچە گۈزەل ۋە پۇراقلىق بولغىنى ئۈچۈن ۋاقىتسىز ئۈزۈلىدۇ. ئەمما ئازغان ـ تىكەنلەر ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ھەسەلنىڭ تاتلىقلىقى ئۈچۈن ھەسەل ھەرىسى مەدھىيىلىنىدۇ. ئەمما ئاشۇ ھەرىگە ھەسەل بەرگەن چېچەك ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ھەسەل ھەرقانچە تاتلىق بولسىمۇ، كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ. ئەمما ئەڭ ئاددىي يېمەكلىك بولغان نان ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ مېۋىلىك دەرەخ مېۋە بەرگىنى ئۈچۈن باش ـ كۆزىگە تاياق تېگىدۇ، شاخلىرى سۇندۇرۇلىدۇ. ئەمما مېۋىسىز دەرەخ ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ بارلىق دەل ـ دەرەخ ئۆزى تاللىغان شەكىلدە خالىغانچە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئەمما ھەر پەسىلدە قايچىلىنىپ تۇرىدىغان بىچارە زىننەت دەرەخلىرى ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ قار، قىش بوۋاينىڭ زېمىنغا چاچقان كۈمۈش چاچقۇلىرى بولسا، يامغۇر، ياز ئانىنىڭ مېھىر تامچىلىرى. ئەمما مۆلدۈر ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئۈيۈلتاش مەيلى قار ـ يامغۇر، مەيلى بوران ـ قۇيۇندا قالسۇن، مىدىر ـ سىدىر قىلمايدۇ. ئەمما باغرى يۇمشاق قۇم ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ دېڭىزدىكى كېمىلەر ئالغا سىلجىسا كۆزگە كۆرۈنىدىغىنى گەدەيگەك يەلكەن بولىدۇ. ئەمما ئاشۇ يەلكەننى ئىتتىرىپ ماڭغان شەكىلسىز شامال ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ شەھەرلەردىكى فونتان ھەرقانچە ئېگىزگە ئېتىلىپ چىقسىمۇ، توك بولمىسا شۇ ھامان توختاپ قالىدۇ. ئەمما سەھرالاردىكى بۇلاق ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ شام بىلەن توك ئۆيلەرنى يورۇتۇپ بەرگىنى ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما كائىناتنى يورۇتقان قۇياش ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ يېمەك ـ ئىچمەككە ئىشلىتىلىدىغان سەرەمجانلار قارا بولۇپقالسا پاكىز ھېسابلانمايدۇ. ئەمما قازان ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ پۇل دەپ ئاتالغان رەڭلىك قەغەز يۇرەكنىڭ ئۈستىدىكى تۆش يانچۇقتا ئەتىۋارلاپ ساقلىنىدۇ. ئەمما قەغەز جەمەتىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭ سىرتىدا.

B

▲ شا تۇتى بۇلبۇلنى دورىيالىغىنى ئۈچۈن «تالانتلىق» سانىلىدۇ. ئەمما بۇلبۇل ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ جاھاندىكى بارلىق قۇش ئۆزى ئۇۋا ياساپ، تۇخۇمنى ئۆزى بېسىپ چىقىرىدۇ ۋە چۈجىلىرىنىمۇ ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئەمما نەگىلا بارسا ئۆز ئىسمىنى چاقىرىپ يۈرۈيدىغان كاككۇك ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئىگىسىگە بىرنى تۇخۇملاپ بەرگەن مېكىيان ئالەمنى بېشىغا كىيىپ ۋاتاقلايدۇ. ئەمما تۈلكە ـ قاۋاننى ئۇۋلاپ بەرگەن بۈركۈت ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ لەگلەك ھەرقانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ بىر تال يىپقا باغلىنىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆز نىشانىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئەمما ئۇچار قۇشلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

## قىرتاق پاراگلار

▲ قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ. ئەمما قۇزغۇن ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ كۇندۇزى ھەرىكەت قىلىدىغان بارلىق جانلىق نەرسىلەرنى پەرق ئېتىشتە كۆزگە تايىنىدۇ. ئەمما كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان شەپەرەڭ ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ لاچىن ئۆزى ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ تاپىنى ھەرگىز يېمەيدۇ. ئەمما تاز قارا ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمايدۇ. ئەمما كالىلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ئۆلىدۇ. ئەمما قوش ماكانلىق ھايۋان سانىلىدىغان پاقا بىلەن يىلان ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ بۆرە ئاچلىقتىن ئۆلسىمۇ قولغا كۆنمەيدۇ. ئەمما ئىتلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئېشەكلەر پۇتى بىر سېيىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچىلەپ ئۆتمەيدۇ. ئەمما قېچىرلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ قويلارنىڭ قۇيرىقى ئېچىلىپ قالسا ئەيىب. ئەمما ئۆچكىلەر ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ھەر قېتىملىق بەيگىدە بىردىن ئادەم ئېسىل مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئەمما ئاشۇ بەيگىدە ئۇزۇپ چىققان ئات ئۇنىڭ سىرتىدا.

C

▲ نامراتلىقتىن قېنىنى ساتقانلارغا كىشىلەر ئەڭ سوغۇق نەزەردە قارايدۇ. ئەمما تېنىنى ساتقانلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ كۆرۈمسىز ئايال ئۆز چىرايىنى بىلمەكچى بولۇپ 100 ئادەمدىن سورىسا، 100 خىل جاۋابقا ئېرىشىدۇ. پەقەت ئەينەكلا ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ قايناۋاتقان قازاننى سۇ قۇيۇپ توختىتىش مۇمكىن، ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نېفت قۇدۇقىنىڭ ئاغزىنى قاپقاق بىلەن ئېتىش مۇمكىن. ئەمما بىشەم ئاياللارنىڭ ئاغزى ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئانىلار بىر قولىدا بۆشۈكنى، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ. ئەمما قولىدا «بۆشۈك» بولمىغان ئاياللار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئانىلار كۆيۈمچانلىقنىڭ، مېھرىبانلىقنىڭ سىمۋولى. ئەمما ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىنى سۈت پاراشوكى بىلەن باقىدىغان ئانىلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئاياللار مېھرىبانلىقى ۋە نازاكەتلىكى بىلەن ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك. ئەمما رەڭلىك مېتاللار بىلەن رەڭلىك لاتىلارنىلا سۆيىدىغان ئاياللار ئۇنىڭ سىرتىدا.

D

▲ ئادەم يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىق ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىقى. ئەمما نەپسى ئەقلىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئادەم كۆپ بولسا كۈچ كۆپ بولىدۇ، ئەقىل كۆپ بولىدۇ، ئېغىز تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەمما پىكىر بىرلىكى ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ سەھنىگە چىقىپ تەييار ناخشىنى ئورۇندىغانلار چولپان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئاشۇ ناخشىنىڭ شېئىر ۋە ئاھاڭىنى ئىجاد قىلغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ كىنو ـ تىياتىرلاردىكى رول رېژىسسورنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ. ئەمما تۇرمۇشتىكى رول ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ناۋادا باينىڭ خوتۇنى بىلەن پۇلى سۇغا تەڭ چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئاۋۋال پۇلنى سۈزۈۋالىدۇ. چۈنكى ئۇ پۇل بولسا خوتۇن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما كەمبەغەللەر ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ يېزىغا بارغان شەھەرلىكلەر ئېسىل مېھمان سانىلىپ قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ. ئەمما شەھەرگە بارغان يېزىلىقلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ بىر ئادەم بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالسا ئوغرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر ئادەم مىڭ ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئالسا ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردە يالغان ـ ساختا خەۋەر ـ ماقالىلەر ئېلان قىلىنسا، مەسئۇلىيەت قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلۈپ، دەرھال بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەمما بەزى سودا ئېلانلىرى ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ھايۋانلار ئۆز تەبىئىتىگە مەڭگۈ ئاسىيلىق قىلمايدۇ. يەنى، گۆش يەيدىغانلار ئوت ـ چۆپ يېمەيدۇ، ئوت ـ چۆپ يەيدىغانلار گۆش يېمەيدۇ. ئەمما ئادەملەر ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ يەر شارىدىكى بارلىق جانلىقنىڭ نەپسىنىڭ ھامان چېكى بولىدۇ. ئەمما ئادەملەرنىڭ نەپسى ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئىنساپسىز بالا تولا يىغلاپ بەرسە ئانا ئەمچەك سالىدۇ. ئەمما ياۋاش بالا ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ يالغان گەپ ھېچقانداق ئادەمگە ياقمايدۇ. ئەمما ماختاش ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا پۇل، ھوقۇق ۋە باشقا ۋاستىلەرنىڭ كۈچى بىلەن نۇرغۇن نەرسىگە مەجبۇرىي ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمما ھۆرمەت ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ كۆپ ساندىكى كىشى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ھەقىقەت دەپ ئويلايدۇ. ئەمما چىن ھەقىقەت ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ شەنبە، يەكشەنبە كۈنىدە مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئارام ئالىدۇ. ئەمما ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار بىلەن بەزى يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئىنسانلارنىڭ ئىجادچانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، نۆۋەتتە ئىنسانلار ئىجاد قىلالمايدىغان ھېچ نەرسە يوق، دېيىش مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇۋالغان ۋاستىچىلار ھەر ئىككى تەرەپتىن قوشلاپ نەپ ئالىدۇ. ئەمما مەھسۇلاتنى بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ ناۋادا مەندىن «دۇنيادىكى ئەڭ پاك كىشىلەر كىملەر؟» دېگەن سوئال سورالسا، شەكسىزكى، «دېھقانلار» دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشى ئۇنىڭ سىرتىدا.

# جاۋابلىق سوئاللار

▲ ـنېمە ئۈچۈن بۆشۈك بىلەن قەبرىنىڭ شەكلى ئوخشاش؟

ـ چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئۇيقۇ ئۈچۈن ياسىلىدۇ. پەرقى شۇكى، بىرى ۋاقىتلىق ئۇيقۇ ئۈچۈن، يەنە بىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ ئۈچۈن.

▲ ـنېمە ئۈچۈن ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش ھادىسىسى تەكرار ـ تەكرار يۈز بېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن توغرا يولدا مېڭىش

شۇنچە تەس؟

— چۈنكى ماددىي يولدا قاتناش ساقچىسى بولغىنى بىلەن، مەنىۋى يولدا يوق.

▲ —نېمە ئۈچۈن ئەسلىدە پاك ـ پاكىز بولغان دەريا ـ كۆللەر ئاۋۋال بۇلغىنىپ، ئاندىن قايتا مەبلەغ سېلىپ پاكىزلىنىدۇ؟

— بۇ، «چوڭ» لارنىڭ باللىقنى ئەسلەش پسىخىكىسىدىن كېلىپ چىققان: باللار بىر ئوبدان ئويناۋاتقان ئويۇنچۇقلىرىنى ئاۋۋال بۇزىدۇ، ئاندىن كېيىن تۈزەش ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ ئەمەسمۇ.

▲ —نېمە ئۈچۈن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلى بارغانچە ئازلايدۇ؟

— چۈنكى ئۇلار ھىيلىگەرلىك ـ ساختىلىقنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

▲ —بەزى كىشىلەر دېرىزىلەرنى پەردە بىلەن جۈمكەۋېتىپ، كۈندۈزىمۇ چىراغ ياقىدىغان بولۇشتى. بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟

— بىر بولسا ئېلېكتر شىركەتلىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ھەسسە قوشقىنى، يەنە بىر بولسا، مودا قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكىنى.

▲ —«رېستوران» دېگەن بۇ چەت ئەلچە ئاتالغۇغا دەل كەلگۈدەك ئۇيغۇرچە ئىسىم بارمۇ؟

— بار. «رېستوران»نى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىسراپخانا» دېسەك، ئىسمى جىسمىغا تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

▲ —ئەڭ ئاسان ئۆگەنگىلى بولىدىغان «ھۈنەر» قايسى؟

— ھاراق بىلەن تاماكا.

▲ —نېمە ئۈچۈن مەي ـ شارابنىڭ ئىسمى بەك تولا؟

▲ —شەيتان 72 خىل ئۆزگەرگەن يەردە، ئۇنىڭ سۈيىدىكى يەتتە ـ سەككىز خىل ئاتالمىسا بولمايدۇ ـ دە.

▲ —مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىغا نەچچە ئونمىڭ يىل كەتكەن تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ مايمۇنغا ئايلىنىشىغا پەقەت نەچچە سائەتلا كېتىدۇ؟

— بۇ، ئادەملەرنىڭ «تەرەققىيات»تا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن «ئېشىپ» كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ —نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ئالدايدۇ؟

— چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئادەملىكىدىن زېرىكتى. شۇڭا ئۇلار ئەمدى شەيتانغا ئايلىنىش پراكتىكىسى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

▲ —نېمە ئۈچۈن ئېغىل ـ قوتاندىن ھاجەتخانا سېسىقراق؟

— چۈنكى ھايۋاناتلار ئوت ـ چۆپ يەيدۇ. ئادەملەر بولسا ئوت ـ چۆپتىن تارتىپ ھايۋاناتقىچە ھەممىنى يەيدۇ. بەزىلىرى ھەتتا پارا بەرسىمۇ ياق دېمەستىن يەۋېرىدۇ.

▲ —بەزىلەرنىڭ باشلىقنىڭ ئىسمىنى چاقىرماي مەنسىپىنى چاقىرغىنى نېمىسى؟

— بۇ ئۇلارنىڭ «سېنى تونۇمايمەن، پەقەت مەنسىپىڭنىلا تونۇيمەن...» دەپ ئاگاھلاندۇرغىنى.

▲ —نېمە ئۈچۈن سۇ پەسكە، ئادەم ئېگىزگە ئاقىدۇ؟

— سۇنىڭ پەسكە ئېقىشى زېمىننى كۆكەرتىش ئۈچۈن؛ بەزى ئادەملەرنىڭ ئېگىزگە «ئېقىشى» ـ ئادەملەرنىڭ گەجگىسىگە دەسسەش ئۈچۈن.

▲ —بەزى ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى سورىمايدۇ؟

— باشقىلار سورىسۇن، دەپ.

▲ —بەزىلەرنىڭ جاھاندا تەڭلىك يوق، دەپ قاقشىشى ئورۇنلۇقمۇ؟

— تەڭلىك تەڭسىزلىك ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئاۋادا تاغمۇ، دېڭىزمۇ، يەرمۇ... تەپتەكشى بولسا، جاھاننى توپان بالاسى بېسىپ كەتكەن بولاتتى.

▲ —شەھەر بىلەن يېزىنىڭ تۈپكى پەرقى نېمە؟

— شەھەردە «بوغداي سۆز» تولا، يېزىدا ئىسكەتسىزرەك بولسىمۇ «بوغداي نان» تولا.

▲ —نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئۆزىنى ماختاشقا شۇنچە ئامراق؟

— چۈنكى ئۇلارنىڭ خوتۇننى ماختاپ «ئىككىنچى ئەخمەق» بوپقالغۇسى يوق.

▲ —كۆز ۋە قۇلاقنىڭ ئىككىدىن يارىتىلىپ، ئېغىزنىڭ بىر بولۇپ قېلىشىدا بىرەر خاسىيەت بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار. كۆزنىڭ ئىككى يارىتىلىشى، ئۆزگىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىلا كۆرمەي، ئۆزۈڭدىكىنىمۇ كۆر، دېگەندىن بېشارەت؛ قۇلاقنىڭ ئىككى يارىتىلىشى، ماختاشنىلا ئاڭلىماي، تەنبىھنىمۇ ئاڭلاپ قوي، دېگەنلىك؛ ئېغىزنىڭ بىر يارىتىلىشى، ئاز سۆزلە، ئاز يە... دېگەندىن بېشارەت.

▲ —قىلىچ قۇدرەتلىكمۇ، قەلەممۇ؟

— بۇ، نېمىنى ئۆلچەم قىلىشقا باغلىق. ئاۋادا قۇدرەتنىڭ بەلگىسى كاللا كېسىش بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا قىلىچ قۇدرەتلىك. چۈنكى ئۇ يۈزلەپ ـ مىڭلاپ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قۇدرەتنىڭ بەلگىسى ئەل رايىغا ئېرىشىش بولىدىغان بولسا، قەلەم قۇدرەتلىك. چۈنكى قەلەم مىڭلاپ ـ مىليونلاپ ئادەمنىڭ قەلبىنى ئالالايدۇ.

▲ —يادرو قوراللىرىنىڭ كۆپلەپ كەشپ قىلىنىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

— دىنىي رىۋايەتلەردىكى قىيامەتنىڭ پىلتىسىغا ئوت يېقىلغانلىقىدىن.

▲ —تۈلكىنىڭ ھىيلىگەرلىكى نەدىن كېلىدۇ؟

— يولۋاس پادىشاھنىڭ زالىملىقىدىن.

▲ —نېمە ئۈچۈن قىزلار توز قانىتىدەك كۆرۈنىدىغان كۆركەم كۆڭلەكلىرىنى كىيمەي، «پادىچى شىمى» كىيىپ، سولتەك توخۇغا ئوخشاش بولۇۋالىدۇ؟

— چۈنكى توزلارنىڭمۇ توخۇلارنى دورىغۇسى كېلىدىغان چاغلىرى بولىدۇ.

▲ —ھاۋارايىدىكى نورمالسىزلىق نېمە ئۈچۈن يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ بارىدۇ؟

— ھاۋارايىمۇ ئادەملەرنىڭ رايىغا بېقىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ: يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئادەملەر تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش شوئارىنى ھارماي توۋلىدى. شوئار توۋلاش بىلەنلا بولدى قىلماي، خۇددى خروئىن خۇمارى تۇتۇپ كەتسە ئۆز ئانىسىنى بۇلىغان تۈزكور بالىدەك، ئانا تەبىئەتنى بۇلۇشقا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بۇ خىل نورمالسىزلىققا تەبىئەتنىڭمۇ نورمالسىزلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماي ئامالى يوق.

2006 ـ يىل 26 ـ ئاپرېل، مەكىت

* باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: مەكىت ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پېنسىيونېرى



# سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

بىزنىڭ سەھرادا دۆلەت يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر چوڭ بازار بار. قاتناشنىڭ قۇلايلىقىدىن بولسا كېرەك، بۇ يېقى ئاقتو، ئۇ يېقى يوپۇغا - يەكەنلەردىن تارتىپ ئالارمەن - ساتارمەنلەر ھەر ھەپتىدە يېغىپ كېتىدۇ. توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان بۇ قىستاڭ بازاردا ئادەملەر سەلدەك ئاقىدۇ.

بۈگۈنكى بازار باشقا كۈندىكىگە قارىغاندا ھەددىدىن زىيادە قىستاڭچىلىق ئىدى. دۆلەت يولىنى كېسىپ ئۆتكىچە بىر - بىرىگە كەپلىشىپ ماڭالمايۋاتقان ئېشەك ھارۋىلار قوشۇنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، بەئەينى ئىپتىدائىي ياغاچ پويىزنى ئەسلىتەتتى. ئۇزۇن - توغرا تۇرۇۋېلىپ، يولنى تاقاپ قويغان ئېشەك ھارۋىلارنىڭ ئىگىلىرى بىر - بىرىدىن يول تالىشىپ، سەت گەپلەر بىلەن تىللىشاتتى. ئېشەك ھارۋىلارنىڭ دەستىدىن ئۈچ كىلومېتىردىن ئارتۇقراق سەپ بولۇپ تۇرۇپ كەتكەن ماشىنىلار، بىر قەدەم سىلجىپ، بىر كۈش - پىش قىلىپ جىلە بولغان شوپۇرلار ھەدەپ سىگنال بېرەتتى؛ كابىنكىلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ يول توسقان ئېشەك ھارۋىلىرىغا چالۋاقايتتى. ھارۋىكەشلەر بولسا، خىيالىغا كېپقويمىغاندەك بىر - بىرىگە ھىجىيىشىپ، تونۇشلار ئۇچراپ قالسا قاش ئېتىشىپ - كۆز قىسىشىپ، پىيادىلەر بىر - بىرىگە كۆتىنى سۈركىشىپ، پۇتلىرىغا ئېشەك دەسسەپ قالسا ئالىيىشىپ - قىزىرىشىپ، سودىسى چالا قالغان خوتۇنلار ئەرلىرىگە دومسىيىپ، ئەرلەر خوتۇنلارغا ھەيۋە قىلىپ، كىچىك باللار يولنىڭ چېتىدىكى ئالا - يېشىللارنى كۆرسىتىپ غەۋغا قىلىپ، ئاتا - ئانىلىرى ئالداپ - سىلاپ، كاچات تەگلەپ، ھەممە ئادەم ئۆز غېمى بىلەن ئالدىراپ، يول توسقان - پۇتلاشقانلارنى جېنىكلەپ كوچا - كويلار قىزىپ كەتكەن... خېرىدار ئالمىغانسېرى ۋارقىراپ كېتىدىغان خىرىدىكى يېرتىلغۇدەك بولغان ھۆپپىگەرلەرنىڭ جىغىلداق ئاۋازى، ئۇن - سىن قويغۇلارنىڭ ياڭراتقۇلىرىدىن تارىلىۋاتقان قۇلاقتا مۇشت ئۇرغاندەك گۈپۈلدەپ ئاڭلىنىۋاتقان شالغۇت ناخشىلار... ھەممىسى

## ئېغىر تىنىقلار

بىرلىشىپ، بەجايىكى قىيامەتنىڭ قىيا ـ چىياسىنى ئەسلىتەتتى.

ئۈچ كۈن هاشار چاپقاندىنمۇ بەكرەك هېرىپ ـ چارچاپ تۇرتۇپ يۇرۇپ يولنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتتۈم ـ دە، يول بويىغىلا جايلاشقان پوچتىخانىغا يول ئالدىم. پوچتىخانىدىن كۆپ هايالشمايلا قايتىپ چىقىپ، ئالدىن لازىملىق سودامنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن كىچىك توغرا يولنى كېسىپ ئۆتتۈۋېتىپ، يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويۇلغان ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتنىڭ ساندۇقىغا قاتار يۆلەپ تىزىپ قويۇلغان چالغۇلارغا كۆزۈم چۈشتى. بىرسى ـ بىرسىدىن كۆركەم، نەپىس، ئۇز ياسالغان چالغۇلار كۈن نۇرىدا يالتىرايتتى.

ئەركىمگە قارشى يۆنىلىشكە مەجبۇرىي تۇرتۇپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ يۇرۇپ ئاجراپ چىقىپ، چالغۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدىم. ئادەتتە مۇزىكا ـ سازغا ئىشتىياقىم كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن، ئۆيۈمدىمۇ دۇتار، تەمبۇر، قومۇز قاتارلىق سازلارنى نېرى قىلمايتتىم. ئەقىل ـ ئەس تارتىپ بىزنىڭ بۇ چەت سەهرا بازىرىغا چالغۇلار كىرگىنىنى كۆرمىگىنىم ئۈچۈنمۇ ياكى سازغا هېرىسمەنلىكتىنمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيلا چالغۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىشتىياق بىلەن قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

ـ كەسلە، كۆسلە، ـ دەپ تەكلىپ قىلدى ساتقۇچى ئۇستام. بۇ يەر سەل ئارىسال بولۇپ، ئوتتۇرا ياش، ياشانغان تۆت ـ بەش كىشى ۋە بىر قانچە ئۇششاق بالىنى هېسابقا ئالمىغاندا ئادەم تۇزۇك يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەكسىچە نېرىراقتا VCD تەخسىلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىۋاتقان يايمىنىڭ چۆرىسى بەك ئاۋات ئىدى. ئۇستىگە يوغان كۈنلۈك تارتىپ سايە چۈشۈرگەن ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتنىڭ ساندۇقىدىكى تېلېۋىزوردىن نايناق ئۈچ قىزنىڭ ئەركىلەپ ئوقۇغان ناخشىلىرى ياڭراپ تۇراتتى. دوپپىلىق، تۇماقلىق ساددا دېهقان يىگىتلىرى ئېچىرقىغان كۆزلىرى بىلەن بىرسى ـ بىرسىنىڭ دولا ـ بويۇنلىرىدىن غازدەك سوزۇلۇشۇپ، ئېكرانغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. هېلى تۆگەپ كېتىدىغاندەك بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ پۇل سانىشىپ ئالغان تەخسىلىرىنى قويۇنلىرىغا سېلىشقانلار خۇددى تەخسە ئەمەس، ئىچىدىكى چىرايلىق نايناق چوكانلارنى قوشۇپ ئېلىۋالغاندەك بىر خىل هاياجان تۇيغۇسى بىلەن كۆرەڭلەپ قايتىشاتتى. پۇلى يوق ياكى ئۆچرەت كەلمەي ئالالمايۋاتقانلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن هەسەت، قىزغىنىش، رەشك ئارىلاشقان غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن قارىشاتتى.

ئاستا زوڭزىيىپ چالغۇلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم. راۋابلارنىڭ قارىنىغا تارتىلغان نېپىز، سۈزۈك يىلان تېرىسى، بېلىق تېرىسى، راۋابلارنىڭ بېشى، دەستىسى، هەتتا قۇلاقلىرىغىچە قويۇلغان نەقىشلەر ئۇستىلارنىڭ چېۋەرلىكىنى هەقىقىي نامايان قىلسا، قارىغان كۆزنى ئىمىر ـ چىمىر قىلاتتى. هېرىسمەنلىك ئىچىدە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتكەن بولسام كېرەك، سېمىز، قىسىق كۆز ئۇستام كۈلۈمسىرەپ ئېيتتى:

ـ بەك قايىلاپ قاللا، قوللىرىغا ئېپ كۆسلە.

مەن تولىمۇ نەپىس ياسالغان چالغۇلارغا قول ئۇزىتىشقا دەمال جۈرئەت قىلالماي سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ساتقۇچى ئۇستام خەقلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ قونغان چاڭ ـ توزانلارنى قولياغلىق بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، قولۇمغا بىر راۋابنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

قولۇم پاكىز ئىدى. بىراق نەقىشلىك راۋابنى تۇتقاندا قولۇم تىترەپ، ئالقانلىرىمنى ئاستاغىنە قولتۇقۇمغا سۈرتتۈم. ئۇستام ماڭا بىر تال زەخمەكنى ئۇزاتتى:

ـ چاسلا، ئۇكام.

ـ چالالمايتتىم، ـ دېدىم خىجىل بولۇپ.

ـ سازغا هېرىسمەن ئادەمنىڭ كۆزىدىن بىلىنىدۇ. تاتىنمىسلا...

هودۇقۇپ تۇرۇپ سىم تارغا زەخمەك ئۇردۇم. ۋاھ! قەشقەر راۋابىنىڭ مۇشۇ سېهرلىك، ياڭراق ئاۋازىدىن ئۆرگىلەي! كىچىكىدىمىدىن «تاشۋاي»درامىسىنى رادىئودىن تولا ئاڭلايتتىم. مەشهۇر خەلق كومپوزىتورى تاشۋاي هەققىدە سۆز بولسا تاشۋاي كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. يۈرەككە تېگىدىغان «تاشۋاي»، «گۈندىپاي ـ 1»، «گۈندىپاي ـ 2» قاتارلىق ئۆلمەس كۈيلەرنى ئاڭلاپ قانمايتتىم. شۇڭا پەدە باسقان قولۇم تەبىئىيلا «تاشۋاي» مۇزىكىسىغا كېتىپ قېلىپتۇ، يېنىمدا تۇرغان ئۇرۇق، دۈمچەك بوۋاي هاياجانلىنىپ، چىشى قالمىغان كوماك ئېغىزىدا ئىسقىرىتىپ سۆزلەپ كەتتى:

ـ ياش باللىنى كونا پەدىلەرنى بىلمەيدۇ دېسەم، بەلەن چالدىڭ، بالام، چاله...

ئادەم كۆپ جايدا قولۇم كالۋالىشىپ، ئاران ـ ئاران كەلتۈرۈپ چېلىۋاتقان كۈيگە بېرىلگەن ئىلهامنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك، سەل ئۆزۈمنى توختىتىپ چېلىشقا باشلىدىم. تونۇردىكى كۆلگە كۆمۈلۈپ، رەهىمسىز سوغۇقتىن جان پاناھ ئىزدىگەن ئۆسمۈر تاشۋاي، راۋابنى ئەزىزلەپ سۆيگەن ئاق كۆڭۈل رەهىم ناۋاي، راۋابنىڭ شوخ كۈيلىرىگە ئاشىق بولۇپ، يالاڭتۆش بولسىمۇ تاشۋاينى سۆيگەن باينىڭ قىزى لەيلىگۈل، تەڭسىز جاهاندا ئارمىنىغا يېتەلمەي مۇشتۇمزورلار تەرىپىدىن دەسسەپ ـ چەيلىنىپ، كونا ـ يىرتىق بورا ئۇستىدە جان ئۈزگەن، قەدىرسىز قالغان مەشهۇر كومپوزىتور تاشۋاي كۆز ئالدىمغا كەلگەنسېرى ۋۇجۇدۇم شامدەك ئېرىپ، راۋابنىڭ سىم تارلىرىغا قوشۇلۇپلا كەتتىم.

«تاشۋاي»نى ئاخىرلاشتۇرۇپ توختىسام، ئەتراپقا ئادەملەر ئوبدانلا ئولاشقانىكەن. ساتارمەن ئۇستام بەكمۇ خۇش بولۇپ قۇۋنىپ كەتتى:

ـ يائاللا، ئەتىگەنىنىڭياقى ئەدەم ئولاشمىسا مىللىي سازنى هېچكىم ياقتۇرمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. ساتامىساممۇ ئەدەم ئولىشىپ بەسە، ياسىغىچە تاتقان جاپايىم بىلىنمەيدۇ.

ـ ئۇستام، بۇنى ئۆزلىرى ياسامدىلا؟ ـ سورىدۇم مەن.

ـ هەئە، مەن ياسايمەن، سىلى دېمەتلىك ئىككى ئوغلۇم نەقىش قويىدۇ.

ـ بازىرى قانداقراق؟

ـ مانا ئۆزلىرى كۆدىلە. بۈگۈن بۇ چۆمۈچلەرنى هېچكىم قولغا ئالمىدى. بىي سىلى كۆدىلە. هازىر خەقلەر ئەركىلەپ قاش ئېتىپ ناخشا ئوقۇيدىغان نايناق قىز بالىنىڭ دىيى (لېنتىسى)نى ئالىدۇ، بىزگە قايىلغىلى چولىسى يوق. چوڭ بازار بوغاندىكىن دەپ كېپقاپتىكەنمەن...

ساتارمەن ئۇستام قېيىدىغاندەك تەلەپپۇزدا ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى:

ـ قايىلسىلا ئۇكام، بىيكىم ئاممىسىمۇ مەيلى، ئولىشىپ كۆرەپ بەسە، كۆزىمىز تېلىپ، قوللىرىمىز كېسىلگەن جاپالار كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، دېسىلە. قايىلسام، خېلى ئەدەم ئولىشىپ قاپتۇ. ئەكەسلە، بىي

www.uyghurkitap.com

چالاي، سازلىرىم بۇ بازاردىن قۇرۇق كەتمىسۇن.

راۋابنى ئۇستامغا بەردىم. قاتقان يوغان بارماقلار بىلەن بايىلا مەن چالغان كۈيگە چېلىۋىدى، تۇرغانلار سېھىرلەپ قويغاندەك قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. زەخمەك تەگكەن تارلاردىن تارىلىۋاتقان كۈيلەر گاھ بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك، گاھ يېقىملىق ئەللەي ئاھاڭىدەك، گاھ يەر ـ زېمىننى تىترىتىۋاتقان پالۋاننىڭ ئات چېپىشىدەك سېزىم بېرەتتى. ئۇ ياقتىن بۇياققا، بۇياقتىن ئۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقانلار توختاپ كۈيگە قۇلاق سالاتتى. ساتارمەن ئۇستام راۋابنى ئەينى داۋۇت ئاۋۇتەكلا چالىدىكەن. قولغا قاراپ ئولتۇرۇپ «تاشۋاي» بەك بالدۇرلا تۈگەپ قالدى ( ئېھتىمال بىزگە ئاشۇنداق تۇيۇلسا كېرەك).

ئۇستام راۋابنى قايتا ماڭا ئۇزاتتى:

ـ ئاسلا، مەن چاغاندەك چاسلا.

ـ ياق، چالمايمەن، ـ دېدىم خىجىل بولۇپ، ـ بايا ئالدىلىرىدا يېتىم ئاقساقاللىق قىلىپ «تاشۋاي»نى بۇزۇپ قويۇپتىمەن. سەت بولدى!

ـ ھېچنېمە بولمايدۇ، ئۇكام. بۇزۇپ تۇرۇپ تۈزەلمىسەك، خەقلەرنىڭكىگە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان گەپ.

ئەمەلىيەتتە قولۇم راستىنلا كالۋالاشتى. چوڭ ئۇستىنىڭ ئالدىدىكى شاگىرتتەك تارتىنىپ ئولتۇرۇپ راۋابنىڭ قۇلىقىنى تارتىپ تەڭشەۋاتسام، قايسى تەرەپتىن كېلىشتى بىلمەيمەن، باشلىرىغا رەڭلىك سەللە ئورىۋالغان ئۈچ ـ تۆت كىشى تەكەللۇپ بىلەن ئارقىمىزدا توختاشقاندەك قىلدى. تارنى چېكىۋاتقان زەخمەكنى ئوڭشاپ تۇتقىچە ئارىلىقتا بىرىنىڭ مۇنۇ سۆزى قۇلىقىمغا چۈشۈپ قالدى:

ـ ياپياش بالىكەن، بېشىغا كۈن چۈشكەن چېغى، بولمىسا كوچىدا...

ـ ھەئە، بىرەيلى...

سۆزنىڭ ئۇرامنى چۈشىنىپ بېشىمنى شاققىدە كۆتۈرۈپ ئارقامغا قارىغىچە، ئالدىمغا دولامدىن ئارتىلدۇرۇلۇپ بەش موللۇق، بىر يۈەنلىك، ئىككى موللۇق پۇلدىن بىر قانچىسى تاشلاندى. ئەندىكىپ ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ساتارمەن ئۇستام ئولتۇرغان يېرىدىن تۈپتەك قاڭقىپ:

ـ ۋاي... بۇ... بۇ... نېمە قىلىق، ھاجىلىرىم؟ ـ دېدى.

ـ مۇساپىر ئوخشايدۇ دەپ...

ـ بۇ دېگەن ساز بازىرى. بۇ بالا تىلەمچى ئەمەس، قانداق قالاشمىغان ئىش بۇ؟! ـ دېدى ئۇستام تېرىكىپ.

ـ ھە، ئەسلي شەيتان بازىرىكەن، دېسىلە، ـ دېدى رەڭلىك سەللىسى چوڭراق بىرەيلەن، ـ بىز تېخى بېشىغا كۈن چۈشكەن بىچارە ئوخشايدۇ، دەپ ئىچ ئاغرىتىپ كېتىپتۇق. بۇ شەيتاننىڭ نەرسىسنى سېتىشمىغانلىرى ئەۋزەل.

ـ ئەمسە، بۇنى ساتماي تىلەمچىلىككە ئىشلەتسەك توغرا بولاما، ـ دېدى ئۇستام كىنايە قىلىپ. ھېلىقى ھاجى كىشى كىنايىنى چۈشەنمەي رەددىيە بەردى:

ـ ئېغىر خىجالەتچىلىكتە قالغانلارغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا شاپائەت قىلماقلىق ياخشى ئەمەل. ئەمما سىلىنىڭ شەيتاننىڭ نەرسىسىنى بازارغا سېلىپ ساتقانلىرى دۇرۇس ئەمەس. ئۆز ئەمەللىرىگە ئېچىنمامالا؟

ـ مەن ئۆزۈمنىڭ بازارغا ساز سالغىنىمغا ئەمەس، قىزلىرىمىزنىڭ تېنىنى بازارغا سېلىپ ساتقىنىغا ئېچىنىمەن، ھاجىم!

ساتارمەن ئۇستامنىڭ سۆزى بىلەن ئاغزى تۇۋاقلانغان كىشى يېنىدىكى ئالايەكتەك، كەكە ساقال كىشىنى تەسەللى ئارىلاش سۆرىدى:

ـ خاپا بولمىسىلا، ھاجىم. دادىسىدەك ئەدەم بىلەن زاكونلاشتىن ئەدەم سودىدىن بەرىكەت تاپمايدۇ. كېتەيلى بۇ يەردىن.

ئۇلار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ بولغىچە تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئولاشقانلار كۆپىيىپ، بازار كوچىسى توسۇلۇپ قالغانىكەن. قاياقتىن پەيدا بولدى، مەن دېمەتلىك بىر ياش بالا ئارىغا قىستۇرۇلۇپ كىردى.

ـ ئاكا، نېمەڭ بۇ؟ ـ دېدى ئۇ ساتارمەن ئۇستامغا قاراپ قولى بىلەن راۋاب ـ دۇتارلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ـ راۋاب ـ دۇتار.

ـ مەن بۇنى چۈمۈچ ـ ساپلىقمىكىن، دەپ سورىمىدىم!

ـ سورىغانلىرىغا جاۋاب بېرىۋاتمامدىمەن ئەينا.

ـ سەن جاۋاب بېرىپ بولغىچە يول تەرتىپى بۇزۇلۇپ ـ قالايمىقانلىشىپ كەتمەمدا؟

ساتارمەن ئۇستام ياش بالىنىڭ سۆز ئۇرامى ۋە بىلىكىدىكى قىزىل يەڭ بەلگىسىدىن بازار تەرتىپىنى باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆزرە سورىدى:

ـ بۇ بازارغا بۈگۈنلا كېلىشىم. بىلمىگەن ئوخشايمەن، خاپا بولمىسىلا...

ـ بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋال، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كوچىسىغا تىزىپ سات!

ـ قايسى كوچىغا؟

ـ كونا سوپەكىنىڭ چىرىغىدەك يوغان كۆزەڭ بوغاندىكىن ئەۋۇياققا قارا!

ساتارمەن ئۇستام يوغان ساندۇقلۇق ياڭراتقۇلار ھەدەپ جىغىلداپ گومشۇۋاتقان ئۈن ـ سىن كوچىسىغا قاراپ قويۇپ دېدى:

ـ ئۇنىغۇ بىلەتتىم، ئۇكام. ئۇ گۈلدۈر ـ گالاپ نايىنىقى ـ ناينىاقلارنىڭ يېنىدا ماۋۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈنى چىقماي قالىدىكەن. ماس كەلمىگەندىن كېيىن...

ـ ماس كېلىدىغان يەرنى تاللاپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان باققالنىڭ بېغى ئەمەس بۇ! ئىگىسى بار بازار بۇ...

ـ ھەجەب بازارنىڭ ئىگىسىنى دەپ قاللا، ئۇكام، بىزمۇ ئىگىسى بار تىجارەتچى.

ـ ئارتۇق گەپ تالاشما، ئاكا، ھېلى باكا زىيان تارتىسەن! چەرايلىقچە ئاۋۇ دەيچىنىڭ قاتارىغا چى! بولمىسا چىكەت!

ـ ئۇنداق دەپ كەتمىسلە، ئۇكام. ئۇ كۆھقاپ ساندۇقنىڭ ئاردىسدا ما نەرسىلىرىمنى خەق كۆرەپ ـ تاللىيالمايدۇ، ماس كەلمەيدۇ...

ـ ماس كەممىسە، نەدىن كەلدىڭ؟

ـ يېڭىساردىن.

ـ ماس كەممىسە قايلا، يېڭىسارغا قايلاپ قەدەملەپ مارش!

ئىش چوڭىيىپ، ئولاشقان بىر توپ ئادەم بىر يېرى ئېچىلىپ قالغان مايمۇننى تاماشا قىلغاندەك تاماشا قىلىپ كۈلۈشەتتى. پوكاندەك ئېسىلىپ كەتكەن ساتارمەن ئۇستام قىيدىغان تەلەپپۇزدا ئورنىدىن تۇردى:

ـ ماقۇله، شۇنچە بازارغا مەندەك بىر ھۈنەرۋەن پاتمىغان بولسا بولاپتۇ. مېنىڭ رىسقىمنى سىلى بەمەيلا، ئىگىسى بېرىدۇ. ھەجەب مەسخىرە قىپكەتتىلە، خۇددى گۆگىشىنىڭ مىنبىڭ لەنجىگىدەك ★ .

خەقلەر كۈلۈشەتتى. يول توسۇلۇپ ـ قاپلىشىپ كەتكەندى. يېمىدىن كەلگەنلەر نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي، باشلىرىنى چىشى غازنىڭ بوينىدەك سوزۇپ ھەدەپ تاماشا كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. ئارقىسىدىكى ئالدىدىكىسىنى ئىتتىرەتتى، ئالدىدىكىسى ئارقىسىدىكىنى جەينەكلەيتتى.

ھەممىسىنىڭ كۆزىدە قىزىقىش، بىكارلىق ئويۇن كۆرۈش ئىستىكى قوزغالغان غەلىتە نۇرلار چاقنايتتى. شۇ تۇرقىدا بۇ ئادەملەر ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى يەنە بىرسىنى چانىۋەتسە ئاندىن خۇمارى قېنىپ، تارقايدىغاندەك قىلاتتى.

يىگىت ساتارمەن ئۇستامغا ھەيۋە قىلىپ قولىنى شىلتىدى:

ـ بىلىكىمدە ما نەرسە بولاپقاپتىكەن جۇما. ياشتا چوڭكەن دەپ ئايىغانغا خۇش بول.

ـ رەھمەت، ئۇكام، ئۇچىيىمنى سۇغۇرۇپ دۇتارلىرىمغا تار قىلىپ قويمىغانلىرىغا!

ساتارمەن ئۇستام ھە ـ ھۇ دېگۈچە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى موتىسكلىتنىڭ ساندۇقىغا سېلىنغان كۆرپىلەرگە قاتار جايلاشتۇرۇپ بولدى. خەقلەر بۇ ئىككىيلەننىڭ دە ـ تالاشلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئىتوتلىرىدىن ھۇزۇرلانغاندەك ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشەتتى.

ـ يول بېرىشسىلە، مەن چىقىۋالاي، ـ دېدى ساتارمەن ئۇستام موتىسكلىتنى قايرىپ. خەقلەر بۇ جېدەلنىڭ مۇشۇنداقلا ئاياغلىشىپ قالغىنىغا ئۆكۈنگەندەك، نېمىدۇر بىر نېمىسى چالا قالغاندەك، خۇمارى يېشىلمىگەندەك ئاستا تارقاشقا باشلىدى.

ـ خەير، خۇداغا ئامانەت، ـ دېدى ئۇستام ماڭا بىر قارىۋېتىپ.

شۇ چاغدا ئويلاپ قالدىم. بۇ خەقلەر بۇرۇنلا مۇشۇنداق تارقىلىپ كەتكەن بولسا، بەلكىم بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ بولماس ئىدى ـ ھە!... ساتارمەن ئۇستام موتىسكلىتنى چوڭ كوچىغا قايرىپ ئوت ئالدۇرۇپ ئەمدىلا يىراقلىۋېدى، تارقىلىۋاتقانلار ئىچىدىن بىرەيلەن:

ـ تېخى باياملا ئاقساقال ـ ھاجىملار بىلەن تاكاللاشقانتى، مانا ئەمدى سودىسى بۇزۇلۇپ ئىشى ئاقمىدى ئەينا، ـ دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھېجىيىپ.

ـ قاغىش ئالدى دېگەن شۇ.

ـ تازا بىي ئېتىشارمىكى دېسەم بىر ـ بىرىدىن لۆش ـ لۆش بىر نېمىلەر ئىكەن بۇ...

تارقاۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن قۇلاق سېلىپ، كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە قايتىپ چىقتىم. بازار بايامقىدەك ئىدى. ھېجەيىش، ھومىيىش، ئىتتىرىش، جەينەكلەش، غوتۇلداش، پۇتلىشىش...

---

★ ساز ياسىغۇچى ئۇستام بۇ يەردە بازار باشقۇرغۇچىنى بالايىتا. پەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا دىكتاتورا يۈرگۈزۈپ كەلگەن خەلق كوممۇنىسى خەلق ئەسكەرلىرى روتىسىنىڭ كوماندىرىغا ئوخشىتىپ تەنە قىلىۋاتىدۇ. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن.

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز كەنتىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۇستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گراممانتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئاچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. بوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



## «تىلماچلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

# «يوغان گەپ» مەدەنىيىتىنى بىلىپ قويۇڭ*

ئۈچۈرلار پارتلاپ تۇرىدىغان دەۋردە تۇرلۇك ئۇچۇر يامراپ كېتىدۇ. ئۇچۇر بىرىنچى قېتىم يامراپ كەلگەندە يۈرەكلىرىڭىز پۇلاڭ-لاپ كېتىدۇ، نېمە قىلارىڭىزنى بىلەلمەي قالىسىز؛ ئىككىنچى قېتىم يامراپ كەلگەندە ئەس-ھوشىڭىزنى يىغىۋالىسىز؛ ئۈچىنچى قېتىم يامراپ كەلگەندە سىزگە تەسىر قىلالمايدۇ ... شۇنداق قىلىپ سىزدە بارا-بارا «پارتلاشقا-يامراشقا قارشى مىجەز» پەيدا بوپقالىدۇ-دە، شۇ ئۇچۇرنى ئاغزىڭىزغا ئېلىڭ-ئالماڭ، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ-ئىشەنمەڭ، مەيلىڭىز ئۆزىڭىزدە بولىدۇ؛ باشقىلار ئۇنى قانچىكى كۆپ-تۈرۈپ-ئاشۇرۇپ سۆزلىسە، مېڭىڭىزدە شۇنچە كۆپ سوئال-گۇمان تۇغۇلىدۇ.

## تەرجىمە كۆزنىكى


بەزىلەر ئۇچۇرنى باشقىلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ «پارتلاش» قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ «قۇربى» يېتىشمەي قالسا «پارتلاش دورىسى»نىڭ تۇتۇنى ۋە پارتلاش ئاۋازى ئۈستىدە گەپ يورغىلىتىپ، مۇبالىغە قىلىپ، باشقىلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ، «يوغان گەپ مەدەنىيىتى»نى پەيدا قىلدى. يوغان گەپلەر بارغانسېرى يوغىناۋېرىدىغان، ئادەملەر تەپ تارتماستىن بىر-بىرىدىن يوغان گەپلەرنى قىلىۋېرىدىغان بوپقالدى. كىمكى بىرەر ئۇچۇرنى تارقاتسا، ئۇنىڭدىن بومبا

* باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

«پارتلاتقان» دەك ئۈنۈم هاسىل قىلىشنى ئارمان قىلىدىغان بولدى.
گويا شۇنداق پارتلىتىپ، باشقىلارنى چۆچۈتۈۋەتمىسە كارامىتىنى
كۆرسىتەلمەيدىغاندەك.

مىسالەن: خەلقئارا مەشھۇر ئالىملار، ئىلىم ئەھلىلىرى تاللىۋالغان
«2004 ـ يىلىدىكى ئون چوڭ ئىلمىي پەرەز»دە:

«پۇتكۇل يەر شارىدا هاۋا ئىسسىپ، دېڭىز يۈزى يۇقىرى ئۆرلەپ
كېتىۋاتقانلىقتىن 2020 ـ يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى توكيو، لوندون، نى-
يۇ ـ يورك دېگەندەك مەشھۇر شەھەرلەر دېڭىز سۈيى ئاستىدا قالىدۇ،
يەر شارىدىن يوقىلىدۇ...» دەپ ئېلان قىلىندى. قاراڭلار، بۇ گەپنىڭ
ئاغزىغا پاتقانلىقىنى! بۇ، ئېغىزدىن چىقىرىپ قويۇش بىلەنلا تۈگەيدىغان
ئىش ئەمەس، ھەممە ئادەم كۆزى بىلەن قاراپ تۇرىدۇ، يەنە 15 يىل
ۋاقىت بار، بۇ ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن شۇ
شەھەرلەردىكى ئادەملەر خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. نيۇ ـ يوركتا
دۇنياۋى سودا سارىيى قايتا قۇرۇلۇۋاتىدۇ، لوندون 2012 ـ يىلى ئو-
لىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈر-
دى. مانا ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى
باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىدىغان-
دەك ئەمەس.



ئەمدى هازىرقى تاۋار جەمئى-
يىتىدىكى ئەھۋالنى ئالساق، «يو-
غان گەپ مەدەنىيىتى» ھەممە
يەرنى قاپلاپ كەتتى. بازارنى
«دەرىجىدىن تاشقىرى بازار»
دېيىشىدىغان بولدى. بازارنىڭ
تۈزۈكرەكلىرىنى «بىرىنچى قاتار-
دىكى بازار» دېيىشىدىغان بولدى.
قاۋۇلراق ئوغۇل بالىنى «قاۋان»
دېيىشىدۇ؛ ئاقپىشماقراق بولسا
«سەتەڭ» دېيىشىدۇ. دېمەك،
ھەممىسى «دەرىجىدىن تاشقى-
رى» بوپكېتىۋاتىدۇ. توك بىلەن سۇ ئىسسىتىدىغان ئادەتتىكى سۇ
ئىسسىتقۇچنى «ئىسسىق سۇ خوجىسى» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ئادەتتىكى
بىر مالخايچى ـ دوپپىچى «مالخاي پادىشاھى» دېيىلىۋاتىدۇ، گويا
ھەر كىم شاھ ـ پادىشاھ بولۇۋالمىسا بولۇۋېرىدىغاندەك. ساتى-
راشخانىغا لايىق ئىككى ـ ئۈچ ئورۇندۇقى بولسىلا «ھۆسن تۈزەش
مەركىزى» دەپ ئاتايدىغان بولدى. (تونۇرنى غالتەك هارۋا ئۈستىگە
ئورنىتىپ سامسا پىشۇرۇپ ساتىدىغانلارمۇ «سامسا پادىشاھى» بو-
لۇۋالدىغان بولدى. ـ تەرجىماندىن قىستۇرما). ئانچىكى بىر شىر-
كەتمۇ «گۇرۇھ» دەيدىغان ۋىۋىسكىنى ئېسىۋالىدىغان بولدى؛ ھەم-
مىلا يەردە گۇرۇھ، ھەممىلا يەردە مەركەز پەيدا بوپقالدى. يەتتە
كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى «ئالتۇن ھەپتە» دېيىلىۋاتىدۇ. گويا ھەممە
يەردە ساپسېرىق ئالتۇن يالتىراپ تۇرارمىش، كۈنىگە چارەكلەپ ـ
كۆرلەپ ئالتۇن ئۈسقىلى بولارمىش. ھەتتا ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك
تۇرمۇش ـ مەئىشتىنىمۇ چوڭ، ئۇلۇغ، ئاجايىپ، كارامەت، غەلىتە
ۋەھاكازا دېگەندەك سۆزلەر قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ.

«يوغان گەپ مەدەنىيىتى» ئىستېمال دەۋرىدە كىرمەيدىغان يو-
چۇقى قالمايدىغان داۋراڭچى ئېلانبازلىقنىڭ مەنبەسى: ئۇنىڭغا ئاخبا-
رات ۋاستىلىرىمۇ گۇپپاڭچىلىق قىلىپ، بارلىق نەرسىنىڭ ھەممىسىنى
بازارغا سالغىلى بولىدىغان تاۋارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئېلان ھەددىدىن
ئاشۇرۇۋېتىلسە خېمىغا يانغاندەك، «يوغان گەپ»مۇ ئاشۇرۇۋېتىلسە
بالايىئاپەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. «يوغان گەپ»لەر خۇددى بومبا
پارتلىغاندەك ھەر كۈنى، ھەر سائەت پارتلاپ چىقىپ تۇرغان شارائىتتا
ئادەملەر روھىي ھالەتتە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، چۆ-
چۈيدۇ، ئاسقىدۇ. پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتسە ئاسانلا نېرۋىلىرى قو-
داڭشىيدۇ ياكى خاپىغان بوپقالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرەر خەۋپ ـ خە-
تەر سادىر قىلغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. ئىشەنمەي دېسە، شۇنداق
«يوغان ـ لاپ گەپ»لەرنىڭ كاساپىتىگە كېتىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق
ئەمەس.

ئادەمنى هاڭ ـ تاڭ قىلىدىغان،
چۆچۈتىدىغان شۇنداق گەپ ـ سۆز-
لەر كۆپىيىۋەرگەنلىكتىن بەزى نېر-
ۋىسى بوش ـ ئاجىز ئادەملەر مەنىۋى
كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بوپقالدى.
دۇنياۋى سەھىيە تەشكىلاتى يېقىندا
ئېلان قىلغان خەۋەرگە قارىغاندا،
پۈتكۈل يەر شارى بويىچە 120 مى-
يون ئادەم خاپىغان ئىكەن. جۇڭگود
بولسا خاپىغان كېسىلىگە مۇپتىلا
بولغان ئادەم 26 مىليوندىن ئاشىدى-
كەن؛ 1949 ـ يىلىدىن 2003 ـ يىلى-
غىچە ھەر يىلى 2 مىليون 400 مىڭ
ئادەم ئۆزىنى ئۆزى «ئۆلتۈرۈپتۇ»،
بۇلاردىن ئۆلگەنلىرى ئون پىرسەنت ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭ
سەۋەبلىرىنى خۇلاسىلىگەندە، بىرىنچى ئورۇندا تۇرغىنى «مەدەنىيەت
ۋە ئىجتىمائىي سەۋەب» ئىكەن. («خەلق گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىل
25 ـ نويابىر سانىغا قاراڭ). مانا بۇ «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» بىلەن
ئاز ـ تولا مۇناسىۋەتلىك دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟!

نېرۋىسى چىڭ ـ قاتتىق ئادەم بولسا، يوغان گەپلەرنى تولا ئاڭ-
لاپ، تولا چۆچۈپ، بارا ـ بارا بېتى قېلىنىشىپ قالىدۇ. يوغان گەپ
شۇنداق تولا، ئىشەنسەڭمۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ،
ئىشەنمىسەڭمۇ قۇتۇلالمايسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە مەيلىگە قويۇپ بې-
رىپ، بولغىنىنى كۆرمەك كېرەك. دائىم قورقۇنچ ئاستىدا تۇرۇۋەرسە،
ۋەھىمە كۈندىلىك مەئىشەتكە ئايلىنىپ قالىدىكەن ـ دە، ئادەم قورق-
ماس بوپقالىدىكەن. قورقماسلىقنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئىشەنمەسلىك

يامان: بۇ قۇلاقتىن كىرىپ، ئۇ قۇلاقتىن چىقىپ كەتسە، سەنمۇ ئۆز گېپىڭنى قىلساڭ، مەنمۇ ئۆزۈم بىلگەننى قىلسام...

مانا بۇلار «يوغان گەپ مەدەنىيىتى»دىن پەيدا بولىدىغان ئېغىر ئەھۋال ـ «ئىشەنچ بوھرانى»، «نېرۋىي قاشاڭلىق». يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ «ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى» كۆچەيمەكتە دەپ ئېيتىش ھەم مۇمكىن. ئەلنىڭ ساداسى «يوغان گەپ مەدەنىيىتى»نىڭ ئەۋج ئېلىشىغا نىسبەتەن قاتتىق زىت كېلىپ، «يوغان گەپ مەدەنىيىتى»گە تەنە بولماقتا.

دېمەك، «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» ئىش ـ ئەمەل بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئەزىمەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئەكسىچە يوغان گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق ئادەملەر تولا چاغلاردا نامەرد بولۇپ چىقىدۇ.

«يوغان گەپ مەدەنىيىتى» جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى، جامائەتنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى چىرىتىۋېتەلەيدىغانلىقى بىلەن يامرىيالايدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا «يوغان گەپ بىلەن لاپ ئۇرغانغا باج قويۇلمايدۇ» دەيدىغان ماقال بار ئىدى. ھازىر ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ھازىرقى دۇنيانىڭ «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتقانلىقىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەدەل تۆلىمەكتە ھەتتا جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇللىقى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى ۋە جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىمۇ زور مىقداردا خورىماقتا.

---

جياڭ زىلۇڭ ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون «بۇگۇن ئاخشام» گېزىتىنىڭ 2005 ـ يىل 14 ـ دېكابىر سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل فېۋرال (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى. تەرجىمان: ئاتاغلىق تەرجىمە ئۇستازى، لۇشۇنشۇناس، بۇ يىل 84 ياشتا.

# جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش نېمە ئۈچۈن قىيىن

مەن نيۇ ـ يوركتا ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغدا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىدىم: يىل ئاخىرىدا ئامېرىكىلىق خوجايىن ئىشچىلارغا ئىش ھەققى قوشۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. سوممىسى يۇقىرى ئىكەن: ھەر بىر ئادەمگە 500 ئامېرىكا دوللىرى. بىراق خوجايىننىڭ بەلگىلىمىسى: ھەر بىر گۇرۇپپا بىرلا ئادەمگە قوشۇش، كىمگە قوشماقچى بولسا، ھەرقايسى گۇرۇپپا دېموكراتىك ئاساستا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدىكەن. بۇ زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ئاسىيادىن كەلگەن بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ياپونىيە گۇرۇپپىسى، ۋېيتنام گۇرۇپپىسى، كورىيە گۇرۇپپىسى، جۇڭگو گۇرۇپپىسى، دەپ ئايرىلىدىكەن ...



ئۇقتۇرۇش چۈشكەندىن كېيىن كاتىپ قىز ھەرقايسى گۇرۇپپىنىڭ ئىشتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئىش ھەققى قوشۇلىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى يوللاپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ياپونىيە گۇرۇپپىسى ئەڭ تېز بولۇپ، بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ئىسىملىكنى چىقىرىپ خوجايىنغا بېرىپتۇ. خوجايىن ئىسىملىكنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. بۇ دەل خوجايىن كۆڭلىگە پۈككەن ئادەم ئىكەن. تېخنىكىسى يۇقىرى، ئىش سۈرئىتى تېز. ۋېيتنام مەلۇم قىلغان ئادەم تېخنىكىسى ئوتتۇراھال، مائاشى تۆۋەن بىچارە ئادەم ئىكەن؛ كورىيە گۇرۇپپىسىمۇ تېخنىكىسى ناچار، مۇناسىۋەتكە ئۇستا بىرسىنى مەلۇم قىپتۇ، خوجايىن بېشىنى چايقاپ نائىلاج قاپتۇ.

جۇڭگو گۇرۇپپىسىچۇ؟ نېمىشقا تېخىچە مەلۇم قىلمايدۇ؟ ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا كاتىپ قىزچاق ئۇلارنى قايتا ـ قايتا ئالدىرىتىپتۇ. نەتىجىدە، جۇڭگولۇقلارغا مائاش قوشۇشنىڭ ھاجىتى يوقكەن!

خوجايىن بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ! ئەجەبا جۇڭگولۇقلار راستىنلا كەمتەرلىك خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇۋاتامدۇ؟ ئەجەبا مۇشۇنداق ياخشى ئىمتىيازنى ئالماقچى بولمىغاندۇ؟ خوجايىن ئىشەنمەي، ئۆزى جۇڭگو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى كېلىپ، ئاخىر ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپتۇ: ئەسلىدە جۇڭگو گۇرۇپپىسىدىكى بەش ئادەم يېرىم كۈن مۇزاكىرە قىلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن تالىشىپ، ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويماپتۇ... ئۇلار خوجايىندىن: «يا تەڭ تەقسىم قىلىپ، ھەر بىرىمىزگە 100 دوللاردىن قوشايلى، يا ھېچكىمگە قوشمايلى!» دەپ تەلەپ قىپتۇ.

خوجايىن ئاچچىقلىنىپ قولىنى سىلكىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى بىكار قىپتۇ!

---

شىن چاڭ قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون «پىكىرلەر مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 12 ـ سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 5 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئەسقەر ئەھمىدىي** تەرجىمىسى. تەرجىمان: قەشقەر شەھەر مائارىپ ئىدارىسىدە.

# چەت ئەللىكلەر گېپىمىزنى ئاڭقىرالمايدۇ

ھەممىمىزگە ئايان، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىككى خىل سۆزلەش ئادىتىمىز بار، بىرىنى ئوچۇق ـ ئاممىۋى سورۇنلاردا، بىرىنى شەخسىي تۇرمۇشىمىزدا قوللىنىپ، ئادەتلەنگەن. رەھبىرىي كادىرلارمۇ، ئاۋام پۇقرالارمۇ ئاممىۋى سورۇنلاردا قېلىپلىشىپ قالغان ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنى قىلىدۇ، لاپ ئۇرىدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ. بىز بۇ خىل سۆزلەش ئادىتىگە كۆنۈپ قالغان، ئەمما چەت ئەللىكلەر گەپلىرىمىزنى ئاڭلىسا گاڭگىراپ قالىدۇ.


ئامېرىكىلىق بىر دوستۇم جۇڭگولۇق قىزغا ئۆيلەنگەن، قېيناتا، قېينانىسى بىلەن بىللە تۇرىدۇ، خەنزۇچىنى داشەن (مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئامېرىكىلىق رىياسەتچىسى داۋىد، خەنزۇچە ئىسمى داشەن. ـ ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)دىنمۇ راۋان سۆزلەيدۇ. ئۇ ماڭا جۇڭگولۇقلار يىغىن ئاچقاندا سۆزلىگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇقىمەن، ئەمما شۇ گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئاڭقىرالمايمەن، دېگەنىدى. يېقىندا مەن ئىككى چەت ئەللىككە ھەمراھ بولۇپ بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى تەبىئىيلا ئاممىۋى سورۇنلاردا سۆزلەيدىغان ئادەت بويىچە خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدىن تارتىپ شەھىرىمىزدىكى بۇ يىلقى ئون چوڭ ئىشقىچە سۆزلىدى. سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا، چەت ئەللىكلەر ئىشىكتىن چىقىپلا: «بايىقى ئەپەندى زادى نېمە دېمەكچى؟»دەپ سورىدى.

ئۇ زادى نېمە دېمەكچى؟ مەن بىلىپ بولدۇم. ئۇ، بۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزىنى تېزرەك زىيارەتكە تەكلىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى، شەھىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، ئەلۋەتتە.

جۇڭگونىڭ ئاۋام پۇقرالىرى يالغان سۆزلەشكە ئامراق. نۇرغۇن ئادەم جۇڭگودا كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچ كەملىكىدىن ئاغرىنىدۇ ـ يۇ، ئۆزلىرىمۇ ناھايىتى تېزلا يالغانچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يالغانچىلىق ھەتتا بىزدىكى تۇغما ئادەتكە ئوخشاپ قالغانكى، ئاغزىمىزنى ئېچىشىمىزغىلا يالغان گەپ تۆكۈلىدۇ.

غەرب ئەللىرىگە بارغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەللىكلەر باشقىلارغا بەك ئاسان ئىشىنىدىكەن، جۇڭگولۇقلار نېمە دېسە ئىشىنىۋېرىدىكەن، دەپ قالىدۇ. بىر قېتىم بىز بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىغا باردۇق، دوستلىرىم ماڭا بىر كىيىمنى ئېلىشقا تولىمۇ قىزىقتۇردى. ئۇ كىيىم ماڭىمۇ ياراپ قالدى، ئەمما پۇلۇم يەتمىدى. دوستلىرىم پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى چىقاردى، يەنە كەملىدى. مەن دۇكانچىغا بۇ كىيىمنى ئالدىغانلىقىمنى، ئەمما ھازىر پۇل كەملىگەچكە ئەتە كېلىپ ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دۇكاندىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن بىر دوستۇمنىڭ يېنىدا ئايرىم ساقلىغان خېلى جىق پۇلى ئېسىگە كەپتۇ. بۇنى ئۇققاندىن كېيىن دۇكانغا قايتا كىرىپ ھەيران قالدۇق. دۇكانچى بايىقى كىيىمنى ئايرىم جايغا ئېلىپ قويغانىكەن. مەن بۇنداق ئىشنى جۇڭگودا ئۇچرىتىپ باقمىغان.





جۇڭگودا بىز بىر ئادەمگە ئالدىراپ ئىشەنمەيمىز، بىر مەزگىل ئارىلىشىپ بېقىپ، ئىشەنچلىكلىكىگە كۆزىمىز يەتسە ئاندىن ئىشىنىمىز. غەرب ئەللىرىدە كىشىلەر ئاۋۋال باشقىلارنى راستچىل ئادەم دەپ ئارىلىشىدۇ، ئارىلىشىش داۋامىدا ئەگەر بىر كىمنىڭ يالغانچىلىقىنى بايقاپ قالسا، ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

جۇڭگولۇقلار نېمىشقا يالغانچىلىققا شۇنچە خۇشتار؟ بىر قېتىملىق پسىخولوگىيە سىلىشتۇرما تەتقىقاتى بۇ سوئالنىڭ قىسمەن جاۋابىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. بۇ تەتقىقات جۇڭگو ۋە ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كىشىلەر قەلبىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ۋە ئەڭ ئاقىلانە ئىشنى تەكشۈرگەن. تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگولۇقلار جۇگېلياڭنى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم، ئۇنىڭ «قۇرۇق شەھەر ھىيلىسى»، «كېمىگە قارانچۇق ياساپ ئوقيا ئوقى يىغىش» قاتارلىق ئىشلىرىنى ئەڭ ئاقىلانە ئىش، دەپ قارايدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئېينىشتېين، نيۇتون، ئارستوتېل قاتارلىق ئالىملارنى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم، ئۇلارنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئەڭ ئاقىلانە ئىش، دەپ قارايدىكەن.

جۇڭگولۇقلار يالغانچىلىقنى ئەخلاق جەھەتتىن ئەيىب كۆرىدۇ، ئەمما كۆڭلىدە چوڭ ئىش ھېسابلىمايدۇ. شۇڭا دۈشمىنىگە يالغان

ئېيتىشتەك بۇ پەۋقۇلئاددە يالغانچىلىق ئەخلاق چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، «دانا»لىقنىڭ دەسمايىسى بوپقالغان. شۇنىڭ بىلەن يالغانچىلىق ئەيىب ھېسابلىنىشنىڭ ئورنىغا يالغاننى قامالاشتۇرۇپ ئېيتالىغان، يالغانچىلىقنى بىلمەك قىيىن بولغان كىشى دانا سانالغان.

جۇڭگولۇقلار: كۆچۈرمەن دېسەڭ ماقالە دېگەن سامانـدەك دەيدۇ. مانا بۇ جۇڭگودا شۇنچە كۆپ پروفېسسورنىڭ كۆچۈرمەكەشلىكى شەرمسار بولغاندىن كېيىنمۇ خىزمەت ئورنىدا تۇرۇۋېرىشىنىڭ، دەرس سۆزلەپ ئادەم تەربىيىلەۋېرىشىنىڭ سەۋەبى. باشقىلارنىڭ: بۇ ئادەم جىقمۇ كۆچۈرمىگەن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كۆچۈرگەنلەرمۇ بارغۇ، دەپ ئۇلارنى ئاقلىشىنىڭ ئاساسى. مانا بۇ جۇڭگونىڭ كلاسسىك مەنتىقىسى.

داڭلىق يازغۇچى باجىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتە تالاش _ تارتىش كېلىپ چىقتى. بەزىلەر باجىننىڭ ئەسەرلىرى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ راست گەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۇنىڭ بىر دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئادىمى بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ، دېيىشتى.

جۇڭگودا راست گەپ قىلسىڭىزلا ئۇلۇغ ئادەم بولالايسىز، بىراق ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتەمەك ئاسان ئىش ئەمەس.

---

جاڭ جىخەي قەلەمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «دۇنياغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2006 _ يىل 3 _ سانىدىن «نەسرىي ئەسەرلەردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2006 _ يىل 4 _ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابدۇللا غاپپار** تەرجىمىسى. تەرجىمان: جۇڭگو مىللەتلەر تىل _ يېزىق تەرجىمە ئىدارىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە.

# نېمە ئۈچۈن جۇڭگو باللىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغىنى ئاتا _ ئانىسى ئەمەس

دۆلەت ھالقىغان بىر ئورگان ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە جۇڭگولۇق باللارغا: «سىز ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم كىم؟ بىرىنچىدىن ئونىنچىسىغىچە تىزىپ چىقىڭ، ئۆز دۆلىتىڭىزنىڭ ياكى چەت ئەللەرنىڭ بولسىمۇ بولىدۇ» دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ.



مەن بۇنى كۆرۈپلا ئامېرىكىلىق باللار ئاتا _ ئانىسىنى چوقۇم ئەڭ ئاخىرىغا يەنى دادىسىنى توققۇزىنچى ئورۇنغا، ئانىسىنى ئونىنچى ئورۇنغا تىزىدۇ، دەپ جەزم قىلدىم.

نېمە ئۈچۈن؟ ئويلاپ بېقىڭ، ئامېرىكىدا ئاتا _ ئانىلارنىڭ بالىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى 18 ياشقا كىرگەندە ئاخىرلىشىدۇ، باللار ئۆز جېنىنى ئۆزى جان ئېتىدۇ. تۇرىدىغان ئۆيى بار _ يوقلۇقى، خىزمەت تاپقان _ تاپالمىغانلىقى، تۇرمۇش خىراجىتى دېگەنلەر باللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئاتا _ ئانىلىرىنىڭ كارى يوق، گەرچە باي بولسىمۇ ئاتا _ ئانىلىرىنىڭ پۇلى ئۆزىگە ھېساب؛ ئۇلارنىڭ باللىرىنى شىركىتىگە ئەكىلىپ دىرېكتور قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. پۈتكۈل مال _ بىساتىنى مىراس قالدۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، خەير _ ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا ئىئانە قىلىۋەتسىمۇ قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدا «باللىق» مەزگىل قىسقا.

بۇ تەكشۈرۈشتىن مەن جۇڭگولۇق باللار ئاتا _ ئانىسىنى چوقۇم ئەڭ ئالدىغا _ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئورۇنغا تىزىدۇ، دەپ جەزم قىلدىم. چۈنكى سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: جۇڭگولۇق ئاتا _ ئانىلار باللىرىغا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان. ئۇلار باللىرىنى 18 ياشقا كىرگىچە بېقىپلا قالماي، 28 ياشقا كىرگەندىمۇ غېمىنى يەيدۇ. باللىرى تۆزۈك خىزمەت قىلغىلى ئۇنىمىسا ھېچقىسى يوق، ئۆيدە ئاتا _ ئانىسىنىڭكىنى يەپ ياتسا بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇماقچى بوپقالسا، ئاتا _ ئانىسى غىلىڭ قىلماي پۇل توپلاشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئامېرىكىغا بېرىپ ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن يىلىغا 160 مىڭدىن 330 مىڭ يۈەنگىچە ئوقۇش پۇلى، 80 مىڭدىن 100 مىڭ يۈەنگىچە تۇرمۇش خىراجىتى، ئەنگلىيىگە بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن يىلىغا 60 مىڭدىن 80 مىڭ يۈەنگىچە ئوقۇش پۇلى، 30 مىڭدىن 40 مىڭ يۈەنگىچە تۇرمۇش خىراجىتى كېتىدۇ؛ ياپونىيىگە بارسا ئوقۇش پۇلى يىلىغا 70 مىڭ يۈەن، تۇرمۇش خىراجىتى 70 مىڭدىن 80 مىڭ يۈەنگىچە ... ئىشقىلىپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن 400 مىڭدىن 600 مىڭ يۈەنگىچە پۇل كېرەك.

جۇڭگولۇق ئاتا _ ئانىلار باللىرىغا: «ساڭا 400 مىڭ ياكى 600 مىڭ يۈەن بەرسەم خېلى پۇللۇق بوپقالسەن، يەنە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ نېمە قىلسەن؟ بىكاردىن بىكار پۇللارنى بوش بىلەن بلايىرغا سېلىپ بېرىپ» دېگەن گەپنى ھەرگىز دېيەلمەيدۇ. ياق، ياق، ھەرگىز دېمەيدۇ. ئۇلار باللىمىز چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇسا تېخىمۇ يارامىلىق ئادەم بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا غىلىڭ قىلماي پۇل توپلايدۇ. كەڭ _ ئازادە ئۆيلەردىن تار _ كاتەكتەك ئۆيلەرگە كۆچىدۇ. بانكىدىكى ئامانەت پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. پاي چېكىنى پاك _ پاكىز سېتىۋېتىدۇ، سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. يەنە بانكىدىن ھەم ئۇرۇق _ تۇغقان، دوست _ بۇرادەرلىرىدىن قەرز ئېلىپ، ئاران دېگەندە بالىسىنى غەربكە ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا سېلىپ قويىدۇ.

مۇنداق ئاتا _ ئانىلاردا يەنە نېمە نۇقسان بولسۇن؟ ئاقىللار: «بىر ئاتا يۈز ئۇستازنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپتىكەن.

ئەمما تەكشۈرۈش نەتىجىسى جەزم قىلغىنىمنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولدى. ئامېرىكىلىق ۋە ياپونىيىلىك باللارنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ

ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم تەرتىپ بويىچە: دادىسى، ئانىسى، مەلۇم قەھرىمان شەخس ياكى چولپان ئىدى. جۇڭگولۇق بالىلارنىڭ بولسا دادىسى ئەڭ ئاخىرىغا، يەنى ئونىنچى ئورۇنغا تىزىلغان؛ ئانىسىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، ئالدىنقى ئوندىن سىقىپ چىقىرىلىپ 11 ـ ئورۇنغا تىزىلغانىدى!

بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەجەبا ئاتا ـ ئانىلار ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئەمەسمىكەن. تولا ئويلاپ ئاخىر بۇنىڭدىكى بىرقانچە سەۋەبنى تېپىپ چىقتىم: گەپ ئاڭلىمايسەن دەپ دائىم بالىسىدىن ئاغرىنىدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالمايدۇ؛ بالىسىنىڭ ھەممە ئىشىغا چات كىرىۋالىدىغان ئاتا ـ ئانىلارمۇ، شۇنداقلا ئۆز ئىرادىسىنى بالىسىغا مەجبۇرىي تاڭىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ھەم شۇنداق.

ئەلۋەتتە، بالىسىنى تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشقا ئىلھام بېرىدىغان، نان تېپىپ يېيىشنىڭ ئېپىنى ئۆگىتىپ، نان بەرمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ؛ ھەممە ئىشتا بالىسىنىڭ كۆزىگە كىرەۋالماي ئۆزى مۇستەقىل ئىش قىلىشىغا يول قويىدىغان ئاتا ـ ئانىلارمۇ، يەنە كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، چوڭلارمۇ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش كېرەك، دەپ قارايدىغان ئاتا ـ ئانىلارمۇ ھەم شۇنداق.

---

تۈرك مېكىخو قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە «ئازاد گېزىتى»دىن خېيىلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھېكمەتلىك سۆزلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 8 ـ سانى (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)غا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئەكبەر ئىلياس** تەرجىمىسى. تەرجىمان: گەنجياڭ كەسپلەر تېخنىكا ئىنستىتۇتى مىللەتلەر تەييارلىق سىنىپى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

# ئەپچىل چارە

A ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى زاۋۇتىنىڭ سۇ باھاسىنى زور كۆلەمدە ئۆستۈرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا مىش ـ مىش خەۋەر تارقىلىشى بىلەن جەمئىيەتتە كۈچلۈك نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا ناھىيىلىك مال باھا ئىدارىسىمۇ مال باھا تەڭشەش دوكلاتىنى ئۆز قەرەلىدە تەستىقلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. زاۋۇت باشلىقى ھېچ ئامال تاپالماي مۇئاۋىن ھاكىم Y دىن ياردەم تىلىدى.

Y ھاكىم: بۇ قېتىمقى باھا تەڭشەش نىسبىتىڭلار قانچىلىك؟

زاۋۇت باشلىقى: ھەر تونناسى 1.2 يۈەندىن 1.8 يۈەنگە تەڭشىلىدۇ، تەڭشەش نىسبىتى %50.

Y ھاكىم سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

ـ تەڭشەش نىسبىتى بىر ئاز چوڭ بوپقاپتۇ. بىراق بىز ئائىلىلەرگىچە خىزمەت ئىشلىسەك، ئامما چوقۇم قوللىماي قالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سىلەر يەنىلا جەمئىيەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىڭلار، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ Y ھاكىم ئاممىنىڭ رايىنى سىناش سوئالىنىڭ تېزىسىنى ئۆزى تۈزۈپ بەردى:

«سىزنىڭچە، يېقىن كەلگۈسىدە بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان تۇرۇبا سۇيى باھاسى: A ، تونناسى 1.8 يۈەن، B ، تونناسى 2.4 يۈەن، C، تونناسى 3 يۈەن».

يېرىم ئايدىن كېيىن جەمئىيەت تەكشۈرۈشى ئاخىرلاشتى. يىغىۋېلىنغان جاۋابلاردا %100 ئامما تونناسى 1.8 يۈەنلىك سۇ باھاسىنى «قوللىغان» ئىدى. شۇنداق قىلىپ، A ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى زاۋۇتىنىڭ سۇ باھاسىنى تەڭشەش خىزمىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئاياغلاشتى.

---

«رەھبەرلىك ئىلمى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 22 ـ سانىدىن **ئابلىز ساقى پەيزۇللەشاھ** تەرجىمىسى. تەرجىمان: ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا.

# مەخپىي رېتسېپ:
# ئەقىللىق جۇڭگولۇقلار نوبېل مۇكاپاتىغا قانداق قىلىپ ئېرىشەلەيدۇ؟

**گەپ ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىدىغان جۇڭگو مەدەنىيىتى**

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى دۆلەت ھالقىغان بىر قېتىملىق سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بارغانىدۇق. ياپونىيىنىڭ يوكوخاما شەھىرى ۋە جۇڭگونىڭ شاڭخەي شەھىرىدىن بولۇپ 1300 نەپەر ئاتا ـ ئانا تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنىپ، ئۇلاردىن: «قانداق بالا ياخشى بالا؟»، «قانداق بالا ئەسكى بالا؟» دېگەن سوئال سورالغانىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئادەمنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ:

يۇقىرىدىكى ئىككى سوئالغا ياپونىيىلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى ھەر خىل بولغان بولسىمۇ، جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ جاۋابلىرى خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا بىردەك بولۇپ چىقتى. %46 جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانا «گەپ ئاڭلايدىغان بالا ياخشى بالا» دەپ قارايدىكەن؛ %20تىن كۆپرەك جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانا «گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا ئەسكى بالا»دەپ قارايدىكەن. لېكىن ياپونىيىلىك بەرمۇ ئاتا ـ ئانا «گەپ ئاڭلاش» دېگەننى ياخشى بالىنىڭ ئۆلچىمىگە كىرگۈزمىگەن، ئەكسىچە ياپونىيىلىك ئاتا ـ ئانىلار «گەپ ئاڭلاش» دېگەننى ئەسكى بالىنىڭ ئۆلچىمىگە كىرگۈزگەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەھۋال، جۇڭگودىكى پسىخولوگىيە جەھەتتىن مەسلىھەت بەرگۈچى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئورۇننىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇنى ئىنكاس قىلغانكى، جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانىلار مەسلىھەت سورىغاندا سورايدىغان ئەڭ كۆپ سوئالى «بالىمىز گەپ ئاڭلىمىسا قانداق قىلىمىز» دېگەندىن ئىبارەت بولغان.

بۇنىڭدىكى ئومۇمىي سان % 66 بولغان، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق نىسبەت ـ ھە!

گەپ ئاڭلاش دېگەن زادى قانداق نەرسە؟ بۇ نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ شۇنچىۋالا ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال «گەپ ئاڭلاش» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىپ باقايلى. بىرىنچىدىن، بۇيرۇق قىلىش، بالىدىن گەپ ئاڭلاشنى بىۋاسىتە تەلەپ قىلىش بولۇپ، ئەڭ تىپىك بولغىنى «گەپ ئاڭلا!» دېگەندىن ياكى بالا گەپ ئاڭلىمىغاندىن كېيىنكى ئەيىبلەش ـ «سەن نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن؟!» دەپ ئەيىبلەشتىن ئىبارەت؛ ئىككىنچىدىن، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىرى بىر نەچچە كۈنگىچە سىرتقا چىقماقچى بوپقالسا، بالا

بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا چوقۇم «ئۆيدە داداڭنىڭ، ئاپاڭنىڭ، بوۋاڭنىڭ، موماڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا!» دەپ جېكىلەپ قويىدۇ، شۇنىڭدەك بالىسىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپ خوشلىشىدىغان چاغدا «مەكتەپتە مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلا!» دەپ تاپىلاپ قويىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بالىسىنىڭ مەلۇم بىر تەلىپىگە ماقۇل بولغاندا، ئالدى بىلەن گەپ ئاڭلاشنى شەرت قىلىشتىن ئىبارەت. مىسالەن: «ئەگەر گەپ ئاڭلىمىساڭ ...».

باشقىلاردىن گەپ ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىشمۇ ۋە باشقىلارنى «گەپ ئاڭلىمىدىڭ» دەپ ئەيىبلەشمۇ ئەمەلىيەتتە ئوخشاشلا بىر خىل مەجبۇرىي بۇيرۇق پىسخىكىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا ھوقۇق مۇستەبىتلىكى بىلەن ئۆزۈمچىلىك ئىچى سىڭىپ كەتكەن. سۆزنىڭ مەنىسى «ماڭا بويسۇنغانلار ئامان قالىدۇ، قارشى چىققانلار ھالاك بولىدۇ» دېگەندەك مەنپەئەتكە قىزىقتۇرۇش ۋە تەھدىتتىن ئىبارەت. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «گەپ ئاڭلاش» ئەمەلىيەتتە فېئودال پادىشاھلىق ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى، خالاس.

بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز كۆپىنچە مۇستەقىل كۆز قاراشنى ئىلھاملاندۇرماستىن، بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ ئالدىغا ئوزۇپ چىقىشنى ئىلھاملاندۇرماستىن، ئوتتۇرىچە ـ ئەل قاتارى يول تۇتۇشنى ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ يېڭىچە ئوي ـ پىكىردە بولۇشنى ئىلھاملاندۇرماستىن، مۇقىم، ئىشەنچلىك بولۇشنى ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ شەخسنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئىلھاملاندۇرماستىن، «بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىش» دېگەننى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## «تالانت قاتىللىرى»دىن تەركىب تاپقان جۇڭگو مائارىپى سىستېمىسى

«ئۆگىنىش» بىلەن «ئىجاد قىلىش»نى تېخىچە ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەسلىك جۇڭگو مائارىپى ئوقۇمىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇم جەھەتتىكى بۇنداق قالايمىقانچىلىق جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆسمۈرلەر سىنىپى ۋەكىللىك قىلغان «تالانتلىق ئۆسمۈر»لەرنى تاللاش ۋە تەربىيىلەشتە ھەممىدىن بەكرەك تىپىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئون ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان ئۆسمۈرنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىشى ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنىڭمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. بەزى ھاللاردا ئۆگىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بالىلارنىڭ ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى بېسىلىپ قالغان بولىدۇ. ئەگەر بىرەيلەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولسا، ئۇ مەلۇم نەرسىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مەلۇم نەرسىنى ئىجاد قىلغانلىقىدىن بولىدۇ؛ ئىككى يېشىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىلەنمۇ، ھېچكىم ساڭا بۇنداق مۇكاپاتنى بەرمەيدۇ ـ دە.

جۇڭگودا ھەممىلا ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان «بالىڭىزنى پەللىدىن چىقىش سىزىقىدىلا ئۇتتۇرغۇزۇپ قويماڭ» دەيدىغان بىر ئېلان بار. شۇڭلاشقا جۇڭگودىكى بالىلار ھەتتا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا پەللىدىن قانداق چىقىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان بولىدۇ. تۇغۇلغاندىن كېيىن يەنە ئارتۇق سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ـ دە. مەن ھاياتىمدا ئەڭ قورقىدىغان بىر ئىش، بالىسى بار ئۆيگە مېھمان بولۇپ بېرىش. ئەمدىلا ئىشىكتىن كىرىشىمگە ئۆي ئىگىسى بالىسىغا تەلەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتىپ: «بالام، تاغاڭغا تالڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن بىرنى يادلاپ بەرگىنە!»، «ھەدەڭگە بىر رەسىم سىزىپ بەرگىنە»، «بىر پەدە ساز چېلىپ بەرگىنە»، «بىر ھۆسنخەت يېزىپ بەرگىنە»... دېگەندەك تەلەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قويۇلۇۋېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بالا تېخى چوكىنىمۇ ئوڭلاپ تۇتالمايدۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغىنىمدا يا ماختىشىمنى، يا تەنقىدلىشىمنى بىلمەيلا قالىمەن. چۈنكى شۇ تاپتا بالىسىدىن پەخىرلىنىۋاتقان بۇ ئاتا ـ ئانىلار «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش»تەك ئۇسۇلنىڭ بالىسىغا زىيىنى بولسا باركى، پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىشمەيدۇ.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا جۇڭگولۇقلارنىڭ پەللىدىن چىقىش ۋاقتى ھېلىمۇ خېلىلا تېز ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئامېرىكىلىق بىر بالا جۇڭگودىكى مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ ئوقۇسا، بىر نەچچە كۈنگە قالمايلا جۇڭگو مەكتىپىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭغا سۈرئەتتە يېتىشەلمەيدىكەن، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ئەمەس ئىكەن، گەپ ئاڭلىمايدىكەن دېگەنلەر سەۋەب بولىدۇ. ھەر يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىلىرىدە جۇڭگولۇق بالىلار ئىشتىراك قىلسىلا چېمپىيونلۇق چوقۇم بىزگە مەنسۇپ بوپقالىدۇ. چۈنكى مۇسابىقە مەزمۇنىنى باشقا دۆلەتلەردىكى بالىلار تېخى ئۆگەنمىگەن. جۇڭگو ئەرلەر پۇتبول كوماندىسىمۇ ئوخشاش ئەھۋالدا بولۇپ، ئۆسمۈرلەر كوماندىسى دۇنيا سەۋىيىسىدە، ياشلار كوماندىسى ئاسىيا سەۋىيىسىدە، دۆلەت كوماندىسى بولسا... ئارتۇقچە سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگولۇقلار ئۇتتۇرۇپ قويسا پەللىدىن چىقىش سىزىقىدا ئۇتتۇرمايدۇ. پەللىدىن چىقىش سىزىقىدا ئۇتتۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. «پەللىدىن چىقىش سىزىقىدا ئۇتتۇرۇپ قويۇش» دېگەن سۆز لوگىكىلىق ئۇقۇم جەھەتتە مەڭگۈ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. پەللىدىن چىقىشتا ئاستىراق بوپقالدى دېگەندىمۇ، پەللىدىن چىقىشتا كېيىن قالدى دېسەكلا بولىدىغۇ.

شۇنىسى ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش مەڭگۈ ئاخىرقى نۇقتىدىلا بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئىنتايىن يۇقىرى ئىجادچانلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. مەسىلە، ئۇنى قانداق بايقاپ ـ قوغدىشىمىز ۋە تەربىيىلىشىمىزگە باغلىق. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، پەرزەنتلىرىمىز تۇغۇلۇشىدىن باشلاپلا سان ـ ساناقسىز «تالانت قاتىلى»نىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاخىرىدا ئاددىي بىر ئادەم قىلىپ قويۇلىدۇ.

ئىلگىرى ئاڭلىغان بىر قېتىملىق ئوچۇق دەرس ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىر «نەمۇنىچى» ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر سىنىپنى قانداقسىگە بالىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى بوغىدىغان جازا مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىۋاستە كۆرگەنىدىم.

ئۇ بىر قېتىملىق جۇغراپىيە دەرسى ئىدى. مۇئەللىم جۇڭگو

خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
ـ قاراڭلار، جۇڭگو خەرىتىسى نېمىگە ئوخشايدىكەن؟ ـ دەپ
سورىدى باللاردىن. بەزى ئوقۇغۇچىلار خورازغا ئوخشايدىكەن دېسە،
يەنە بەزىلىرى ئۆچكىگە ئوخشايدىكەن، دېيىشتى. جۇڭگو خەرىتىسىنى
ئۆچكىگە ئوخشىتىشنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى. جۇڭگو خەرىتە-
سىنىڭ خورازغا ئەمەس، بەلكى ساقاللىق ئۆچكىگە تېخىمۇ ئوخشاي-
دىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىشىم ئىدى.

ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى جۇڭگو خە-
رىتىسىنى ئۆچكىگە ئوخشاتقان باللاردىن قايتىلاپ سورىدى:
ـ سىلەر يەنە بىر قاراپ بېقىڭلارچۇ، زادى نېمىگە ئوخشايدى-
كەن؟

ئوقۇغۇچىلار يەنىلا ئۆچكىگە ئوخشايدىكەن دېيىشتى. ھېلىقى
ئوقۇتقۇچى بەلكىم ئۆزىنىڭ ئوچۇق دەرسىدە مۇشۇنداق ئوخشىمىغان
جاۋابلارنىڭ چىقىپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ
تېخىمۇ زەردە بىلەن سورىدى:
ـ سىلەر يەنە بىر قاراپ بېقىڭلار، راستىنلا ئۆچكىگە ئوخشامدى-
كەن؟ ئۇ «يەنە بىر» دېگەن سۆزنى سىنىپنىڭ تورۇسنى تىترەتكۈ-
دەك قاتتىق تەلەپپۇز قىلدى. ئوقۇغۇچىلار قورقۇمسىراپ تۇرۇپ:
ـ خورازغا ئوخشايدىكەن! دېيىشتى.
ئوقۇتقۇچى ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاخىرقى قېتىم سورىدى:
ـ جۇڭگو خەرىتىسى نېمىگە ئوخشايدۇ؟!
ـ خورازغا! ـ دېيىشتى سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى تەڭلا.
ئوقۇتقۇچى رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى.

### ياخشى ـ يامانلىقنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان
### پەن ـ تەتقىقات تۈزۈلمىسى

جۇڭگو ئىلىم ساھەسى جۇڭگو مائارىپ ساھەسىدىكى «ئۆگىنىش»
بىلەن «ئىجاد قىلىش»نى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئەندىزىگە ناھايىتى
ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. بۇنداق ۋارىسلىق قىلىشتىن كېلىپ
چىققان ئەڭ چوڭ مەسىلە «سان» بىلەن «سۈپەت»نى پەرق ئېتەل-
مەسلىكتىن ئىبارەت بولدى. ئالدى بىلەن ئىلىم ساھەسىدىكى زاتلارنى
تونۇشتۇرغاندىكى ئەڭ تىپىك بىر تونۇشتۇرۇشنى كۆرۈپ باقايلى:
«××پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، مەملىكىتىمىز-
نىڭ ××ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب، ××قاتارلىق مەخسۇس
كىتابلارنى يازغان، نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان...»

بۇ تونۇشتۇرۇشنىڭ ئالاھىدە يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا پروفېسسور-
نىڭ يازغان كىتابلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىنغان.
لېكىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئېنىق
مەلۇماتمۇ يوق. جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدە كىتابقا شۇنچە ئەھمىيەت
بېرىپ، ئىلمىي ماقالىگە سەل قاراشنىڭ سەۋەبى: جۇڭگولۇقلار كىتاب-
نىڭ ھەجمى ـ خەت سانى ئىلمىي ماقالىدىكىدىن كۆپ بولغانلىقتىن
جىڭغا بەكرەك توختايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن بۇ يەردە جىڭغا
توختاۋاتقىنى سۈپەت بولماستىن، بەلكى سان ـ مىقدار بولىدۇ. ئەمە-
لىيەتتە يۇقىرىدا تىلغا ئالغان پروفېسسورنىڭ ئاتالمىش مەخسۇس كى-
تابلىرى چەت ئەللەرنىڭ نەزەرىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشتىنلا
باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدىن دەرسلىك سۈپىتىدە پايدىلانسا بولى-
دۇكى، ئۇنى ھەقىقىي ئىلمىي قىممىتى بار دېيىشكە بولمايدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، جۇڭگودىكى داڭلىق بىر ئىقتىسادشۇناس
ئامېرىكىغا زىيارەتكە بارغاندا، شۇ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن
بىر ئىقتىسادشۇناس بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندا،
قارشى تەرەپتىن ئۆزىگە بىرەر كىتابىنى سوۋغا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.
ـ مەن كىتاب يېزىپ باقمىغان، ـ دەپتۇ ئۇ. نوبېل مۇكاپاتىغا
ئېرىشكۈچىنىڭ بۇ جاۋابى جۇڭگولۇق ئىقتىسادشۇناسنى قاتتىق ھەي-
ران قالدۇرۇپتۇ.
ـ سىزدەك بىر كاتتا ئۇستاز كىتاب يېزىپ باقمىغانمۇ؟
ـ شۇنداق، مەن زادى كىتاب يېزىپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
يازمايمەن.

بۇ جۇڭگولۇق ئىقتىسادشۇناس بىر ئادەمنىڭ بىرەر پارچىمۇ كى-
تاب يازماي تۇرۇپ قانداقسىگە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ قالغانلىقىنى
ھېلىغىچە چۈشىنەلمەي يۈرىدىكەن.

جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىنى تېخىمۇ ئوسال قىلىدىغان ئىش،
بۇنى ئاڭلىسا ئىلىم ساھەسىنىڭ سىرتىدىكى دوستلارنىڭ كۆپلىرى ئە-
شەنمەي قېلىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ بىرەر تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ
ياخشى ياكى ناچارلىقىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق ئىكەن. جۇڭ-
گولۇقلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن نېمىنىڭ «بىر
جۈملىسى 10 مىڭ جۈملىگە باراۋەر» بولىدىغانلىقىنى پەرق ئېتىش
ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بوپقالغاندەك قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەتقىقات
ئورنى ھەتتا سانىنىلا باھالاش ئۆلچىمى قىلىۋالغان.

مەسىلەن: پروفېسسور باھالاشتا چوقۇم نەچچە تۈمەن خەتلىك ئىل-
مىي ماقالە يېزىشى بەلگىلەنگەن. ئەگەر سىز تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ
مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىدىن نېمىشقا سۈپەتنى باھالاش ئۆلچىمى قىل-
مايسىلەر؟ دەپ سوراپ قالسىڭىز، ئۇلارمۇ سىزدىن: «ئۆزىڭىز دەپ
بېقىڭا، سۈپەتكە قانداق ھۆكۈم قىلىمىز؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىشىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىدىن يەنە بىرسى (بۇنى ھەممەيلەن
ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن)، بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان جۇڭگو
«دۇنيا بويىچە ئىلغار ئۇنىۋېرسىتېت» قۇرىمىز، دەپ ئېلىپ بارغان
ئەڭ ئاساسلىق تەدبىرلىرىدىن بىرى، بىر نەچچە چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى
بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ چوڭ بىر ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش-
تىن ئىبارەت بولدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىز راستىنلا «ئىدراك» دېگەننى يوقاتقان
ئوخشايمىز.

### ئىشتىن سىرتقى ماھىرلاردىن تەركىب تاپقان
### پەن ـ تەتقىقات قوشۇنى

ئەگەر جۇڭگو تەنتەربىيە ساھەسىدىكى كەسپىي ماھىرلار باشقى-
لارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ماھىرلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ دېسەك،
جۇڭگونىڭ پەن ـ تەتقىقات ساھەسىدە ئىشتىن سىرتقى ماھىرلار باش-
قىلارنىڭ كەسپىي ماھىرلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا
ئۇتتۇرۇپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

مەن چەت ئەلگە زىيارەتكە بارغىنىمدا، ئۇ يەردىكى كەسپداش-
لارنىڭ ھەتتا تاماق ۋاقتىدىمۇ ئىلىم توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشىد-
غانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بىرىنچى قېتىم زىيارەتكە چىققان چېغىمدا

ئىككى كەسپىدىشىم بىلەن بىر تاماقخانىدا ئولتۇرۇپ تاكى يېرىم كېچىگىچە قىزغىن ئىلىم مۇھاكىمىسى ئېلىپ بارغىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىز ئۆزىمىز ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى ئاچقاندا تاماق ۋاقتىدا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغىنى مائاش قانچىلىك، ئۆزىمىز تۇتقان تېمىدىن قانچىلىك پۇل تاپالايمىز، دېگەندەك مەسىلىلەر بولىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئىلىم مۇھاكىمىسى توغرىسىدا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋەرسە، ئۇ چوقۇم باشقىلارغا «ئەجەبمۇ لاۋزا ئاداشكەن» دېگەن تەسىراتنى بېرىدۇ. جۇڭگولۇقلار باشقىلاردىن ئەقىللىق، لېكىن زېھنىنى تەتقىقاتقا بېغىشلىمىسا، باشقىلارنى نېمىسى بىلەن يەڭگىلى بولىدۇ؟ يېڭىنى ئىجاد قىلىش كەمچىل بولۇش ــ جۇڭگو پەن ــ تەتقىقاتىدىكى تۈپ مەسىلە. پەن ــ تەتقىقات خادىملىرىنىڭمۇ بەلگىلىك مەسئۇلىيىتى بار. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنى ئېلىپ ئېيتساق، خەلقئارا دەرىجىلىك ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىشنىڭ بىر ئاساسىي شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ ماقالىدە چوقۇم بىرەر يېڭىلىق، يەنى پۈتكۈل دۇنيا ساھەسىدە تېخى ھېچكىم قىلىپ ــ بايقاپ باقمىغان بىر يېڭىلىق بولۇشى كېرەك. جۇڭگودىكى ژۇرناللاردا بۇنداق تەلەپ زادىلا يوق. يېڭىنى ئىجاد قىلىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى يېزىش ھەقىقەتەن تەس، بۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولمايدۇ. جۇڭگودا «باسما زاۋۇتىدىن چىقىپلا كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىۋېلىش پونكىتىغا ئۇدۇل كىرىپ كېتىدىغان» ماقالىلەرنى ئېلان قىلسىمۇ يەنە ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، ھەتتا ئالىم بولۇپ ئۆسەلەيدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئەسلىدىمۇ تەستىن قېچىپ، ئوڭايغا يۈگۈرۈيدىغان تۇرسا، كىممۇ ناھايىتى تەس بولغان ئىجادىي خاراكتېردىكى ماقالىنى يېزىشنى خالىسۇن؟!

جۇڭگودىكى پەن ــ تەتقىقاتچىلار نېمىشقا يۈكسەك نىيەت، ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلىيەلمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىگە ئىجادىي خاراكتېردىن سىرت ماقالىلەرنى يازمايمەن دېيەلمەيدۇ؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنىلا تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى بەرپا قىلىشنى خالىمايدۇ؟ نېمىشقا جۇڭگودىكى مەسىلىلەرنى باشقىلارنىڭ ئەندىزىسى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ ــ يۇ، ئۆزىنىڭ ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى خالىمايدۇ؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ نەزەرىيىسىنى جۇڭگودا تەجرىبە ــ سىناق قىلىپ باقىدۇ ــ يۇ، ئۆزىگە خاس نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ؟

ئىجادىي خاراكتېردىكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم خەلقئارادىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش زۆرۈر. باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش كېرەك. لېكىن سىز چەت ئەللەر يېزىقلىرىدىكى ژۇرناللار قىرائەتخانىسىدىكى خىزمەتچىلەردىن سوراپ كۆرۈڭ: بىزدىكى «يېتەكچى»، «ئالىم»لىرىمىزنىڭ زادى قانچىلىكى ئۇ يەرگە بېرىپ بېقىپتۇ؟ ئادەمنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى، بىزدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچى ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىدە بىرەر نەرسە ئىجاد قىلىپ بېقىش ئويىدىمۇ بولۇپ باقمىغان. ھەتتا تېخى چەت ئەللىكلەرگە، ئىنگلىز تىلىغا دۇچ كېپقالسا، قورقۇپ ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلىرىمۇ خېلى بار ــ دە!

## جۇڭگولۇقلار قانداق قىلغاندا 20 يىل ئىچىدە مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدۇ؟

جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدە بىرەر نىشان بېكىتكەندە ئىنتايىن مۇجمەل قىلىپ: خىرىس بىلەن پۇرسەت تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كېلەر يىلى خىزمەتتە تېخىمۇ بىر بالداق ئۆرلەيمىز، دېگەندەك نەرسىلەر تەكىتلىنىدۇ. تەنتەربىيە ساھەسىدە نىشان بېكىتكەندە بولسا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، چوقۇم تاللاش دائىرىسىگە كىرىمىز»، «ئالدىنقى سەككىزنىڭ قاتارىغا كىرەلمىسەك، ساقلىمىزنى ئالمايمىز...» دەپ بېكىتىشىدۇ. نىشانغا يېتەلمىسە، تەنھەرىكەتچىلەر بىر بولسا كەسىپ ئالماشتۇرىدۇ، بىر بولسا تەنتەربىيە ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ، تىرېنېرلار بولسا ئىستېپا بېرىدۇ، يا باشقا يەرگە كېتىدۇ.

شۇڭلاشقا، ناھايىتى ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، ئەگەر جۇڭگولۇقلارنى 20 يىل ئىچىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈرىمىز، ھەتتا كۆپ ساھەدە ئېرىشتۈرىمىز دەيدىغان بولساق، جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكىلەر جۇڭگو ئولىمپىك تەنتەربىيە ئۆمىكىدىكىلەردەك ئىككى نۇقتىنىلا ئۆگەنسە بولىدۇ: بىرىنچى، باشقىلارنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتناشسا چوقۇم باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: 110 مېترلىق توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە كىم «ئاش يەپ، قاچا بىكارلاپ» يۈرسە شۇ چېمپىيون ئەمەس، بەلكى پەللىگە كىم ئالدىدا يېتىپ بارسا شۇ چېمپىيون بولۇشى كېرەك. ئوخشاشلا، ئەگەر بارلىق پەن ــ تېخنىكا سىستېمىسى غەربچە بولغاندىكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىز يەنە ياۋروپادىكى شۋېتسىيە دۆلىتىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، غەربلىكلەرنىڭ باھالاش سىستېمىسى ۋە ئويۇن قائىدىسى بويىچە ئىش كۆرۈشىڭىز كېرەك؛ ئىككىنچى، جۇڭگو تەنتەربىيە ساھەسىدىكىلەرگە ئوخشاش «ئېنىق» نىشان بېكىتىشنى، نىشانغا يېتەلمىسە ئىشتىن قالدۇرۇشنى ئۆگىنىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭگولۇقلار ھەرقانداق بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماقچى بولسا، ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 يىل كېتىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، خاتا چۈشەنچىلەر ۋە خاتا ئۇقۇملارنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قويماقچىمەنكى، بۇ ماقالىدىكى بارلىق كۆز قاراش نوبېل مۇكاپاتىغىلا قارىتىلغان. مەسىلەن: سۈپەتنىڭ ئورنىغا ساننى دەسسىتىدىغان باھالاش تۈزۈلمىسى جۇڭگو نەشرىياتچىلىقىنى ۋە كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش كەسپىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. بۇمۇ بىر خىل «تۆھپە» ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ نوبېل مۇكاپاتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

---

جاڭ جىخەي قەلىمىدىكى بۇ مۇھاكىمە «دۇنياغا نەزەر» ژۇرنىلىدىن جۇڭگو پەن ــ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشى، جۇڭگو كەلگۈسىشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «بايقاش» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ــ يىل 5 ــ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ياسىن ھاۋازىي، گۆھەرنىسا ئابلىز** تەرجىمىسى. تەرجىمانلار: ياسىن ھاۋازىي: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ھازىر پېنسىيىدە؛ گۆھەرنىسا ئابلىز: شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك شىركىتى سېتىش بۆلۈمىنىڭ خادىمى.



# ئۈرۈق ـ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى

ـ شۇجاڭنىڭ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ئايماس تەرجىمە قىلغان، «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 5 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۇرۇقلارنى قوغداۋاتقان ئۇرۇقۋازلىرى» ناملىق فېلەتوننى ئوقۇپ ئويلىغانلىرىم

ئەركىن مۇھەممەت لۈكچۈنى

ئۇرۇق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ھاياتلىقنى خۇددى بانكا پۇل ساقلىغاندەك بىخەتەر ساقلاپ، كېيىن بۇ يورۇق دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرگۈچى. تەبىئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر يىلى كۈزدە بىر يىللىق ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان زەل ـ زىرائەت، گۈل ـ گىياھلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى ئارقىلىقلا كېلەر يىلى ئىللىق باھار يېتىپ كەلگەندە مۇنبەت تۇپراقتىن قايتا ئۇنۇپ چىقىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ھاياتنى يەنە بىر يېڭى پۇرسەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى گۈل ـ گىياھ، زەل ـ زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخلەر تەبىئەتتىكى ساقلىنىش تەس بولغان ھەر خىل ئاپەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، تېخىمۇ توغرىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ياخشى ساقلاپ قالالمىغانلىقتىن نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنداقتا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئالىي جانلىق بولغان بىز ئىنسانلارچۇ؟

تالاي ئەسىردىن بۇيان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز تەبىئىي ۋە سۈنئىي بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، تاپقىنىنى خام يەپ، يالىڭاچ ياشايدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن بۈگۈنكى ئۇچۇر ـ ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغان ئىنسانلار نۆۋەتتە ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزلىرى ياراتقان ئاشۇ زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئوخشاپ قالدى. ئەسلىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىگە ئايلاندۇرۇپ، بەختلىك ياشىسا تامامەن بولىدىغان ۋە شۇنداق قىلىشى كېرەك بولغان بۇ دۇنيانى، ئەكسىچە بىگۇناھ قۇربانلارنىڭ قەبرىگاھىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى پاجىئەنى مۆلچەردىكىدىن ئارتۇق ھالەتكە يەتكۈزدى. بولۇپمۇ مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ۋەتەننىڭ كېلەچىكى بولغان ياشلارنىڭ جۈملىدىن پات يېقىندا جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدىغان ستودېنتلارنىڭ خېلى كۆپى ئەنە شۇ پاجىئەلەرنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلانماقتا. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كەلگۈسىدە مۇقەددەس ئۇلۇغ «ئانا»لىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزلىرىمىزنىڭ پاجىئەسى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق.

ئەينى چاغدا ـ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ئانا دىيارىمىز باي، قۇدرەتلىك، زامانىۋى يېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغاندا مەرھۇم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىي ئەپەندى «ماغدۇرىدىن كەتكەن» سانىسىزلىغان «باقى»غا قاراپ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە «مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدىغان مەدەنىيەت قورغىنىغا بېكىنىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىبارەت قۇرۇماس «بانكا»نى شىلىپ يەپ، بولۇشىغا ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، روھنى چىرىتكۈچى ئىشرەتلەرگە بېرىلىپ، چەت يېزىلاردا ھازىرمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشماي، زاغرا نانغا تويماي ياشاۋاتقان پەرىشتە سۈپەت دېھقان دادىلىرىنى تېخىمۇ ھالسىرىتىۋاتقان؛ ماددىي تەرەققىياتتا يۈكسەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، مەنىۋى خەزىنىسى قۇرۇپ كېتىۋاتقان زامانىۋى «باقى»لار قۇرتتەك لۆمۈلدەپ يۈرۈشمەكتە. ئۇلار گەرچە سۇلالىلار دەۋرىدىكى ئاغۋاتلاردەك مەجبۇرىي پىچىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىچىملىك، چېكىملىك، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپاغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلگەنلىكتىن، نەسىل ئاساسى بولغان ئۇرۇقلىرى ئۆزلىكىدىن پۇچەكلىشىپ، نەسلىسىز قېلىش ئېھتىماللىقى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر تۈركۈم شالغۇت نا-جىنسلارغا ئايلانماقتا.

مۇنداق ئۇرۇقى پۇچەكلىكنى ئىككى جەھەتتىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن: بىرى، جىسمانىي يەنى فىزىئولوگىيىلىك ئۇرۇقى پۇچەكلىك. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئىچىملىك، چېكىملىككە

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

www.uyghurkitap.com

ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش، مۇھەببەتنىڭ نامىنى سېتىپ، نىكاھلانماي
تۇرۇپلا بىر ئۆيدە تۇرۇۋېرىش، جۈملىدىن «چەكلەنگەن مېۋە» نى
خالىغانچە يەۋېرىش، بۇلغانغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە بۇلغانغان ھاۋا
قاتارلىقلاردىن كېلىۋاتقان تەھدىتنى ئاز دەپ، كۈندىلىك تاماقلىرد-
مىزغا قوشماي تۇرالمايدىغان ئاستا خاراكتېرلىك جان ئالغۇچى زەھەر
«توكسىن» يەنى قىزىلمۇچنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى قاتارلـــقـلار.
(ئۇرۇمچىنى مىسال ئالساق، ھېچقانداق ئاشخانىدا ھېچقانداق تاماققا
قىزىلمۇچ قوشۇلماي قالمايدۇ. يەنە كېلىپ مىقدارىمۇ ئاز ئەمەس.
تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇچنىڭ جىگەر، بۆرەك، ئۆت قا-
تارلىق ئاساسلىق ئەزالارغا بولغان زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، تا-
لاي كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن). بۇلاردىن باشقا، ھازىر
جەمئىيەتتە بولۇپمۇ ياشلاردا ئىسپىرتلىق ۋە ئىسپىرتسىز سوغۇق ئە-
چىملىكلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئىچىش نەتىجىسىدە تەننىڭ تەبىئىتى
سوغۇقلىشىپ، ھەر خىل پارالىچ كېسەللىكى كۆپىيىش بىلەن بىـلـلـە،
مەنى سۇيۇلۇپ، ئاخىرى پۇچەكلىشىش ھادىسىسى ئېغىرلاشمـاقـتـا.
2004 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز»
پروگراممىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئو-
قۇتقۇچىسى دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رايونىنىڭ
بىرى بولغان ئاپتونوم رايونىمىزغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن چەت ئەللىك
ئالىملارنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان. ئۇلار خوتەننىڭ بىر
چەت ناھىيىسىدە نامراتلىق سەۋەبىدىن ئۆيلىنەلمىگەن 110 نەچچە
ياشلىق بىر بوۋاينى پۇل چىقىرىپ ئۆيلەپ قويغان. كېيىن ئۇ بوۋاينىڭ
ھازىرمۇ پەرزەنتلىك بولۇش ئىقتىدارىدىن قالمىغانلىقى ئىسپاتلانغاندا،
بۇنىڭغا قىزىققۇچىلار بوۋاينىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ
ھاراق، تاماكا ۋە ھەر خىل زىيانلىق خىمىيۋى ماددىلار بىلەن بۇل-
غانغان يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن خالىي ياشىغانلىقىنى بايقىغان. (مۇنداق
مىساللار كۆپ، ئەلۋەتتە). بىراق ھازىر جەمئىيەتنىڭ نوقۇل تەرەققى-
ياتقىلا ئەھمىيەت بېرىشى، كۆپ خىل ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ
كىرىشى نەتىجىسىدە، ئادەملەردە، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ خېلى كۆپىدە
ئىمان ـ ئېتىقاد سۇسلىشىپ ۋە بۇلغىنىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش
ئېغىرلاشتى. قىزلىرىمىزنىڭمۇ خېلى كۆپى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيات، شەرم ـ ھايا تۇيغۇسىنى چۆرۈپ تاش-
لاپ، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ياسىنىش ـ تارىنىش ئا-
دەتلىرىدە پۈتۈنلەي ئېچىلىشقا يۈزلەندى. كوچىـلاردىـلا ئـەمـەس،
سەھنىلەردىمۇ كىندىكىنى ئوچۇق قويۇپ، ساغرىسىنى سەت تولغايدى-
غان كۆرۈنۈشلەرنىڭ كۆپىيىشى، يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى بو-
لۇپ تۇرۇپتۇ.

هازىر ئالىي مەكتەپلەردە بەزى قىزلارنىڭ كەچتە ياتاقتا تولۇق
ياتماي ئالللىقانداق يەرلەردە قونۇپ قالىدىغانلىقى، يەنە بەزىلىرىنىڭ
تېخى ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىدىغانلىقى سىر ئەمەس. جىسمانىي ۋە
مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە چىرىشكە يۈزلەنگەن بۇ قىزلارنىڭ
كەلگۈسىدە قانچىلىك سۈپەتلىك ئەۋلاد قالدۇرالىشى ئۆز ـ ئۆزىدىن
ئايان بولۇپ، بۇنى ئەقلى بار ھەر بىر ئىنسان ئويدان تەسەۋۋۇر قى-
لالايدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلاپ «ستودېنت » ئاتالغان
ھەر بىر ياشقا سىر ئەمەسكى، نۆۋەتتە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە
قانچىلىغان ئىرادىسىز قىز ئاسانلا بىرەر يىگىتنىڭ كەينىگە كىرىپ،
ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى «دىبا»، «دىسكوخانا»-
لارغا قاتراش بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، قىزلارنىڭ
قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان «ئەڭگۈشتەر»لىرىنى ئاسانلا قولدىن چىقى-
رىپ قويۇپ، ئۆمۈرلۈك داغدا قالىدىغان ئاقىۋەتلەر كۆپەيمەكتە. ئاز-
راق ئىش كۆرۈپ قالغانلىرى بولسا، 200 سوم خەجلەپ «قىز» ھا-
لىتىگە قايتىدىن قايتىپ، ئىلگىرىكى «بەختلىك» كۈنلىرىنى داۋاملا-
شتۇرۇش كويىدا يۈرمەكتە. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۆزىنى ۋا-
پادار قىلىپ كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ ئالىجاناب ستودېنت-
لارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن «نەتىجىلىرى»نى
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يېمەي ـ ئىچمەي يىغىپ، بالىلىرىغا ئەۋەتىپ بې-
رىۋاتقان سادda، ئاق كۆڭۈل ئاتا ـ ئانىلىرى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەركىن كېرەمنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېـزىـتى» 2002 ـ يىـل
16 ـ يانۋار سانىغا بېسىلغان «WTOغا كىرىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
سانائىتىگە نېمىلەرنى ئەكېلىدۇ؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا يېزىلىشى-
چە، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر يىلى 120 مىڭ توننا ئاق
ھاراق، 30 مىڭ توننا قىزىل ھاراق، 350 مىڭ توننا پىۋا ئىشلەپچىقى-
رىش ئىقتىدارى بار ئىكەن. ماقالىدە يەنە رايونىمـىـزدا ئـاق ھـاراق
ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن يۈز نەچچىسى بارلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە
تۆت كارخانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننىدىن ئاشىدىغانلىقى
قەيت قىلىنغان. شائىر ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي بۇنى مۇنداق
ستاتىستىكىلاپ چىققان: «120 مىڭ توننا ئاق ھاراق، 30 مىڭ توننا
قىزىل ھاراق ۋە 350 مىڭ توننا پىۋىنىڭ ئىسپىرت مىقدارى 150 مىڭ
توننا چىقىدۇ. دېمەك بىز بىر يىلدا 150 مىڭ توننا، يەنى ئون توننىلىق
ماشىنىغا باسسا 15 مىڭ ماشىنا كېلىدىغان ئىسپىرتنى ئىچىۋېتىمىز دې-
گەن گەپ». (ئا. بەرقىي: «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟»)، «شىنجاڭ
مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 2 ـ سان؛ «كۆز ئىچىدىكى كۆز،
سۆز ئىچىدىكى سۆز» ناملىق كىتاب 16 بەت).

يەنە بىر ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، چەت ئەللىك ئالىملار تەتقىق
قىلىش ئارقىلىق، ئەگەر ئىنسانلار ھاراق، تاماكا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە
ھازىرقىغا ئوخشاش بېرىلىپ ماڭسا، 2050 ـ يىلىغا بارغاندا ئەرلەر
نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ، دەپ يەكۈن چىقار-
غان. «ئۇرۇقلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دېگەن ماقالىدە مىسال كەلتۈ-
رۈلگەن ھېلىقى تېببىي ئىنستىتۇتتا ئۇرۇقنى تەكشۈرۈشكە قوشۇلغان
387 نەپەر ستودېنتنىڭ %40 ى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئون ستو-
دېنتنىڭ تۆتىنىڭ ئۇرۇقى پۇچەك بولۇپ چىققانلىقىغا قارىغاندا، ئا-
لىملارنىڭ يۇقىرىقى پەرىزىنىڭ 2050 ـ يىلىغىچە ئەمەلگە ئېشىپ بو-
لۇشىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. گەرچە «ئۇرۇقلار-
نى قۇتقۇزۇۋالايلى» دېگەن تەرجىمە ماقالىدىكى ستاتىستىكا ئۇيغۇر
ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار-
نىڭ بىزنىڭ ستودېنتلىرىمىز ئارىسىدىمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى قېنى
كىممۇ ئىنكار قىلالايدۇ؟ «تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەندەك، پالانى
قىزنىڭ قايسى ئاخشىمى قايسى «دىبا» غا بېرىپ، قانداق قىممەتلىك
نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى؛ قايسى «ئەزىمەتجان»نىڭ قايسى
ئاخشىمى ھاراقنى كۆپرەك ئىچىۋېلىپ، كىملەر بىلەن ھېلىقىدەك نا-
شايان ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقى؛ سىنىپتا قانچە قىزنىڭ قىـزلـىـقى
يوقلۇقى؛ ئالدىنقى كۈنىدىكى دەرستە قايسى قىزنىڭ قۇرۇق ھۆ قىلى-
غىنچە ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋېلىپ، سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ
كەتكەنلىكىگە ئوخشاش نۆۋەتتىكى «قىزىق نۇقتا خەۋەرلىرى» بىز-
دەك ستودېنتلارغا سىر ئەمەس. «يالغاننى ئۈچ قېتىم تەكرارلىساڭ
راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، بۇ خىلدىكى مىللىي مەدەنـىـيـەت ۋە
ئەخلاققا يات بولغان، مۇسۇلمانچىلىقتىن چىققان لەنىتى قىلىقلارمۇ
كۈندە دېگۈدەك كۆز بىلەن كۆرۈپ، قۇلاق بىلـەن ئـاڭـلاۋەرسـە،

ئادەتتىكى بىر ئىشتەك تۇيۇلۇپ، ئانچىلا غەيرىي بىلىنمەيدىغان بولۇپ قالدىكەن. ئەمما دەسلەپدە ئەدەب ـ ئەخلاقلىق، شەرم ـ ھايالىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدەك كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا يۇقىرىقىغا ئوخشاش «ئېچىلغان» ستودېنتلار قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دىلى كور نەسلەرگە قاراپ، ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشماي قالمايدۇ، ھەمدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلار نېمىشقا «ئوت كەتكەن دەريا» ① لارغا، «كۆيۈۋاتقان دېڭىز» ② لارغا قاراپ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمايدىغاندۇ؟! دەپ ئويلايدۇ.

ئادەمنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياشلاردا، ھەتتا ئۆسمۈرلەردىمۇ ھەرخىل جىنسىي كېسەللىك كۆپەيمەكتە. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ھەر خىل خىمىيىلىك، سۇخىمىيىلىك ماددىلارنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىغا سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە تەن ئىقتىدارىدا چېكىنىش كۆرۈلۈشتىن باشقا، غەيرىي تۇغۇلۇپ قالىدىغان بوۋاقلارمۇ كۈنسايىن كۆپەيمەكتە. گەرچە جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، مېدىتسىنا ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىدە كۆرۈنەرلىك ئېشىش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدىكى «ئەزرائىل»لار يەنىلا كىشىلەرنىڭ گېلىنى بوغماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇرۇقنىڭ پۇچەكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نەسىل قالدۇرۇش ئارقىلىق مەۋجۇدلۇقنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىگە خىرىس قىلماقتا.

ئەمدى مەنىۋى جەھەتتىكى ئۇرۇق پۇچەكلىككە قاراپ باقايلى: يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ باققان كىشىلەر كۆرۈدىكى، ئۇ يەرلەردە ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرە بولۇپ ئون نەچچە ئادەم بىر ئائىلىدە ياشايدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. 100 ياشقا كىرىپمۇ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدىن قالمىغان تەۋەررۈك مويسىپىتلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما شەھەرلەردىكى ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يېڭى توي قىلغان خېلى نۇرغۇن قىز ـ يىگىت بىر پەرزەنتلىكمۇ بولالماي، كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەتلىنىپ، تاپقان پۇلىنى دوختۇرخانىلارغا خەجلەيدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشى 40 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ھالىدىن كېتىپ بەل ئاغرىقى، پۇت ئاغرىقى دېگەندەك كېسەللىكلەردىن باشقا، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ، مەخسۇس جىنسىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋاتقانلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. شۇڭىمۇ ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى شۇ خىلدىكى «سېرىق» ئېلانلار ئىگىلەپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە ئېغىر سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا. (ھەر كۈنى كەچتە رادىئونى ئاچساقلا نى ـ نى ياش يىگىتلەرنىڭ ھەر خىل جىنسىي كېسەللىك ۋە جىنسىي ئاجىزلىقتىن زارلاپ تېلېفون بېرىشى ھازىر ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).

شۇنىسى ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەجدادلاردىن بىزگە قالغان قىلمىشغا مىننەت قىلماي ھالال تەر تۆكۈپ پاك ئىمان، ساپ ئېتىقاد بىلەن ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان مىللىي خاراكتېر ئورنىغا، نۆۋەتتە كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتلەرگە بېرىلىدىغان، جاھاندارچىلىقنى ئەلا بىلىپ پۇلغا چوقۇنىدىغان پۇچەك ئېتىقاد ئالماشماقتا. بەزىلەرنىڭ قولىغا ئازراق پۇل كىرىۋىدى، روھىغا شەيتان بۆسۈپ كىرىپ، ئاڭ ـ سېزىمى بىخۇدلاشتى. شۇنىڭ بىلەن دىلىدىكى ئېتىقاد ئەڭگۈشتىرى خاسىيىتىنى يوقىتىپ، ئەتراپىمىزنى ۋىجدان ۋە ئەخلاق تىراگېدىيىلىرى قاپلىدى. ئادەمدە پەقەت يىمىرىلمەس پاك ئېتىقاد بىلەن ئاڭلىق رەۋىشتىكى گۇناھ تۇيغۇسى بولغاندىلا، ئاندىن شەيتان ۋەسۋەسىسىگە ئالدانماي توغرا يولدا ماڭالايدۇ. «گۇناھ تۇيغۇسى ئومۇمىي خەلق ئەخلاقىنىڭ شەخس روھىيىتىدىكى چەكلەش كۈچىدۇر. ئەخلاقمۇ ماھىيەتتە قانۇننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئاڭلىقلىشىشىدۇر. ئەخلاقنىڭ يەنە بىر مەنبەسى ئېتىقاد. ئېتىقادسىزلىق، ئىنساننىڭ شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسىغا زەربە بېرىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان كېسەلمەن شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىماسلىق، دەل گۇناھ تۇيغۇسىغا چۆمگەن ۋابا ۋىرۇسىدۇر». (ئا. بەرقىي: «گۇناھ تۇيغۇسى نەگە كەتتى؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 6 ـ سان؛ «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» ناملىق كىتاب 12 بەت). نۆۋەتتە كىشىلىرىمىزنى ئىشرەت دەرياسىغا غەرق قىلىۋاتقىنى دەل ئاشۇ ۋابا ۋىرۇسىدۇر. ئىشرەت دەرياسى دېمەك، روھنى زەئىپلەشتۈرۈپ، تەننى ئاجىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇرۇقنى پۇچەكلەشتۈرىدىغان قىيامەت شارابىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن ئەقلىي يەكۈن چىقارساق، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەتراپىنى ھېسسىياتسىز ئېلېكترونلۇق ماشىنىلار ئورىۋېلىپ، مەنىۋى نامراتلىقنى كۈچەيتمەكتە، مەنىۋى نامراتلىق يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ روھىيەت پۇچەكلىكىگە تەرەققىي قىلغان؛ روھىيەت پۇچەكلىكى بولسا ئېتىقاد پۇچەكلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ ئېتىقاد پۇچەكلىكى ئاخىرى بېرىپ جىسمانىي جەھەتتىكى ئۇرۇق پۇچەكلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دېيىش مۇمكىن. ناھايىتى ئېنىقكى، كىشىلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىشى ئادەمنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش ئىقتىدارىغا خىرىس قىلىپ، «يامانلىق قىلساڭ ئۆزۈڭگە يانار» دېگەن ھېكمەتنىڭ بەر ھەقلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ جەمئىيەتتە بەختلىك ياشاشنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدىشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇرۇق دېمەك ھاياتنىڭ مەنبەسى دېمەكتۇر. ئەگەر كىشىلەردە ئۇرۇق پۇچەكلىشىش ئېغىرلىشىپ، نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالسا، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىز باسارلارنىڭ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ، ئۇزۇنغا بارمايلا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە يۈز بېرىدۇ. شۇڭا قىممەتلىك ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنىمۇ گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ دەسمايىسى بولغان تېنىمىزنى ئاسرايلى. تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان تەۋەررۈك تېنىمىزنى ھاياتلىقنىڭ ھەر خىل كۈشەندىلىرىنىڭ چىرىتىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن قارا يەرگە كىرگۈزۈۋېتىشىدىن قوغدايلى. ماقالەمنى نەزىرە مۇھەممەد سالىھ خانىمنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن ھەسرەتلىك ئويلارغا» دېگەن بەدىئىي مۇلاھىزىسىنىڭ خاتىمىسىدىكى «ئىنسان ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەللىرى، ۋاقتى، پۇل ـ مېلى، ھەتتا ھەر بىر تىنىقى ئۈچۈن ھېساب بەرگۈچىدۇر» دېگەن قۇرلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

2005 ـ يىل 25 ـ سېنتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

① مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى. ② ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىرلار توپلىمى.

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى مەخسۇس كۇرس 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى



# ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟!

- بىر ئايال ئەدىبكە خەت

**ئابلەت ئابدۇللا**

«ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق.»

- «سۈرە ئەئراف» 26 - ئايەتتىن①

مېۋىنىڭ تېشىدىن سېسىغىنىدىن،
ئىچىدىن سېسىغىنى يامان.

- ئۇيغۇر خەلق ماقالى

**ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۆھتەرەم ئەدىب خانىم:**

**ناتونۇش ئەردىن كەلگەن بۇ خەت سىزنى ھاياجانلاندۇرۇپ قويغاندۇ! شۇنداق، ھەرقاچان نامەلۇم، يات، يىراقتىن كەلگەن خۇشناۋا ئاۋازلار ئادەمنىڭ قەلبىنى دولقۇنلاندۇرۇپ، تەبىئىي ھالدا قىزىقىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ:**

**لوپ ناھىيىسىدىكى دېھقان ياسىن راشىدىن، چىرا ناھىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ئابدۇغېنى قۇربانىياز، خوتەن شەھىرىدىكى تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئىجتىھاتلىق** يازغۇچى ئەھمەت ۋاھىدى، قەشقەر شەھىرىدىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئابدۇۋاھىد توختى (ۋاھىدى)، غۇلجا شەھىرىدىكى ئاتاقلىق پېداگوگ، تەرجىمان ئابدۇۋەلى مۇقىت، پېشقەدەم شائىر مەسئۇد مەرۇپ، ئىستىبداتلىق ئوبزورچى مۇتەللىپ جۇماخۇن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ مۇھەررىرى، تەرجىمان مەسئۇد خالىد... ۋە باشقا - باشقىلارنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىل 5 - سانىدا بېسىلغان «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟»، يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 2005 - يىل 5 - سانىدا بېسىلغان «زۇنۇن قادىرىي كىم؟» ناملىق ئوچېرك، مۇھاكىمە - ئەسلىمىلىرىمگە مىننەتدار بولۇپ يازغان خېتى ۋە تەشەككۈر تېلېفونلىرى مېنى ئاشۇنداق روھىي كەيپىياتقا چۆمدۈرگەنىدى... بولۇپمۇ مەن دېھقان ياسىن راشىدىنىڭ خېتىدىن خوتەن دېھقانلىرىنىڭ قەلب ئېتىزىنى، ئۇلارنىڭ قۇملۇققا كۆمۈلگەن ساغلام تىندۇرما روھىيىتىنىڭ تاڭ شەپقىدەك ئويغىنىۋاتقان دالاسىنى كۆرگەندەك بولدۇم...

سىزگە ئېزگۈ نىيەتتە يېزىلىۋاتقان بۇ خېتىممۇ ۋۇجۇدىڭىزغا ئەنە شۇنداق بىر تاڭ پەيزىنى بېغىشلاپ، قەلبىڭىزگە خۇشاللىق ۋە غايۋى يېڭى روھىي لاتاپەت بەخش ئېتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

ئەدىب خانىم، مەن سىزنى كۆرمىگەن، سىزمۇ مېنى كۆرمىگەن، لېكىن ماڭا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى: سىز بىر مېھرىبان ئانا،

## مەنمۇ ئارىشىمنى قويۇپ باقاي

شۇنداقلا ئىجتىھاتلىق قەلەم ساھىبى ۋە يەنە ئاق خالاتلىق پەرىشتە. بۇ يۈكسەك ـ ئالىيجاناب پەزىلەت نۇرلىرى ھۆرمەت ئاسمىنىمدا يۇلتۇزدەك چاقناپ، كۆڭلۈمدە سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق قەدىردان ئانىلىرىمىزغا، سۆيۈملۈك خوتۇن ـ قىزلىرىمىزغا خەت يېزىش ئىستىكىنى ئويغاتتى. مەن بۇ خەتنىڭ قىممىتى توغرىسىدا ئويلانغىنىمدا، يىراق كېلەچەكنىڭ سۈزۈلۈۋاتقان گۈزەل ئۇپۇقىدا ئۇلارنىڭ ئاجايىپ غەيۇر روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كەلگۈسىدە يەنىلا بىزنىڭ قەيسەر ئانىلىرىمىز، مەشھۇر ئايال ئالىملىرىمىز، مۇتەپەككۇرلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، پېداگوگلىرىمىز ۋە تەڭداشسىز گۈزەل خانىم ـ قىزلىرىمىز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى ساغلام، ئىمان ـ ئېتىقادلىق ۋە ئاجايىپ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولىدۇ... ئۇلار ھازىر ئەخلاق بۇلغانغان ئۆتكۈنچى مۇھىت ـ ئەمما ناھايىتى قىزىقتۇرغۇچى، ئازدۇرغۇچى شەيتان قەسىرىدە قاتتىق ئېلىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ، خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قىسمەت ـ تەقدىرىنى، «يەر شارىلىشىش» دولقۇنىدا يات ـ غەيرىي مەدەنىيەت ئېقىملىرى بېسىپ، ئەبجەش بوپكەتكەن شالغۇت ئىجتىمائىيەت دولقۇنىدا لەيلەپ كۆپۈكلىنىۋاتقان ياكى گىگانت ماياكتەك نۇر چېچىپ تۇرۇۋاتقان رېئال مەنزىرىسىنى مۇشۇ قۇرلاردىن ئاز ـ تولا كۆرەلىسە، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، ئەلۋەتتە!...

ئۆزىڭىزگە ئايانكى، يېقىندىن بۇيان جەمئىيەتتە، ئائىلىلەردە، سورۇن ـ سورۇنلاردا مىللىي روھىيىتىمىزنىڭ بوھرانى، بولۇپمۇ خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ روھىي ئازغۇنلۇقى توغرىسىدىكى ھەرقىسما، غەيرىي گەپلەر كۆپىيىپ، ئاخىر مەتبۇئات يۈزىگە تېپىپ چىقتى. (مەن مۇنداق بولۇشنى ئانچە تەشەببۇس قىلىپ كەتمەيمەن. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدىن ئالغاندا، ئۇ ياخشىلىققا قارىغاندا يامانلىقنى ئۆزىگە تېز ئۆزلەشتۈرىدۇ. «ئىنسان ھەر قاچان نەپس ۋە ھېرىسنىڭ قۇلى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تەبىئىتى بۇزۇقچىلىق ۋە ھارامخورلۇققا مايىل بولىدۇ» ② . شۇڭا «سولامچىخانە ئېچىپتۇ» دېسە، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، ھەزەر ئەيلەيدىغانىنىڭ ئورنىغا، ئۇ يەرنى ئىزدەپ بارىدىغانلار كۆپ بولىدۇ). بۇ خىل گەپلەر نېرۋىلىرىمىزنى غىدىقلاپ، روھىمىزنى چۈشكۈنلەشتۈرمەكتە. ئەتراپىمدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىلا ئويلىسام، بۇزۇلغان جاھاننىڭ ھەممە قازىنىدا ئىت بېشى قايناۋاتقاندەك، شەھۋەت توپانى بېسىپ كېلىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ بەزىدە.

ئۆيۈمدىن 100 ـ 150 مېتىر نېرىقى كوچىلاردىلا «ياتاقخانا»، «ساتىراشخانا» نامى بىلەن 20 ـ 30 يەردە شەكلى ئۆزگەرگەن پاھىشىخانا بار. نومۇسچان، چوڭراق ياشتىكى كىشىلەر ئۇ كوچىلاردىن مېڭىشتىنمۇ قورقىدۇ. ياتاقمىكىن دەپ ئۇقۇشماي كىرىپ قالغان كىشىلەرنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋالىدۇ. ياتاقلارنىڭ ئىشىك ئالدى، ساتىراشخانىلارنىڭ دېرىزىلىرىدىن ياش پاھىشىلەرنىڭ ئويناشقا چىللاپ قىلىۋاتقان ئىما ـ ئىشارەتلىرى ئادەمنى بىر قىسما قىلىپ قويىدۇ. ئايالىم: «ئاشۇ كوچىدا مېڭىپ قالسام، بىر قىسما بوپكېتىمەن. بىر چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىدۇ...» دەيدۇ. بۇ ياتاقلارغا ياش بالىلارنىڭمۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭمۇ ھەتتا قېرىلارنىڭمۇ كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يېقىندىن بۇيان بۇ ياتاقلاردا توپ ـ توپ ياشلار پەيدا بولۇشقا، ھەتتا كىشىلەردىن ھېيقماسلىققا باشلىدى. قانۇن ئورۇنلىرى تەكشۈرۈۋاتقان ـ تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئازلىمايۋاتىدۇ. بەزىلىرىدە ئاتا بىلەن بالا، ئاكا بىلەن سىڭىل دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ... بۇ ياتاقلارنىڭ يېقىنىغا جايلاشقان «ساغلاملىق بۇيۇملىرى» دۇكىنىدا خېرىدارلارنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان دورىلارنى سېتىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن سودىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز!...

خوتەنلىك ياش شائىر غوجمۇھەممەت مۇھەممەت خۇددى بىزنىڭ شەھەردىكى بۇ ئىپلاس كوچىنى كۆرگەندەكلا نەپرەتلىنىپ يازغانىدى:

«ئارىلاپ ئەڭ پەسكەش كوچىلار ئارا،
توۋلايمەن مانا بۇ بىزنىڭ شەھەر دەپ.
مەسخىرە قىلىمەن مەدەنىيەتنى،
قۇسۇقلار ئىچىدىن چىقىپ ئۈمىلەپ».
ـ غوجمۇھەممەت مۇھەممەت: «ۋاز كېچىش»تىن ③ .

بۇ خىل شەكلى ئۆزگەرگەن «ياتاقخانە» نامىدىكى پاھىشىخانىلارنىڭ شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمىدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەركىن ـ بىمالال تىجارەت قىلىشى ئادەمنى ئاچچىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇ شەكلى ئۆزگەرگەن پاھىشىخانىلار جىنسىي كېسەللىكلىرى ۋە ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىش مەنبەسى.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى ئويلىغاندا، يۈرەك قان ـ زەردابقا تولۇپ، خۇددى ھوۋەيدادەك:

«باياۋانلارغا چىقسام ئاھ ئۇرۇپ جۈملە گىياھ يىغلار،
قۇغانۇ ـ نالىشىمدىن تاغلار ئەيلەپ سادا يىغلار» ④ .

دەپ نالە قىلىپ ساپايە چېلىپ، دەشتى ـ چۆللەرگە دەرۋىش بولۇپ چىقىپ كەتكۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ!...

بۇ قارا بوران ھازىر ھەر بىر ئائىلە، ھەر بىر شەخسنىڭ روھىي دەرۋازىسىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلماقتا. بولۇپمۇ مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرى، چېگرا بويلىرى، شەھەرسىمان يېزا ـ بازارلار... بۇ قارا بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنىڭ زەربىسىدىن تارازىسى بۇزۇلۇپ، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بەزى ئازغۇن كىشىلەر ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە شەھۋەت قۇدۇقىغا دومىلاپ چۈشۈپ، پاقىغا ئوخشاش دۇنيا دېگەن مۇشۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە: «ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئويناپ ـ كۈلگىنىڭ قالدى» دېيىشىپ خۇددىنى يوقىتىۋاتىدۇ.

غايە، ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە ئادىمىي پەزىلەت باغلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆتەك ئىس چىقىرىۋاتقان بۇ خىل جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنىلا ئويلاپ، ئەيش ـ ئىشرەت، راھەتپەرەسلىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ» ⑤ ، ئاخىرىدا ئىنسان خار ۋە زەبۇن بولىدۇ.

روھىيىتىمىزدىكى بۇ خىل زەئىپلىكنىڭ سەۋەب ۋە مەنبەسى توغرىسىدا پروفېسسور، دوكتور ئەسەد سۇلايمان مۇنداق دەيدۇ: «پسىخىكا نورمالسىزلىقى كۆپىنچە ھالدا ئادەمنىڭ ئۆز روھىي

تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ روھىي قاتلىمىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم پىسخىك كېسەللىكمۇ دەل ئۇلارنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت رىقابىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ پىسخىك مۇۋازىنىتىنى تەڭشىيەلمىگەنلىكىدىن... ئۆزىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى يېڭەلمەيۋاتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان» ⑥ .

ئەدىب خانىم، سىزچە بۇ مەنىۋى ئاجىزلىقىمىزنىڭ مەنبەسى زادى قەيەردىدۇ؟ ياخشى نىيەتلىك بىر قىسىم قەلەم ئىگىسى: «... جەمئىيىتىمىزنىڭ سىرتقى مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن ئۇچرىشىشى تۇيۇقسىز بولدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا داۋالغۇش ھەتتا بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىنىڭ رەڭگارەڭ دۇنيا ئالدىدا ئەخلاق بىلەن ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشى تەسكە توختاپ، ئەخلاق بىلەن ئىستەك، ئەخلاق بىلەن مەنپەئەت، ئەخلاق بىلەن زۆرۈرىيەت توقۇنۇشۇپ قالغاندا پرىنسىپسىزلىق قىلىپ، ئۆز ئىستىكىنى قاندۇرۇشنى، ئۆز مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى، زۆرۈرىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تاللىشىغا سەۋەب بولدى» ⑦ دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ ئۇلار ئېيتقاندەك ئەگەر مىللىتىمىزنىڭ «سىرتقى مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن ئۇچرىشىشى» بولمىغان بولسا، بۇ كرىزىس يۈز بەرمىگەن بولاتتىمۇ؟ جەزمەن يۈز بېرەتتى، بىراق مۇنچە پاسسىپلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ قارىشىچە پاسسىپلىشىش ۋە جەمئىيەتلىشىشنى «سىرت» ئەكەلدى!... ئەمما بىز دەيمىزكى: ئۇنىڭ مەنبەسى تاشقى سەۋەبتە ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئامىلدا. ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى نەرسە، ئۇ ھەرگىز تاشقى سەۋەب تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. بەلكى تاشقى سەۋەب شۇ شەيئىنىڭ «ئۆزىدىكى نەرسە»نىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى يىمىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، خالاس. تۇخۇمدا ھاياتلىق ئېلېمېنتى بولغاچقا، مۇۋاپىق ئىسسىقلىقتا ئۇنىڭدىن چۈجە ھاسىل بولىدۇ. لېكىن تاشتا ھاياتلىق ئېلېمېنتى يوق. شۇڭا ھەرقانچە مۇۋاپىق شارائىت بولغاندىمۇ ئۇنىڭدىن تىرىك ۋۇجۇدنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بىز بۇ گېپىمىز بىلەن مۇھىتنىڭ ئىنسانغا بولىدىغان تەسىرىنى يوققا چىقارماقچى ئەمەسمىز، پەقەت ئىچكى ئامىلنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچىمىز. ئارنولد توينبى «تارىخ تەرەققىياتى» دېگەن ئەسىرىدە مىللىي روھنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «زەئىپلىشىشىنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس، روھىيەتتە، سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدىكى ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال يۈز بېرىدۇ» ⑧ دەپ كۆرسىتىدۇ. «جاۋاھىرال نېھرۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ‹ھىندىستاننىڭ بايقىلىشى›دا ھىندى مىللىتى ئېغىر ھالدىكى پىسخىكا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدى.بۇنى ئۇلارنىڭ 300 يىلدىن بۇيانقى روھىي كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقاردى»⑨ دەيدۇ. دېمەك، بىزدىكى پىسخىكا كېسەللىكى بولغان روھىي زەئىپلىك، ئەخلاقىي چىرىكلىكنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى ئۇزاق تارىخىي جەرياندىن ئىزدىسەك خاتا قىلمىغان بولىمىز، ئەلۋەتتە.

سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بۇ ئېغىر كېسەللىكنى ئاستا ـ ئاستا بىر قوللۇق تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈپ بەرگەن ئۇنىڭ تارىخىي ئانىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقايلى. گەرچە بۇ نومۇسسىز ئاۋازنى ئاڭلاش ھەر بىرىمىزگە ناھايىتى ھار كەلسىمۇ. چۈنكى: «ئىللەتنىڭ سەۋەبىنى تېپىش ـ دەل ئۇنى داۋالاش چارىسىنى تېپىش دېگەنلىكتۇر» ⑩ .

## تەنەپپۇسلۇق تارىخىي ئىبرەتلەر

1858 ـ يىلى ئىيۇندىن 1859 ـ يىلى ئاپرېلغىچە ئالتەشەھەردە تەكشۈرۈشتە بولغان چارروسىيە ئوفىتسېرى چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەردە، جۈملىدىن قەشقەردە باشقا يۇرتتىن كېلىپ بىر مەھەل توختاپ قالغان ئەرلەرنى ئۆيلەپ قويىدىغان بىر ئادەت بار ئىكەن...» ⑪ دەپ خاتىرىلىگەن.

شائىر ۋە تارىخچى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف: «شىنجاڭدىكى تۈركىي (تىللىق) خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر، ـ دەپ يازىدۇ ‹شۇرا› ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 3 ـ سانىغا بېسىلغان ‹بىزنىڭ تۇرمۇش› ناملىق ماقالىسىدە، ـ بىز بۇنى 1914 ـ يىلى ئاقسۇ سەپىرىمىز ئەسناسىدا كۆرگەنىدۇق. مەسىلەن: ئۇ يەردە 15 سوم قەرزىنى بېرەلمەي قالغان بىر ئۇيغۇر ئەزىز بالىسىنى بىر جاڭگۇيدىغا ساتقانلىقىنى، ئىككى ـ ئۈچ مۇسۇلمان ئايالنىڭ بىللە بىر جاڭگۇيدىغا بېرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلە تەشكىل قىلغانلىقىنى ۋە جاڭگۇيدىسىنى ماختىنىشىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغانلىقىنى، سارايلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ تولىسى پاھىشىۋازلىق قىلىپ، بىگانىلەر بىلەن ھەزىللىشىپ، ئويىنىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى؛ تەپسە تۆمۈر ئۈزگىدەك ياش يىگىتلەر تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ يۈرۈشۈپ، كوچىلاردا ۋارقىراپ يۈرۈپ، بىر پارچە نان غېرىبى بولۇشۇپ، باشلىرىنى دىۋانىلىققا سېلىشىپ، ‹يادوست، يائاللا› دەپ ھاۋانى ياڭرىتىپ، دۇنيانى چاڭلىتىپ، بىر پۇل ئۈچۈن ئۆتكەن ـ كەچكەننىڭ ئېتىكىگە يېپىشىپ يۈرگەنلىكىنى... كۆرگەنىدۇق» ⑫ .

بۇ يىل (2005 ـ يىل) «مىراس» ژۇرنىلى نوشىرۋان يائوشېفنىڭ «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى ئۇلاپ بېسىپ، بىزنى بىر ئەسىر ئىلگىرىكى ھالىمىزدىن خەۋەردار قىلدى. بىز بۇنىڭدىن پۈتكۈل دۇنيا ئويغىنىپ، ئەركىنلىك ـ ھۆرلۈك، ئىلىم ـ پەنگە يۈزلىنىش قىلغاندا تېخىچە جاھالەتتە قالغان خار ـ زەبۇن ئۇيغۇر روھىنى، تۇرمۇش، ئەخلاق ئەندىزىسىنى كۆرۈۋالدۇق. ئۇ بىزگە ئاجايىپ ئىبرەتلىك ئەينەك بولدى. «مىراس» ژۇرنىلىغا رەھمەت! شۇ چاغلاردا مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىيىتى نەقەدەر قاقشال، نەقەدەر ئاجىز ۋە بىچارە ـ ھە؟... تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائوشېفمۇ ئېچىنغان ھالدا: «... مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز ياتقۇچىلار كىملەر، ئۇلار قەيەردە؟ بۇلار چىندا، ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىدۇر. دۇنيادا بۇلاردىنمۇ تۆۋەن قالغان يەنە بىر خەلق بولمىسا كېرەك...»⑬ دەيدۇ.

بۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا يۈرەك تىترەپ، خورلۇقتىن كۆزگە ياش كەلمەمدۇ؟!... بىزنىڭ ماختىنىشقا، كىدىيىشكە نېمە ھەددىمىز بار!؟... ئۆز تەكتىنى تەتقىق قىلمىغان، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ، كىچىككىنە ھوقۇق، راھەت ـ پاراغەتنى كۆرۈپ كىدىيىپ، شەھۋەت كوچىسىدا

www.uyghurkitap.com

پىرقىراپ يۈرگەنلەرگە بۇ بىر كاچات!...

ئەدىب خانىم كۆڭلىمىزگە ئالماڭكى، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ۋ. ئى. لېنىن: «ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تېلىش كېرەك» ⑭ دېگەنىدى. شۇڭا بىز نوشېرۋان يائۇشېۋ بىلەن بىرلىكتە زىيارەت قىلىپ، شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ باقايلى:

**تەنەپپۇسلۇق لىبرەتلىك ۋە قاباھەتلىك تارىخي زىيارەت**

«... ئاقسۇدا ئىشلار مانا مۇشۇنداق: بۇ يەردىمۇ شۇ ئىشسىزلىق، شۇ مۇرۇنلۇق، شۇ ئاچلىق، شۇ جاھالەت، شۇ سافالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ... بۇ يەردە سىفلىس دېگەن ئاغرىقلار كۆپ... بۇلار ناماز ئوقۇماق ۋە ھەج قىلماقتىن باشقا ئىشلارنى بىلمەيدۇ. روھانىيلىرى بەك نادان، خەلقنى جاھالەتكە باشلايدۇ. دۇنيا تاشلاپ، يەر ۋە مۈلكىنى سېتىپ بولسىمۇ ھەج قىلىشقا ۋە كۆپرەك خوتۇن ئېلىشقا ئۈندەيدۇ... ھەممىدىن يامىنى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۆمۈرلىرى بەك خارلىقتا ئۆتىدۇ، سەبىي قىزلارنى سەككىز ـ توققۇز يېشىدىلا ئەرگە بېرىدۇ، 12 ـ 13 ياشقىچە ياتلىق قىلىنمىغان قىزلار ئەيىبلىك سانىلىدۇ. بىر قىز بىر ئەردە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرالمايدۇ. بىر ئەر ھالى يەتسە 40 ـ 50 قىزغا ئۆيلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئەرسىز قالغان خوتۇنلار كۆپ ئۇچرايدۇ. باللىق ئايالارغا ياش بولسىمۇ ئەر چىقمايدۇ. بەك كۆپ قىز مۇساپىرلاردىن ھامىلدار بوپقالىدۇ... ئۇلارنىڭ نەزەرىدە خوتۇننى كۆپرەك ئېلىش سۈننەت ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك ساۋابلىق ئىش. ئاشۇ خىل ئېتىقادنىڭ سەمەرىسىدىن بولسا كېرەك، بۇ يەردە يۈزدىن ئارتۇق قىزغا ئۆيلەنگەن كىشىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. خوتۇن ـ قىزلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇش، ئاغزىدىن قان كەلگىچە قىيناش ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ نەزەرىچە: بارلىق قۇت ـ سائادەت ۋە يېتۈكلۈك كۆپرەك خوتۇن ئېلىپ ئۇلارنى قاتتىقراق قىيناشتۇر»⑮ .

**(مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما:** بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى كاتتا تىل ئۇستىسى، مەرھۇم نېمشېھىد ئەرمىيا ئەلى داموللا سايرامىي ھەزرەتلىرىنىڭ «ئالدىدا» دېگەن ئۆلمەس مۇخەممىسىدىكى:

سۆزلەپ كەلسەم تۈگىمەيدۇ زۇلۇمنىڭ مىڭدىن بىرى،

بېشى ئاق ئېيىق ئىدى ئون ئىككى ياش قىزنىڭ ئېرى.

دېگەن ئاچچىق نالىسىنى ھەسرەت بىلەن تىڭلىغان ئالىمىز).

كۆردىڭىزمۇ، بىچارە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى خار ـ زەبۇنلۇقىنى!...

1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرىدە ئىلىدىمۇ كۆپ خوتۇن ئېلىش، ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالغانىدى. دراماتورگ ۋە يازغۇچى ماناپ قادىرىينىڭ: «نادانىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن» ⑯ ناملىق تراگېدىيىلىك كومېدىيىسى شۇ يىللارنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. ماناپ قادىرىي ئۆزىمۇ بۇ ئىشلارغا چىدىماي:

شەرىئەت چالدى چاۋاك پادىشاھقا يۈز خوتۇن،

بەگ ـ خوجاملارغا راۋا بولسۇنكى دەيدۇ تۆت خوتۇن.

مەزلۇمە قىز ـ ئانىلار خارلاندى تۇتقۇن ـ قۇلسىمان،

خالىسا ئالماشتۇرار ئايدا ئەرلەر كۆپ خوتۇن.

دەپ شېئىر يازغانىكەن. «مەستانە يارىم»، «دادەي» دېگەن ناخشىلار ئېھتىمال شۇ يىللاردا چىققان بولۇشى مۇمكىن. «مەستانە يارىم» ناخشىسىدا:

مەن ئۆزۈم ھاراق ئىچىتىم،

ھاشىخان داڭلىق بىلەن.

ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر،

قەلىقەي ياغلىق بىلەن.

دەپ كۈيلەنسە، «دادەي» ناخشىسىدا:

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە،

شېكەر بەرسە سايرايدۇ.

ئىلىنىڭ چوكانلىرى،

ئاقچا بەرسە قارايدۇ.

دەپ كۈيلىنىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ ناخشا ـ قوشاقلار شۇ چاغدىكى رېئال تۇرمۇش كەپىلىرىدىن ئۇچۇپ چىققان. بۈگۈنكى كۈندە بولسا بۇ ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق ـ شەھۋانىيەت كېسىلى 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ ياۋروپا مەدەنىيىتىنى، ساغلام مائارىپىنى، ئائىلە، باللار تەربىيىسىنى... قوبۇل قىلىپ، ئەخلاق، نومۇس، ئىمان ـ ئېتىقادنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بوپقالغان ئىلىنىڭ گۈزەل ـ پاك زېمىنىنى قارا بوراندەك قاپلاپ كېلىۋاتىدۇ. شەھەر كوچىلىرىدا بولسا زەھەرلىك چېكىملىك، ئەيدىز ۋە باشقا جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئېپلاس يۇندىلىرى ئېقىپ، ئەتراپنى سېسىتماقتا... ناھىيىدىكىلەر شەھەرگە كىرىپ، شەھەردىكىلەر ناھىيىلەرگە چىقىپ، سائۇنا، مېھمانانا، ياتاق، مۇنچا، تاغ ـ دالا ۋە دەريا بويلىرىدىكى ساياھەت ئورۇنلىرى، ئاق ئۆيلەر، چېگرا بويلىرىدا يەككە، كوللېكتىپ بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالماقتا... ھۆكۈمەت ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ توسۇۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئىلى رايونىدا، بولۇپمۇ غۇلجا شەھىرىدە ئەيدىزنىڭ تارقىلىشى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىزدىن ياش ـ ياش قىران يىگىتلەر، ساھىبجامال بەرنا قىزلار تۆركۈم ـ تۆركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىسىت، ئىسىت! شەيتانىنىڭ دامىغا چۈشۈپ غازاڭ بوپكېتىۋاتقان ياشلار!

ئەدىب خانىم، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىز كېسىلى، پاسكىنىچىلىق بولغاۋاتقان بۇ «ئىلىخو»دىن چاپسانراق قوزغىلىپ كېتەيلى، ۋابادىن قاچقان تۈزۈك... بىز ئەمدى باشقا يۇرتلىرىمىزدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ باقايلى (ئوقۇرمەنلەرگە سەممىيلىك بىلەن ئالاھىدە ئەسكەرتىمەنكى، مەن يۇرتنى ئەمەس، مەيلى قايسى يۇرتتا بولسۇن بولغانغان ـ ئازغۇن ئادەملىرىمىزنىڭ ئەخلاقىي چىرىكلىكىنى سۆزلەۋاتىمەن).

ئەقىدە ـ ئېتىقادى بولغانغان ناباب ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ جىنسىيەت، نىكاھ قارىشى بۇزۇقچىلىق ـ شەھۋانىيەتنى مەركەز قىلغاچقا، ئائىلىنىڭ بىرلىكى، مۇستەھكەملىكى، ئەۋلادلارنىڭ ئىقبالى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋىيەت قاتلىمىغا كۈچلۈك سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، زور ئىجتىمائىي ئاپەتنى كەلتۈردى. خۇددى تاتار مۇتەپەككۇرى رىزائىددىن ئىبنىي پەخرىددىن: «ئائىلە نىزامسىز بولسا، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى پۈتكۈل

مىللەتكە تەسىر قىلغۇسى ۋە شۇ سەۋەبتىن پەزىلەت ئورنىغا رەزالەت، تەرەققىيات ئورنىغا قالاقلىق ئاساس قۇرغۇسى»⑰ دېگىنىدەك بولدى.

1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا دىيارىمىزدىكى يۇرتلارنىڭ بىرىدە تۇرمۇش ئۆگەنگەن بىر يازغۇچىمىزنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللاردىن قىلىپ بەرگەن پارچىنى ئاڭلىغاندا نوشىرۋان ياغۇشېفنىڭ 100 يىل ئىلگىرى يازغانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، ھەتتا 50 يىلدىمۇ ئۆزگەرمەي شۇ قېلىپتا داۋاملاشقانلىقىنى سېزىپ، ئادەم نومۇستىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ...

ئەدىب خانىم، خاھ ئىشىنىڭ، خاھ ئىشەنمەڭ، بۇ مۆھتەرەم پېداگوگ ۋە ئەدىبتىن ئاڭلىغان بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ «مىڭبىر كېچە»نى، ھەتتا دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر كىتابقا پۈتۈلمىگەن چىن ـ ھەقىقىي ۋەقەلەرنى سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق كۆيۈمچان ئانىلىرىمىزغا، خانىم ـ قىزلىرىمىزغا، ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى ھاۋايى ـ ھەۋەس، شەھۋەت كۆلىدە چۆمۈلۈپ يۈرگەن ئېتىقادسىز ـ ئازغۇن ئەرلىرىمىزگە ئىبرەت ئۈچۈن يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇرچۇم دەپ تونۇيمەن. قېنى ئەمىسە، بۇ «دىۋە» بىلەن «نارەسىدە پەرىزات»نىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاڭ:

## دىۋە بىلەن نارەسىدە پەرىزاتنىڭ ھېكايىسى

«بىر كۈنى، ـ دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى 2005 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر ئاخشىمى، يېشى 80 دىن ئاشقان بۇ مۆھتەرەم ئەدىب ۋە پېداگوگ، ـ بازاردىكى بىر چايخانىدا غۇلجىلىق بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ غۇلجىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي شۇ كۈنى كەچتە ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى. مۆلۈك ـ جاھازلىرىنىڭ ئانچە تايىنى يوق بىر ئېغىز ئۆيدە سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى بىر قىزچاق ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ مۇلايىملىق بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلدى. مەن: بۇ بالىسىمىدۇ، يا سىڭلىسىمىدۇ، دەپ ئويلاپ خىيالىم تېخى ئاخىرىغا چىقمىغانىدى، ھېلىقى يىگىت:

ـ خوتۇن، داستىخان راسلاڭلا! ـ دېمەسمۇ، ھەيران قالغىنىمدىن بىر قىزغا، بىر ھېلىقى يىگىتكە قاراپ تېڭىرقاپ قاپتىمەن. دىۋىدەك يوغان بۇ ئەرنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ئورۇق، ۋىجىك قىز يوپۇرماقتەك تىتىرەپ كەتتى. يىگىت ئەھۋالىمنى سېزىپ قالدى بولغاي، ماڭا كۈلۈمسىرەپ:

ـ بۇ تۇرقىمىز سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ ـ ھە، XX ئاكا، ـ دېدى سەل خىجىل بولغاندەك، ـ دەسلەپتە ماڭىمۇ شۇنداق بولغان. بۇ ھەقلەپ، نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنۇم، مەن سىزگە بۇ سىرنى ئېيتىپ بېرەي، ـ دەپ قوشۇپ قويدى ـ دە ھېكايىسىنى باشلىدى:

ـ بىز غۇلجىدىن ئۈچەيلەن كەلگەنىدۇق. بۇ يەردە بىر كان بار. ئۇ يەردىن ئايروپىلانغا كېرەكلىك مۇھىم رودا چىقىدىكەن. رۇسلار باشقۇرىدۇ. ھەر ھەپتىدە مائاش تارقىتىدۇ. مائاشىمىزمۇ يۇقىرى. بۇ يەردە قىيىنچىلىق، نامراتلىق، ئاچارچىلىق، ئىشسىزلىق بەك ئېغىر. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى باقالمايدۇ. قىزلىرى سەككىز ـ توققۇز ياشقا كىرگەندىلا رەسىدە بولدى، دەپ ئەرگە بېرىۋېتىشكە ئالدىرايدۇ؛ ئەلۋەتتە ـ يەتتە ياشلىقلىرىنى ھۆپپىگەرلىككە بېرىدۇ. «ھۆپپىگەرلىك» دېگىنى، قىزنى باشقىلار بېقىپ، كېيىن خوتۇن قىلىۋالىدىغان گەپ. مۇنداق ئىش بۇ يەردە ئادەتتىكىدەك، ھېچقانداق غەلىتە سېزىلمەيدۇ. ھەر جۈمە كۈنى قىزلىرىنى باقالمىغان كىشىلەر سەھەرلاردىن كېلىپ، ئۇلارنى بازاردا تېنىۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن قىزلارنى ئادەم بىدىكلىرى تېپىۋېلىپ، قول ئىلكىدە بار بىرەر كىشىگە ـ مەيلى ئۇ قېرى بولسۇن، ياش بولسۇن باقالىسىلا «ھۆپپىگەرلىك»كە بېرىپ نىكاھلاپ قويىدۇ. بەزىلىرىنى ئاتا ـ ئانىلىرى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قىزنى ئاستا ـ ئاستا خوتۇن قىلىۋالىدۇ.

بىز تەرەپلەردە ئۇنداق ئىشلار بولمىغاچقا، دەسلەپتە ماڭىمۇ غەلىتە ـ كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى. شۇڭا قوشۇلمىغانىدىم. ئەمما قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى پۇلۇمنى كۆرۈپ: «بۇ يەرنىڭ قائىدىسى شۇنداق، ھېچنېمە بولمايدۇ!...» دېيىشتى. قارىسام، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلىشىۋېتىپتۇ. قانداق قىلىسىز، «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىس» دەپتىكەن. ئاخىر: «بوپتۇ، ئالاي!» دېدىم.

قىزنى نىكاھلاپ ئۆيگە ئەكەلگەن كۈنى چىرايلىق، ياش ھاممىسى بىللە كەلدى. ئاخشىمى ئۇ قايتىپ كەتمىدى. مەن تېڭىرقاپ ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا قايتمايسىز؟» دېسەم، «بالا كىچىك، ئۇنى مەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بەرمىسەم بولمايدۇ!...» دەيدۇ. توۋا، دېدىم. كەچتە ھاممىسى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ياتتى. يېرىم سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا قىزچاق ئۇخلاپ قالدى. ھاممىسى ئاستا قوينۇمغا كىردى... ھاممىسى بىر ھەپتە يېنىمدا بولدى. ئاڭغىچە مەن قىزغا تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە ـ چېۋىلەرنى بېرىپ، ئۆزۈمگە يېقىنلاشتۇرۇۋالدىم. ئۇمۇ ماڭا ئۆگىنىپ قالدى. ئاخىر ھاممىسى ئىككىمىزگە بىر ئورۇن سېلىپ بەردى. قىزغا ئۆگەتتى. ماڭا: «تۇخۇم سۇركىۋېلىڭ!» دېدى. شۇنداق قىلىپ «خوتۇن» ئۆگىنىپ قالدى.

## ئالۋاستى قېرىلار بىلەن سەبىي پەرىشتىلەرنىڭ ھېكايىسى

ـ شۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن كېيىن بىر چايخانىغا كىرسەم، بىر قانچە ئاپئاق ساقال مويسىپىت چاي ئىچىپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەنمۇ بىر چەتتە چاي ئىچكەچ، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇردۇم. قارىسام، ئۇلار ھېلىقى غۇلجىلىق يىگىت سۆزلەپ بەرگەن «ھۆپپىگەرلىككە بېرىش» نىڭ پارىڭىنى قىلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى:

ـ مەن يېقىندا ھۆپپىگەرلىككە بىر قىز ئالدىم، بوپتىمۇ؟! ـ دېۋىدى، يېنىدىكى قېرى نېمە دەيدۇ دېگىنە:

ـ مەن ئىككىنى ئالدىم، قانىمىدىم، يەنە بىرنى ئالايمىكى، دەۋاتىمەن، ـ دېسە، باشقىلىرى قوشۇلۇپ:

ـ شۇنداق قىلمامدىغان، شۇنداق قىلسىلا ساۋاب بولىدۇ، ـ دېيىشىۋاتىدۇ.

ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدى، غەزەپ ـ نەپرەت ئورنىمدىن تۇرغۇزدى: ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم.

ـ سىلەر قانداق ئادەمسىلەر؟ ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟!... نارەسىدىلەرنى مۇشۇنداق ئازابلامسىلەر؟! سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىڭلار قېنى؟ نامازا ئوقۇغىنىڭلار قېنى؟! ـ قاتتىق سۆكۈۋەتتىم ئۇلارنى.

ئۇلار دەسلەپتە ھەيران بولۇپ، كېيىن ئۆزلىرىنى تۈتۈۋېلىپ، ماڭا

www.uyghurkitap.com

تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇرپىيىشتى:

ـ كىم بۇ؟! نەدىن كەلدىڭلە؟ ما گەپنى قاراڭ، بىز ئۇلارنى «ھۆپپە-گەرلىك»كە ئېلىۋالمىساق، كىم باقىدۇ ئۇلارنى، يا سىلى باقامالا، باقسىلا ئەكەتسىلە، ئاتىسى بەرگەن تۇرسا، بىز ساۋابلىق ئىش قىلدۇق، قارى-سىلا!...

ـ ئالدىرىماڭلار، سىلەر بىلەن كېيىن ئايرىم سۆزلىشىمەن. ھەمە-مىگىنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم، ـ دېدىم ـ دە، ئاچچىقىم بىلەن چايخانى-دىن چىقىپ كەتتىم...

بىر كوچىدا كېتىۋاتسام، ئۇششاق باللار «ئاغىچىئايلام» ئوينىۋې-تىپتۇ. ئۇلارغا كۆرۈنمەي سەپسېلىپ قارىسام «ئەر ـ خوتۇن» بولۇپ ئوينىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار «يىگىت»كە بىر «قىز»نى توي قىلىپ ئېلىپ بەردى. كېيىن ئۇلار ئىشتانلىرىنى سېلىشىپ، «ئەر ـ خوتۇنچىلىق» قىلىش ئۈچۈن جىنسىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەشتى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلىرى: «ھۇ، ھۇ، ھۇ، قىلالمايدۇ، ھۇ!...» دەپ ۋارقىرىشىپ، تاماشا كۆرۈشتى. مەن ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم. مۆككەن جايىمدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىۋىدىم. «يېڭى توي قىلغان يىگىت» ئىزا تارتىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئاتىسىنى سورىۋىدىم، ئاتىسى ئۆيدە يوق ئىكەن. ئۇ: «ئانام ئەنە...» دەپ بىر توپ ئاياللىڭ يېنىغا مېنى باشلاپ باردى. مەن ئۇ بالىنىڭ ئانىسىغا باياتىن كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ:

ـ باللار مۇنداق بەتقىلىق ئويۇنلارنى ئوينىسا بولمايدۇ. نېمىشقا توسمايسىلەر؟ ـ دېۋىدىم، ئۇ ئايال:

ـ سىلى نەدىن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئۈرۈمچىدىن كەلدىم، ـ دېدىم مەن.

ئۇ ئايال ئۇياتسىزلارچە كۈلۈپ كېتىپ:

ـ ئۇلار ھازىر ئەر ـ خوتۇنچىلىقنى ئۆگىنىۋالمىسا، كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ تەمتىرەپ قالىدۇ ئەمەسمۇ!... ـ دېۋىدى، باشقىلىرى قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مەن: «يانىزابىللا! ساڭا گەپ قىلغان ئاغزىمغا ۋاي!...» دەپ ئويى-لىدىم ـ دە، غەزەپلىنىپ، گەپمۇ قىلالماي كېتىپ قالدىم.

ـ ئۇكا، بۇ ئىشلارغا نېمە دېيسەن. مانا بۇ بىزنىڭ ئەللىك نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى نادان ـ پاسىق ئادەملىرىمىز!... ئاتا ـ ئاتا مەسئۇلى-يىتى، ئائىلە تەربىيىسى، باللار تەربىيىسى دېگەنلەر يوق گەپكەن، جاھالەتتە قالغان ئادەملەردە» دېگەننىدى ئېچىنىپ. م. گوركىي: «يامان باللار ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنى جازالاش كېرەك»⑱ دەپ توغرا ئېيتىدۇ. كىم جازالايدۇ ئۇلارنى؟!...

**ئەدەب خانىم، نوشىرۋان يائۇشېۋ «... ئائىلە تەربىيىسى بىلەن كارى يوق. بۇلار بالا تېپىشقىلا ئىگە، بالا تۇغۇشنى ئانىغا، ئانىنى خۇداغا تاپشۇرىدۇ. بالىنى چىن ئىنسان قىلماق، ئىلمىي ـ پىكرىي ئا-دىمىيلىك جەھەتتىن تەربىيە قىلماق قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىگە كىرىپ چىقمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەسۇم باللار ھايۋان بىننىي ھايۋان پېتى قالىدۇ» ⑲ دېگەننىدى ئېچىنىپ.**

**نادانلىق، جاھالەت دېگەن نېمىدېگەن قەبىھ، نېمىدېگەن يامان ـ ھە!... ئۇ، ئىنساننىڭ ۋىجدان ـ ۋۇجۇدىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەقلىنى كېمى-ۋېتىدىكەنا. ئۇنىڭ جاراھىتى ئەجەب ساقايمايدىكەنا!؟...**

**دەرىخا، دۇنيادا بىزگە ئوخشاش ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمە-مىگەن نارەسىدە قىزلارنى ئۈچ كۈنلۈك خوتۇن قىلىدىغان ئادەملەرمۇ بارمىدۇ؟!... جاھاننى سورىغان قۇبلايخانمۇ مەملىكەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن ھەر يىلى گۈزەللەرنى تاللاپ، ئوردىغا ئەكەلدۈرگەندە: «ئۇلۇغ خاننىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئادەتتە 20 ياشلىق ياكى 20 ياشتىن ئاشقان گۈزەللەر ئىدى»⑳ .**

**مەن تېخى بۇ يەردە بۇ مۆھتەرەم ئەدىب، پېداگوگنىڭ 40 ـ 50 ياشلىق بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن: «ھۆپپىگەرلىك»كە ئېلىۋالغان يەتتە ياشلىق «خوتۇن»نى تۆگمەندە قويۇپ، يەنە ئازراق ئۇگۇت ئەكېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كەتكەندە، تۆگمەنچىنىڭ ئۇ قىزنى ئالداپ قانداق قىلغانلىقىنى؛ بۇ ئىشنى كېيىنرەك ئۇققان «ئېرى»نىڭ بۇ ئىش ۋەجىدىن تۆگمەنچىنىڭ خوتۇننى قورقۇتۇپ، قانداق بو-سۇنچۇق قىلغانلىقىنى؛ XX لىق بىر ئەرنىڭ 15 ياشلىق خوتۇننى تې-نۇۋېتىۋېتىپ كەتكەنلىكىنى؛ ئۇ قىزنى ئىككى بالا چەتكە زورلاۋاتقاندا، بۇ مۆھتەرەم ئەدىب ئۇچراپ قېلىپ ساقچىغا مەلۇم قىلغىلى كەتكەندە، شۇ يەردە بالا ئوقۇتۇۋاتقان مۇدەررىسنىڭ ئۆزى ئوقۇتۇۋاتقان 15 ياشلىق قىزنى خوتۇن قىلىپ تۇرۇۋالغۇق يەنە ھېلىقى قىزغا قانداق پوخۇرلۇق قىلغانلىقىنى؛ ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى بىلەن ئىككى قىز ئوقۇغۇچى قارت ئويناپ، ئوغۇللار ئۇتتۇرۇپ قويسا، قىزلارغا ئۇس-سۇزلۇق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، قىزلار ئۇتتۇرۇپ قويسا، ئوغۇللارنى «رازى» قىلىۋاتقانلىقىنى ... ۋە يەنە تالاي ـ تالاي شەھۋانىي نو-مۇسسىزلىقنى سىزگە تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىشتىن نومۇس قىلدىم!...**

**(مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما: گەرچە جوقان ۋەلىخانوف، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف، نوشىرۋان يائۇشېۋ ۋە ھېكايە قىلغان مۆھتەرەم ئەدىب، پېداگوگىمىزنىڭ يازغان ۋە ئېيتقانلىرى جەمئى-يەتلەشكەن ئومۇملۇق بولمىسىمۇ، ئەمما جاھالەتلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قاراڭ-غۇ ـ سەلبىي تەرەپ، شەھۋەتخور ـ پاسىق ئادەملەردە مەۋجۇد بول-غان، كېيىنكى ئەۋلادلار ئاچچىق ساۋاق ـ ئىبرەت ئالىدىغان مەشئۇم كۆرۈنۈش ـ كارتىنىلاردۇر، ئەلۋەتتە).**

**ئەگەر سىز مۇشۇ تاپتا ئەتىگەندە جىلتىسنى ئېسىپ مەكتەپكە كې-تىۋاتقان سەككىز ـ توققۇز ياشلىق بىر قىزچاقنى 60 ـ 70 ياشلىق بىر بوۋاينىڭ خوتۇنى، دەپ پەرەز قىلسىڭىز قانداق روھىي ھالەتتە بو-لارسىز!...**

### تەنەپپۇسلۇق تارىخىي جاراھەتنىڭ بۈگۈنكى قاقچى

بىز بۇ ئادەم چىدىغۇسىز بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان تارىخىي جا-راھەتنى نېمە ئۈچۈن تاتىلاۋاتىمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھازىرقى دەۋر-دىكى ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىپ، شەھۋانىيەتكە بېرىلگەن ئازغۇن ـ گۇمراھلارنىڭ تارىخىي يىلتىزى ئاشۇ تارىخىي جاراھەتكە باغلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تېخى يېقىندىلا ئۈرۈمچىدە ئاشۇنداق نارەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان بىر موللىنىڭ دېلوسى پاش قىلىندى:

«بۇ يىل مارتنىڭ مەلۇم كۈنى كەچ سائەت 11 لەردە كامىل «موللا» ئورنىدىن ئاستا تۇردى ـ دە، ياندىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ، چىراغنى ياندۇردى. باللار تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئەڭ چەتتە ئۇخلاۋاتقان گۈلزىبانى كۆتۈرۈپ، ھۇجرىسىغا ئېلىپ چىقتى. ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن گۈلزىبا يۇمران جىسمىنىڭ بىر ئىبلىس قولىدا چەيلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ھېلىقى ھايۋان ئۇنىڭ ئېغىزىنى پلاستىر بىلەن چاپلاپ، قولىنى ئارقىسىغا باغلىۋەتتى. كامىل «موللا» ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن گۈلزىباغا: «ئەگەر بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا دېسەڭ، دوزاخقا كىرىسەن، يامان بولىدۇ، ئارقىدىنلا ئۆلۈپ كېتىسەن!» دەپ قورقۇتتى. بۇ چىلبۆرە ئارقىدىنلا ئىبلىس قولىنى گۈلجەننەت، گۈلمېھرى، رۇقىيە قاتارلىق نارەسىدە قىزلارغا ئۇزاتتى»㉑ ★ .

«مېنىڭ ھەم مەھەللىدىكى ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە مويسىپىت، بىلىملىك سانىلىدىغان بىر ئەرنىڭ بىر ئاي ئىلگىرى ئۆزىنى «بوۋا» دەپ ئاتايدىغان بىر قانچە نارەسىدىكە ئىزچىل، بىر نەچچە يىل «ئەر بوپكەلگەنلىكى ئاشكارىلىنىپ، قانۇن تورىغا چۈشۈشى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى»㉒ .

كۆردىڭىزمۇ، خانىم، بۇ جاراھەتنىڭ تا ھازىرغىچە ساقايماي، يېرىڭداپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى... مېنى ئەپۇ قىلىڭلاركى، بۇ جاراھەتنى مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇچۇق ـ ئاشكارا قاناتمىغىچە كىشىلەردە نەپرەت ھېسسىياتى ئويغانمايدۇ. بىز نەچچە يىلدىن بۇيان مىللەتنىڭ مەنىۋى كېسىلى ئۈستىدە تۈزۈك ئوپېراتسىيە ئېلىپ بارماي، كېسەلنى يوشۇرۇپ تولىمۇ بىمەنە ئىش قىلدۇق. مانا ئەمدى «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» بولۇپ، «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» بولدى. مەرەز ـ ئۆسمىنىڭ يوشۇرۇن بولغىنىدىن ئۇچۇق ـ ئاشكارا بولغىنى ياخشى، داۋالاشمۇ ئوڭاي بولىدۇ. مېنىڭچە ئۇنى قانىتىش خۇددى تاز يارىسىنى ئۇستۇرا بىلەن سىيرىپ، جىننى قاقشىتىپ، قان ـ يىرىڭنى ئاققۇزۇپ، بېشىغا مەلھەم سۈركەپ داۋالىغاندەك داۋالاش كېرەك. دۇنيادا ئۇنى داۋالايدىغان باشقا دوختۇر يوق، بەلكى مىللەت ھامان ئۇنى ئۆزى داۋالايدۇ. ھامان قاتتىق قوللۇق، ئۇستا جەرراھ تۇغۇلىدۇ!...

ئەدىب خانىم، ئۆزىڭىزگە ئايانكى، ئۇ چاغلاردا سىرتنىڭ ھېچقانداق «مەدەنىيەت ئامىللىرى»نىڭ تەسىرى يوق ئىدى. ئەجەبا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار يۇرتىدا شۇنچە بۇزۇقچىلىق، ئەخلاق كرىزىسى يۈز بېرىدۇ؟ ۋە ھازىر يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ كېسەللىك ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟... بۇ مەنىۋى ئاجىزلىقىمىز ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخي جەرياننى بېسىپ كەلگەن. قاراخانىيلار خاندانلىقىدىن كېيىنكى نۇرغۇن قېتىملىق ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى، ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇش ـ يېغىلىق، ئىسلام دىنىي شەرىئەتلىرىنىڭ توغرا شەرھلەنمىگەنلىكى، كۈچلۈك دىنىي ئىسلاھاتنىڭ بولمىغانلىقى؛ سوپىزم ۋە خۇراپاتلىقنىڭ، جاھالەت، نادانلىق ۋە نامراتلىقنىڭ ئەسىر ـ ئەسىرلەپ داۋاملىشىشى، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ زەھەرلىمىگەنلىكى؛ ئىلغار ـ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا ۋە زامانىۋى ساغلام ئىدىيىدىن خاس يېگىچە مائارىپ، تەربىيىنىڭ يوقلۇقى نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ جىنسىيەت، نىكاھ، ئائىلە، بالا تەربىيىسى كۆز قارىشىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلىكى ... ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە گۇناھنى بىلمەيدىغان ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ زەربىسىدە كۈچلۈك دولقۇن ھاسىل قىلدى. ئۆتمۈشتە يوشۇرۇن، مەخپىي ۋە شەرىئەت كۈنلۈكى ئاستىدا ئەۋج ئالغان بۇ شەھۋانىي كېسەللىك ھازىر دېموكراتىيە مۇھىتىدا شەھۋەتپەرەسلەرنىڭ روھىيىتىدە ئاشكارىلىنىپ ۋە كۈچىيىپ، بىر قىسىم ھاياسىزلىرى يا ئاتا ـ ئانىسىدىن، يا قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن، يا يۇرت ـ مەھەللىسىدىن ھېيىقمايلا، كىشىلەرنىڭ گويا كۆزىگە قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈنۈپ سەھنىگە چىقىۋالدى. ئۇلار ئاپئاشكارا، ئەركىن ئايناقلاپ ـ غىلجىڭلاپ ئۆز نومۇسىنى خالىغانچە ساتماقتا، بۇلغىماقتا.

بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، ئۆتمۈشتىكى ئەخلاق كرىزىسى ئاتالمىش شەرىئەت تونىغا ئورالغان بولۇپ، خوتۇن ـ قىزلارنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدىغان، ئۇلارنى نارەسىدە ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەرلەرگە لەززەت بېرىشكە مەجبۇرلايدىغان چەكلەنمىسىز بۇزۇقچىلىق ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكىسى بولسا دۆلەت قانۇنى ۋە ئەخلاقنى كۆزگە ئىلماي، ئەركىن، ئۆزى تاللاپ، ئۆزى خالاپ سودىلىشىۋاتقان مەنپەئەت، تىجارەت خاراكتېرلىك كەسىپلەشكەن رەزىل بۇزۇقچىلىقتۇر. دۇنياۋى ئەخلاق كرىزىسى بىلەن ئىچكى سەلبىي ئامىلدىن ئەۋجىگە چىقىۋاتقان بۇ مەدەنىيەتسىز، پاسكىنا تىجارەت خاراكتېرلىك ئەخلاق بوھرانىنى قانداقمۇ نوقۇللا سىرتنىڭ تەسىرى دېگىلى بولسۇن!؟ دوكتور، پروفېسسور ئەسەد سۇلايمان: «پسىخىكا نورمالسىزلىقى ھازىرقى يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ ئىختىرالىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر شەخس، كوللېكتىپ ۋە مىللەتنىڭ روھىي قاتلىمىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى پسىخىكا نورمالسىزلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ»㉓ دەيدۇ.

«مىڭبىر كېچە» ۋە باشقا بەزى خەلق رىۋايەتلىرى ئاياللار روھىيەت ۋولقانىنىڭ غايىۋى پارتلىشى بولۇپ، ئەرلەرنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغا ئېتىلغان توپ ئوقى ئىدى. بۇ خىل ئەخلاق كرىزىسىنى تەرەققىي تاپقان ھەممە دۆلەت بېشىدىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال ياپونىيىدە گەۋدىلىك كۆرۈلگەن. 1960 ـ يىللاردا بولسا، ئامېرىكىدىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

ئۇزاق مەزگىل بېكىنمە ھالەتتە ياشاپ كەلگەن مىللىتىمىزگە بۇ پەردىشەپسىز بۇزۇق ئەخلاق غەلىتە تۇيۇلۇپ، يۈرىكىمىزنى ئازابلىماقتا. نە تەشۋىقات، نە مەتبۇئات، نە سورۇن ـ سورۇنلاردا ۋايساشلار، ئاھ ئۇرۇشلار... ھېچقايسىسى بۇ بوھراننى توسۇپ قالالىغىنى يوق.

ئالەم قانۇنىيتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئالەمدە ھەر شەيئى

---

★ بۇ پاجىئەدىكى نارەسىدە قىزچاقلارنىڭ ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلگەن.

ئۆلچەملىك، مۇددەتلىك ۋە قانۇنىيەتلىك يارىتىلغان. ھەر نەرسىنىڭ
ۋاقتى ـ قەرەلى، گۈللىنىش ـ ھالاك بولۇش ۋاقتى بولىدۇ. بۇ بوھ.
رانلۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس! بۇ ـ ھەر بىر شەخس، ھەر بىر
ئائىلىگە بېرىلگەن سىناق. ھەركىم بۇ ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن نېرى
بولالمايدۇ. بۇ ئوپېراتسىيىدە روھىي دۇنياسى قاغجىراپ قالغانلار،
قان يېتىشمەيۋاتقانلار، نېرۋىسى ئاجىز، تېنى قۇۋۋەتسىزلەر، ئىمان ـ
ئېتىقادى سۇسلىشىپ كەتكەنلەر... جەزمەن ھالاك بولىدۇ!...

«ھەر قانداق قوۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللا ئۇ.
لارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»[24] .

ئەدىب خانىم، كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، مەنىۋىيەت باغلىرى كۆ.
يۈپ ـ قاغجىراپ كەتكەن، تەربىيىسىز، نادانلىقتا قالغان نەچچە ئەۋلاد
ئادەملىرىمىز ئازادلىقتىن كېيىنكى سول لۇشيەن، «ھەرىكەت»،
«دولقۇن»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»لىرىدا تۇنجۇقۇپ، ئىسلا.
ھاتتا ئۇھ دەپ نەپەس ئېلىپ، ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە ئەستايىدىل
ئويلانغىچە بۇ دەھشەتلىك پىسخىكا ۋاباسىغا ئۇچرىدى. بۇ خۇددى
شېكەر كېسىلى بار ئادەم ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغىنىدەك
بىر ھالدا تۇرماقتا. «بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر ئەڭ مۇھىمى
ۋە خەۋپلىك بولۇۋاتقىنى ئەدەب، ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىكى يە.
مىرىلىشتۇر»[25]. ئادەمگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى، ھەممىنى بىلىدىغان،
بىراق ئۆز نەپسىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بەزى ئەرلەر ۋە ئوقۇ.
مۇشلۇقلار بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلمايۋاتىدۇ ۋە ئويلىمايۋاتىدۇ.
«ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىزنىڭ بۇنداق ئاستىن ـ ئۈستۈن بوپكېتىشى.
دىكى سەۋەب، مېنىڭچە، ئايرىم ساندىكى دادىلىرىمىزدا»[26] . غايە ۋە
ئىمان ـ ئېتىقادتىن چەتنىگەن، چۈشكۈنلەشكەن بۇ قاتلام راھەت ـ
پاراغەت تۇرمۇشقا مەست بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ،
ئەيش ـ ئىشرەتكە غەرق بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ كۆزى چۈشكۈن.
لۈكنى كۆرىدۇ، يازىدۇ، ئۆز ئەتراپىدىكى ھادىسىلەردىن ياشاش مەنى.
تىقىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما ئۇلار مىللەتنىڭ 90% نى تەشكىل قىلى.
دىغان، ھەر قانداق دەھشەتلىك مەنىۋى كېسەللىكلەرگىمۇ بەرداشلىق
بېرەلەيدىغان كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۈمىدلىك ئويغاق ئۇيغۇر
روھىيىتىنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ. كەلگۈسى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى غۇۋا!...
ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، جىنسىي لەززەت
تۇيغۇسى تورمۇزلىۋالغاچقا، ئۇلار قەيەردە ئولتۇرسۇن ـ قوپسۇن ئو.
يۇن، رېستوران، قىزدىن باشقا سۆزى نېرىغا بارمايدۇ. ئۇنداقلار تا.
سادىپىي ئەرلەر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالسا، گويا ياۋايى، تىلسىز ئا.
دەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ، شەھۋەت خۇمارىغا
چىدىيالماستىن، باشقىلار ئالدىدا ئار ـ نومۇسنى قويۇپ قىزىدىن كە.
چىك «قونچاق» لىرىغا تېلېفون قىلىدۇ ۋە ئولتۇرۇش «رەڭلەن.
گەن»دىن كېيىن ئاندىن كەيپىياتى ئىزىغا چۈشىدۇ... ئەگەر زامان 100
يىل كەينىگە يانغان بولسا، ئۇنداقلار ئۆتمۈشتىكىدەك يەتتە ـ سەككىز
ياشلىق نارەسىدە قىزلارنى خوتۇنلۇققا ئېلىشتىن يانمىغان بولاتتى!...
خۇداغا شۈكرىكىم، ھازىر زامان ئاياللارغا باقتى. مانا ئەمدى بۇ ئەرلەر
«رەڭلىك ئولتۇرۇش»نامى بىلەن ئاشۇ قىز ـ چوكانلارغا تىلىنمەكتە.
«ھاشىخان داڭلىق»نىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنىڭ خۇمارلاشقان مەست
كۆزلىرىگە بېقىپ، كۆچۈكلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ، «لەززەت» ئۈچۈن
ئىنسانىي غۇرۇرى ـ نومۇسنى ئۇنتۇپ قالماقتا.

بۇ نەپرەتلىك قۇرلارغا قەلەم تارتىۋېتىپ، ئىختىيارسىز 100 يىل
ئىلگىرى نوشىرۋان ياۋشېف مارالبېشىنىڭ يولىدىكى بىر ئەرنى ئۇچ.
راتقاندا قىلىشقان سۆھبىتىنى قىستۇرۇشنى لايىق تاپتۇق:

### تەنەپپۇسلۇق بىر لاۋزا ھېكايە

« ـ خوتۇن بارمۇ؟

ـ يوق.

ـ ئۆزىڭىز نەچچە ياشتا؟

ـ ئەللىكتە، خۇدا خالىسا. بىزنىڭ بۇ يەردە خوتۇن ئەرزان. تېخى
يېقىندىلا ئىككى تەڭگە چىقىم قىلىپ 14 ياشلىق بىر قىزنى ئالغانىدىم.
يېنىدا ئىككى كۈن يېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئاخشام
يەنە بىرنى ئالدىم... بىز پەيزاۋاتقا دائىم بېرىپ تۇرىمىز. ھەر بارغاندا
بىرنى ئالماي كەلمەيمىز، ئۈچ كۈن تۇرىمىز ـ دە، تالاق خېتىنى بېرى.
ۋېتىپ كېتىمىز»[27] .

ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇ «نوچى» ئەرلەرنىڭ بۈگۈنكى ۋارىسلىرى
كوچىدا بەتبۇي تارقىتىپ يۈرگەن پاھىشىلەرگە ئىككى تەڭگە ئەمەس،
بىر ـ ئىككى يۈز تەڭگە خەجلەپ، شەھۋانىي نەپسى ئۈچۈن تىلىنى.
مەكتە.

تېخى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بەزى ئىدارە ـ جەمە.
ئىيەت، مەكتەپ، كارخانا ـ شىركەتلەردە «ئاشىندارچىلىق» پەيدا بو.
لۇپ، ھايا ـ نومۇس كۆيمەكتە!... ھەتتا بەزى ئەرلەر شۇ دەرىجىگە
يەتتىكى، ئايالى ياكى بالىلىرى بىر ئىدارىدە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى
پارقىرىتىپ تۇرۇپ ئاشىنىسىنىڭ ئېرى بىلەن بىر تۆشۈككە سىيمەكتە...
تېخى ئېرى بىلەن ئاغىنە بولۇپ، تۇز ـ تائامنى يەپ، گېزىتنى كۆرپە
قىلىپ بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلار، ئېرىدىن تاياق يەپ قاپىقىنى تېڭىپ
يۈرىدىغانلارنى يوق دېيەلەمسىز؟!... تېخى بۇلار ئەلنى باشلايدىغان،
ئوقۇغان ـ موللا، ئەدەب ـ ئەخلاقتىن ئەلگە دەرس بېرىدىغان، ھەتتا
بەزىلىرى تېلېۋىزورلاردا چاقناپ تۇرىدىغانلار!

1970 ـ يىللاردا بىر مۇئەللىمەنىڭ ئاشىندارچىلىقى سېزىلىپ قال.
غاندا، نومۇستىن ئۆزىنى ئىلى دەرياسىغا تاشلىۋالغانىدى. ھازىرچۇ؟
«رەڭلىك ئولتۇرۇش» دېسە شەھەرلەردىكى بەزى مەكتەپلەرنىڭ بە.
زى رەھبەرلىرى كېچىلەپ ناھىيىلەرگە چىقىشتىن يانمايدۇ. توغرا، بىز
«ئاق رەڭلىك» ئولتۇرۇشقا قارشى ئەمەسمىز، بەلكى ئۇنى قوللايمىز.
چۈنكى ھازىرقى زامانىۋى، ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا ئەركىن ھالدا سا.
ۋاقداشلار، خىزمەتداشلار، يۇرتداشلار ئۇچرىشىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىش
مۇناسىۋىتى، مۇھەببەت، تونۇشۇش، چۈشىنىش مۇناسىۋەتلىرى تو.
پەيلىدىن «ئاق رەڭلىك» ـ ساپ، ساغلام ئولتۇرۇش بولۇپ تۇرىدۇ.
بىزنىڭ ئەيىبلەۋاتقىنىمىز «قارا رەڭلىك» ـ شەھۋانىيەتنى قوغلىشى.
دىغان ئولتۇرۇش. ھازىر بۇ بوراندەك ھەممە يەرنى قاپلاپ، مودىغا،

ئادەتكە ئايلانماقتا. ئۇلاردا نە ئىمان ـ ئېتىقاد، نە غايە، «نە گۇناھ تۇيغۇسى، نە ۋىجدانىي ئازاب تۇيغۇسى، نە نومۇس تۇيغۇسى يوق» [28] . «تۇرمۇش ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي شەخسىيەت ۋە شەھۋانىيەتتىن ئىبارەت» [29] .

ئەدىب خانىم، ئېھتىمال سىز: «ئۆزىڭىز ئەر تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنى ئەيىبلەۋېرىسىز، ھەممىنى قىلىۋاتقان يولدىن چىققان قىزلارغۇ!؟...» دەپ ئويلاۋاتقانسىز. توغرا. بىراق سىز شۇنى ئۇنتۇماڭكى، ياراتقۇچى ۋە مىللەت ئەرلەرگە ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلىگەن. ئاياللارنى ئاسراشنى، قوغداشنى، بېقىشنى تەۋسىيە قىلغان.

ھازىر بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان قىز ـ چوكانلار ئازغان، قايمۇققان، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بورىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقان نادان ۋە چۈشكۈنلەردۇر. ئۇلاردا ھازىر بىز دەۋاتقان مەلۇم ھوقۇقى، ئىمتىيازى، نوپۇزى بار ئەرلەردەك مەسئۇلىيەت يوق. ئۇلار قوي، بىز دەۋاتقان ئەرلەر سەركىدۇر. شۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى جەمئىيەتنىڭ ئاتموسفېراسىنى بەلگىلەيدۇ. «ئاياللارغا بولغان مۇناسىۋەت، ـ دەيدۇ پېداگوگ ۋ. ئا.سوخوملىنسكىي، ـ نومۇس، شەرم ـ ھايا، ئەدەب ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچىمى» [30] . پېداگوگ ئا. س. ماكارىنكو بولسا: «خوتۇن ـ قىزلارغا ھاياسىزلارچە مۇناسىۋەتتە بولغۇچى شەخس ئەقەللىي پۇقرالىق ئىشەنچىسىنى ئاقلىيالمايدۇ. ئۇ، ئومۇم ئىشىغىمۇ شۇنداق شەرمەندىلەرچە مۇناسىۋەت قىلىدۇ» [31] دەيدۇ.

مەشھۇر ئەرەب يازغۇچىسى جورجىي زەيدان بىر كۈنى ئۆستەڭ بويىدا، يالغۇز كىشىلىك كۆۋرۈك ئۈستىدە بىر يىگىتنىڭ ئۇ قاتتىن كېلىۋاتقان بىر قىزغا ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قىز يىگىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يول بېرىپ كەينىگە قايتىپتۇ. جورجىي زەيدان ئۇ يىگىتنى چاقىرىۋېلىپ: «ئۇ قىزنى ئۈچ قېتىم ھاپاش قىلىپ، بۇ قاتقا ئۆتكۈز!» دەپ بۇيرۇپتۇ ۋە: «بىلەمسەن، ئۇ سېنىڭ ئاناڭ، مېنىڭ ئانام، مىللەتنىڭ ئانىسى!...» دەپ كايىپتۇ. يىگىت جورجىي زەيداننى تونۇپ، خىجالەت بولۇپ قىزنى ئۈچ قېتىم ھاپاش قىلىپ، بۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ...

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق قىلىپ: «بىر خوتۇن بىلەن كۈپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر» [32] دەپ، ئەرلەرنى ئاياللارغا زۇلۇم قىلىپ گۇناھكار بوپقېلىشتىن توسۇغان. ئەمما بەزى شەرىئەت پەتىۋاچىلىرى ئۆز نەپسى، ئۆز تېنىنىڭ لەززىتى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا خاتا شەرئىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىپ، مىللەتىمىزنىڭ ئەخلاق كرىزىسىنىڭ زور ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولغانىدى... دېمەك، ئۇلارنىڭ كۈچى ئەنە شۇنداق زور!...

ئەمدى ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھېكايىسى «مىڭبىر كېچە» دىنمۇ دەھشەتلىك، قەبىھ ۋە نومۇسسىز!... ئەمما بىز ئۇلارنى شامالدا ئۇچۇۋاتقان قامغاقتەك ھېس قىلىمىز ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سىزدەك، مەريەم ئابدۇرەھماندەك ھەم گۈلنار تىيىپتەك ئىجتىھاتلىق قەلەم ئىگىلىرىگە قالدۇرىمىز.

ئەدىب خانىم، سىزگە مەلۇمكى، ئىنسان روھىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھامان ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىمان ـ ئېتىقاد، نومۇس، ئەخلاق ۋە باشقا ئادىمىي پەزىلەتلەرنىڭ تىندۇرما زاپاس ئېنېرگىيىسى ساقلىنىپ تۇرىدۇ. گۇمىنەييەن شارائىتتا تاشقى زەرەتلىنىش تۈپەيلى ئىجتىمائىي داۋالغۇش ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان روھىدىكى خىرەلىكلەر بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ ۋە شاللىۋېتىلىدۇ. يارقىنلىقلار بولسا ئەسلىي ماھىيىتىگە يېقىنلىشىدۇ ۋە تاكامۇللىشىدۇ. قاراڭ: بىر مەزگىل دۇنيانى رەڭگارەڭ قىلىۋەتكەن نىلۇن ۋە باشقا سۈنئىي تالالىق رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەكلەرگە مەستانە بوپكەتكەنلەر ھازىر ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئەسلىگە قايتىپ، تەبىئىي، پاختا رەختلەرگە يانمىدىمۇ!... خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش تەۋرەنمەس كۈچلۈك ئېتىقادلىق ئۇيغۇر مىللىتى باشقا مۇسۇلمان خەلقلىرىگە ئوخشاشلا نومۇسنى ئىمان جۈملىسىدىن دەپ بىلىدۇ ۋە ئىپپىتىنى ساقلاش، قوغداش، ئۇنى جېنىدىنمۇ قىممەت كۆرۈش روھى مەنىۋىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

سىز تۈرك يازغۇچىسى ئۆمەر سەيفىددىننىڭ «ئاق لالە» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇغان بولغىدىڭىز؟ ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە بىلەن ئەينى يىللاردا قىزلارنى قول ـ دېدەك ئورنىدا كۆرىدىغان يۇرتىڭىزدا يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ نەقەدەر ئوخشاشلىقىغا قاراپ بېقىڭە:

### تەنەپپۇسلۇق سىلىشتۇرما ھېكايە

1912 ـ يىلى بالقان ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن تۈرك ئارمىيىسى سەرەزنى تاشلاپ كەتكەندە، غالىب كەلگەن بۇلغار ئارمىيىسى شەھەرنى تالان ـ تاراج، ئاھالىنى قىرغىن قىلدى. بۇلغار ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مايور رادكو بالقانسكىي شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل ئۈچ تۈرك قىزىدىن لالەنى تاللاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قىزغا ئېيتىلدى: «... بۇ زالىمنىڭ قوللىرى، لەۋلىرى لالەنىڭ بەدىنىگە تەگكەندە، ئۇ گويا ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ۋارقىرايتتى، تىپىرلايتتى. رادكو قىزنىڭ ئىككى پۇتىنى پۇتۇن كۈچ بىلەن بېسىپ، ئىككى پۇكلىۋالغانىدى... نومۇس مەجبۇرىي ئاياغئاستى قىلىنىۋاتاتتى. ئۇ، بىر ۋەھشىي ھايۋاننىڭ ئەڭ ئىپلاس ۋە ئەڭ يىرگىنچلىك ئويۇنىغا ئويۇنچۇق بولماقتا ئىدى. ياق،ياق، ياق! قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟

ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

ـ بولدى، بولدى، قويۇۋەت، بولالمىدىم... دەم ئېلىۋالاي...

15 ـ 20 مىنۇتتىن كېيىن لالەنىڭ ھاسىرىشى بېسىلىپ:

ـ بىردەم توختاڭ، مۇزلاپ كەتتىم، دېرىزىنى يېپىۋېتەي... ـ دېدى ـ دە، ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چۈشتى.

لالە مەست بوپقالغان ئادەمدەك دەلدەڭشىپ، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە گويا ئۇچۇپ كەتكەندەك غايىب بولدى. نېمە بولغىنىنى بىلمەي قالغان رادكو كۆردىكى، تېگى يوق ياردەك كۆرۈنگەن زىچ دەل ـ دەرەخلەر، گۈللەر بىلەن چىرمىشىپ يېشىل كۆلەڭگە ھاسىل قىلغان يەردە لالە دۈم ياتاتتى...» [33] *

---

* ھېكايە قىسقارتىلدى.

نەق مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ۋەقە 2005 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال كەچتە ئاقسۇ شەھىرىدە يۈز بەردى: «...قەلبىنۇر * ئوقۇۋاتقان مەكتەپ ئۇ يېڭىلا كەلگەن بۇ شەھەردىن 160 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، كەچ بوپكەتكەچكە ئاپتوبۇس توختاپ قالغانىدى. ئۇ باشقىلاردىن مېھمانخانىلارنىڭ ياتاقلىرى قالايمىقان بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغاچقا يېتىشتىن قورقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 30 ـ 40 يۈەننى ياتاققا خەجلەشكە كۆزى قىيمايۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر كېچىچە بېكەت ئالدىدا مېڭىپ، تاڭ ئاتقۇزۇشنى قارار قىلدى. ئەمما ئىككى ـ ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن، بەك توڭلاپ چىدىيالماي قالدى. شامال ئارىلاش چىقىۋاتقان شىۋىرغان ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنىنى جالاق ـ جالاق تىترەتمەكتە ئىدى... ئۇ نېرىدا بىر كىشىنىڭ ئاپتوموبىل سۈيىنى چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كىشى ئىشىنى تۈگىتىپ ئۇنىڭدىن:

ـ بىر يەرگە بارامسىز؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بە... بەك توڭلاپ كەتتىم... ـ دېدى ئۇ كېكەچلەپ ئارانلا.

... ياتاق پاكىز، ئىسسىق ئىدى. شوپۇر چاپانلىرىنى سالغاچ:

ـ كېلىڭ، ياتىمىز، ـ دېدى.

قەلبىنۇر چۆچۈپ كەتتى. شوپۇر خۇددى قانۇنلۇق ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقان ئەردەك ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ قۇچاقلىدى ۋە ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىپ كارىۋاتقا باستى...قىز بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، بارغانسېرى قىزنىڭ كۈچى يەتمەي قالدى. ئۇ ئاخىر يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ـ جېنىم ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ! مەن ئوقۇغۇچى، ھېلىقىدەك قىزلاردىن ئەمەس...

ـ سەندەك ئوقۇغۇچىدىن نەچچىنى كۆرگەنمەن. ھېلىقىدەك قىز بولمىساڭ يېرىم كېچىدە نېمە بار بۇ يەردە؟ ئۇۋۇ ئۇۋۇلاپ چىققانسەن تېنىلىق!...

شوپۇر ئاستىدا قاپقانغا چۈشكەن توشقاندەك تىپىرلاۋاتقان قىزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى سىلاشتۇرۇپ، قولىنى ئۇنىڭ ئىشتانبېغىغا ئاپىرىۋېدى، قىز ۋارقىراپ كەتتى:

ـ ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!...

قىزنىڭ نالىسىدىن ئالاقزادە بولغان شوپۇر ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ:

ـ باشتا ياق دېگەن بولساڭ بىكاردىن بىكار 70 يۈەنگە ياتاق ئالامتىم. بىلىپ قوي، بۇ كېچە ياتاقتىن ساق چىقىپ كېتەلمەيسەن!... ـ دېدى ـ دە، ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېتىۋېتىپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

قەلبىنۇر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچماقچى بولۇپ، قۇلۇپ بىلەن ھەپىلىشىپ باقتى، بىراق ئاچالمىدى. ئۇ: ‹مۇشۇ تاپتا ئالدىمدا ئىككىلا يول بار. بىرى، ئىپپىتىمنى بۇزۇش بەدىلىگە بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ھېچنېمە كۆرمىگەندەك چىقىپ كېتىش، يەنە بىرى، ئىپپىتىم بۇزۇلۇش، نومۇسۇم بۇلغىنىشتىن بۇرۇن بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىش...› دەپ ئويلايتتى.

ئۇ ئاخىر كېيىنكى يولنى تاللىدى ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپلا دېرىزىنىڭ قوش ئەينىكىنى بېشىچىلاپ چېقىپ، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى...» ㉞ * *

قاراڭ، بۇ ۋەقەلەردىكى ئوبراز ـ خاراكتېرنىڭ ئوخشاشلىقىنى... «ئاق لالە» تېخى ھېكايە، «نومۇسنىڭ كۈچى» بولسا چىن ۋەقە. بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان بىر پاك قىزنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئاخىرلاشتى ـ ئۇيغۇرنىڭ بىر ئىلمىي ئىپپەتلىك ئانىسى ئۆز نومۇسىنى قوغداش يولىدا قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ قۇربان بولدى. سىزگە يەنە بىر نەچچىنى سۆزلەپ بېرەيمۇ.

«... يىگىت ئىككىيلەننى باشقا ئۆيگە چىقىرىۋېتىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالدى ۋە ساجىدە * * گە ئاچ بۆرىدەك ئېتىلدى. ساجىدە ئۆينىڭ ئىچىدە قېچىشقا باشلىدى ۋە: ‹ئۇنداق قىلماڭ!› دەپ يالۋۇردى. ساجىدە قېچىپ يۈرۈپ بالكونغا چىقىپ قالدى. يىگىت ئۇنى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ھېچقانداق ئامال قىلالمىغان ساجىدە بالكوندىن يەرگە سەكرىدى...» ㉟

بۇ يىل (2005 ـ يىل) ئىيۇندا يامالىق تېغىدا قوي بېقىۋاتقان 13 ياشلىق قىزغا زوراۋان بىر ئەر زورلۇق قىلماقچى بولغاندا، قىزنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇ زالىم ئەر پىچاق بىلەن قىزنىڭ بوي ـ يۈن تېرىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە تىلىۋەتكەندىمۇ قانغا بويالغان بۇ قىز قەتئىي باش ئەگمىگەن...㊱

ئەدىب خانىم، ھازىر جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشى ئەخلاقىي زەئىپلىشىشنى نوقۇل ئىقتىسادقىلا باغلاپ، ئىنساننىڭ روھىي ساغلاملىق يادروسىغا سەل قاراۋاتىدۇ. ئۇلار ئىنساندىكى تۇغما نومۇس تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك گۇناھ، ئېتىقاد تۇيغۇسىنىڭ تەڭداشسىز كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىن كەلگەن ستودېنت قىزلىرىمىزنى نامراتلىقى تۈپەيلىدىن ھەر قانداق نومۇسسىزلىقنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما ئالدىمدا تۇرغان بۇ ھەقىقىي خەت ئۇلارغا ئەڭ ياخشى جاۋاب. شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ ستودېنت قىزلىرىنىڭ ۋىجدانى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەدھىيە شېئىرىدۇر. (ھاۋالە قىلغۇچۇم ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن XXدەپ ئېلىپ، خەتنى ئەينى پېتى، قۇرمۇ ـ قۇر كەلتۈرىمەن.)

## تەنەپپۇسلۇق سالام خەت

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم XXئاكا، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

سىزگە بۇ خەتنى يېزىشىم، بىرى، ماڭا قىلغان ياردىمىڭىزگە ناھايىتى كۆپ رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، يەنە بىرى، ماڭا بەرگەن تەسىرىڭىز ھەم سىزنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىپ يەتكەنلىكىمنى سىزگە بىلدۈرۈپ قويۇش.

XXئاكا، مەن سىز بىلەن تونۇشقاندا، ناھايىتى خۇش بولغانىدىم. چۈنكى شۇ چاغدا ھايات، تۇرمۇش توغرىسىدىكى سۆزلىگەن سۆزلىرىڭىز مېنى ناھايىتى قايىل قىلغانىدى. كېيىن نېمە بولدى؟ مەكتەپنىڭ ئوقۇش

* ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم * * جەريان قىسقارتىلدى * * * ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم.

پۇلنى تولىيەلمەسلىكىم، سىزنىڭ ماڭا بەرگەن ياردەملىرىڭىز ۋە مېنىڭ بۇ ياردەمنى قايتۇرۇش جەريانىم بىلەن ھەممىسى ئۆزگەردى. يەنى سىز ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىز. مەن سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بەكمۇ ئوبدان تونۇپ يەتتىم. ئەسلىدە سىز مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئالاھىدە، ئۇنچە ياخشى ئادەم ئەمەسكەنسىز.

راست، سىز ماڭا ناھايىتى ياخشى ياردەم قىلدىڭىز، لېكىن ماڭا ياردەم قىلىش مەقسىتىڭىز شۇنىڭ ئۈچۈنمىدى؟ سىز مېنى قانداق چۈشىنىپ قالدىڭىز؟ كىملەرگە ئوخشىتىپ قالدىڭىز؟ ياكى مېنى بىر سەھرالىق، نېمە دېسەم ئىشىنىدۇ، نېمە دېسەم «ھەئە» دەيدۇ، دەپ قالغانمىدىڭىز؟ ۋە ياكى مېنى پۇل بەرسەملا كەينىدىن ماڭىدۇ، دەپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ ئۆزىڭىزچە مېنى ماڭا بەرگەن قەرز پۇلىڭىز ئۈچۈن سىز بىلەن سىز ئويلىغان مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، دەپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ سىزگە دەپ قوياي، ھېلىغۇ بەرگەن پۇلىڭىز XX يۈەن ئىكەن، سىز ماڭا 400 مىڭ يۈەن پۇل بەرگەن تەقدىردىمۇ مەن ھەرگىز سىز دېگەن ئىشنى قىلمايمەن. نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلگىڭىز بارمۇ؟ بوپتۇ، مەن دەپ بېرەي:

چۈنكى سىزدە پەقەتلا ۋىجدان، غورۇر، ئەخلاق، پەزىلەت قاتارلىق ئادەمنى ھايۋاندىن، ئادەمنى ئادەمدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ تونى (يېپىنچىسى) بار بولغىنى بىلەن، مەندە بار بولغىنى شۇلارنىڭ دەل ئۆزى. سىزگىمۇ ئايان، تۆمۈرگە ئالتۇن بىلەن ھەل بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ھامان تۆمۈر، ئالتۇن بولالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەم ئۆزىنى ھەر قانچە پەردازلاپ كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىكى نۇقسانلىرى ھامان چاندۇ. تەبىئىيلىك ھامان سۈنئىيلىكتىن غالىبدۇر.

سىزدىن يەنە بىر ئىشنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ. سىز ھازىرقى مۇشۇ ھالىڭىز بىلەن ئۆمۈر يولدىشىڭىز ـ جۈپتى ھالالىڭىزغا، بالىلىرىڭىزغا بەرگەن ۋەدىلىرىڭىزگە يۈز كېلەلەمسىز؟ ياكى سىز ئۇلارغا بىرەر قېتىم ۋەدە بېرىپ باقمىغانمۇ؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن باي ياكى گاداي بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئەقەللىيسى ئادىمىيلىكىڭىز ۋە بىر دادا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئويلىنىپ بېقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن تېلېفون بەرمەڭ، مېنى ئەمدى ئىزدىمەڭ، بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىزنى تونۇمايمەن. ئىلاھىم سىزنى يەنە ئۇچرىتىپ قالماي مەڭگۈ!...

خەير، ئامان بولۇڭ.

2005 ـ يىل 28 ـ فېۋرال»

ئەدىب خانىم، بۇ ۋەقەلەردىن قانداق تەسىراتقا چۆمدىڭىز؟ بۇ يەردىكى غايىۋى كۈچ نېمە؟ بۇ توقۇلغان ھېكايىلار ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان زېمىندا ـ بىزنىڭ يۇرتىمىزدا تارقىلىۋاتقان نادىر ئەسەرلەردۇر. قاراڭ، مەدھىيىگە لايىق بۇ قىزلارنى!... ئەگەر نوشىرۋان يائوشېف بۇ نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغان بولسا، قانچىلىك خۇشال بوپكەتكەن بولاتتى ـ ھە!...

(مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما: بىز يەردە نوشىرۋان يائوشېفنىڭ بۇنىڭدىن 100 يىل مۇقەددەم ئاتۇش ئاياللىرى ھەققىدە قايىللىق بىلەن يازغان: «... بۇلارنىڭ پەقەت ئوقۇمىغان يېرىلا بار. ئەگەر ئۇلار ئوقۇغان ۋە تەربىيە كۆرگەن بولسىدى، مەملىكەتنى يالغۇز شۇ يېزا ئاياللىرىلا تەرەققىي قىلدۇرغان بولاتتى» [17] دېگەن مۇھەببەتلىك قۇرلىرىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق).

21 ـ ئەسىر ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ دۇنياغا نۇرلىنىپ چىقىدىغان دەۋرى بولىدۇ! ئېرسىيەت گېنىمىزنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغان تەۋرەنمەس ئىمان ـ ئېتىقادىمىز يىمىرىلمەيدىكەن، دۇنيادا ھېچقانداق چىرىك ئىدىيە روھىمىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ!...

2004 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «ئاياللار ئەدەبىياتى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى» ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشاۋاتقان ئايال قەلەمكەشلەر ھاياتىدىكى خاسىيەتلىك بىر كۈن بولدى. بۇ خاسىيەتلىك كۈننىڭ قازىنىنى ئويۇمچە چوقۇم ئاياللار ئۆزى تەكلىپ بېرىپ، تەشكىللىنىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن مېڭىپ مىڭبىر جاپادا ئاستى ۋە ئۇنداق ئىشلار ئانچە خىيالدا يوق مەشھۇر ئەر قەلەمدارلارنىمۇ چاقىرىپ، ئەلگە داستىخان سالدى. بۇ، نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

رەيھان قاسىم باشچىلىقىدىكى سورۇن تۈزگەن ئاياللارنىڭ رېستوران ـ ئولتۇرۇشقا خەجلەيدىغان پۇلنى مەكتەپلەردىكى يېتىم ـ يېسىر بالىلار ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى؛ 280 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل توپلاپ 500 دىن ئارتۇق بالىنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقى؛ تېخى يېقىندىلا يەنە شۇ رەيھان قاسىم تەشكىللىگەن 30 نەپەر مائارىپچى ئايالنىڭ: «... ئازساندىكى بەزى ئازغان، ئوقۇش پۇرسىتىنى قەدىرلىمەيۋاتقان ستۇدېنتلىرىمىز ئۈچۈن قانداق ياردەم قىلىمىز، دېگەن تېمىدا مۇزاكىرە ـ مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بېرىشقان» [38] لىقى؛ بەزىلەرگە پۇل تەڭرى نىسبەتتە بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە كاتتا پۇلدارلار، بايۋەچچىلەر، نامى مەملىكەت ۋە دۇنياغا تارالغان شىركەتلەرنىڭ ئاتاقلىق لىدىرلىرى، دىرېكتورلىرى لۆمۈلدەپ تۇرغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىن بىرەر مەردۇ ـ مەردانە ئەر چىقماي، كىچىككىنە «ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»نىڭ دىرېكتورى ئامىنە خانىمنىڭ «ئاقيول شېئىرىيەت مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلغانلىقى؛ يۇرتىمىزدىكى «يېڭى خۇشناۋا» رېستورانىنىڭ دىرېكتورى ئىبادەت خانىمنىڭ ئاقسۇ شەھىرى 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 50 نەپەر نامرات قىزدىن تەركىب تاپقان «باھار غۇنچىسى قىزلار سىنىپى» تەشكىللەپ، ئۇلارغا ئايلىق مېھرىنى يەتكۈزۈپ، 45 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغانلىقى؛ يەنە شۇ ئاقسۇ شەھىرى «باش باھار كەپتەر شورپىخانىسى»نىڭ خوجايىنى، ئاقسۇ شەھىرى يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاتىگۈل خانىمنىڭ قۇمباش يېزىسى مەركىزىي مەكتىپىدە «باھار غۇنچىلىرى قىزلار سىنىپى» ئېچىپ، 55 نەپەر نامرات دېھقان پەرزەنتىگە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ، 45 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغانلىقى؛ خەتنە قىلىش جەريانىدا جىنسىي ئەزاسى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلگەن توققۇز ياشلىق ئابدۇۋەلىنى كېسەللىكتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا «چېگرا رايون» مېھمانخانىسىدا سودا قىلىدىغان پەرىدە، خالىدە، رەشىدە قاتارلىق ساخاۋەتچى خانىملارنىڭ ياردەم قىلىپ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلگەنلىكى؛ ئايگۈل ياقۇپ، ھۆرىيەم مۇھەممەت... قاتارلىق ئىگىلىك تىكلەۋاتقان مىڭلىغان دېھقان

www.uyghurkitap.com

ئايالنىڭ جەسۇرانە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە يەنە مەن ئاڭلىمىغان قانچە ـ قانچە ئايال چولپانلىرىنىڭ، سىخىي ـ ھاتەملەرنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ماڭارىپ ساپاسى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەمدە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىلىۋاتقان خالىسانە ئىشلىرى... نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟!

ئەدىب خانىم، ئۆزىڭىزنى ئالساق، سىزگە مەدھىيە شېئىرلاردىن باشقا 10 ـ سېنتەبىردىكى ئاشۇ «ئەتىرگۈللەر يىغىلىشى»دا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» سىز توغرىلىق مۇنداق مۇھەببەتلىك قۇرلارنى تىزىپتۇ: «يىغىندا ئەڭ جەلپكار گۈللەرنىڭ بىرى ـ دوختۇر گۈلئايىم بولدى. بۇ خانىم ھەم ئەدەبىيات پەرۋانىسى ئىكەن... ئۇ ‹بۇغدا› دوختۇرخانىسىدىن ئالىدىغان مائاشىغا ‹دەۋران ئەدەبىيات مۇكاپاتى› تەسىس قىلىپ، ‹گۈلزار ئەدەبىيات مۇكاپاتى› تەسىس قىلغان مەرھۇم مامۇتجان داۋۇت ئاقسۇدىن باشلىغان قۇتلۇق ئىشقا ئۇلاپ چىراغ يېقىپتۇ...

ھەدەپ بېشىنى ئىختىيارسىز ئېگىدۇ كىشى. ئاياللاردىن يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىدا يېنىدىغانلارمۇ چىقىدىكەن ـ ھە!...» (39)

بۇ قۇرلارغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئادەملەر پۇل ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىغا پىچاق كۆتۈرۈۋاتقان مۇشۇنداق زاماندا ئۇنىڭ ئۈستىگە «بۇغدا» دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئەركىن ھاشىمدەك كاتتا پۇلدار ئەرلەر تۇرغان يەردە بىر تارماق دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقان سىزدەك بىر ياللانما خادىمنى ئۆز ئالدىغا «ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىپتۇ، دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟... يا دادىڭىزنىڭ زامانىسىدا كۆمۈپ قويغان ئالتۇن كومزىكىنى تېپىۋالدىڭىزمۇ؟... ياق، ياق، بۇ ھەقىقەت! «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ قانداق روھ؟!

ئىنسانىيەت قانۇنىيىتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئانىلارنىڭ بەرگەن بەدىلىنىڭ قىممىتىنى دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئۆلچىگىلى، تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئەرلەردىكى ھوقۇق، بايلىق، ئىمتىياز ۋە جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاياللاردا بولغان بولسا، تەھقىقكى، ئۇنىڭ مىللەت روھىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولغان بولاتتى. 19 ـ ئەسىردىكى فرانسۇز يازغۇچىسى ئېرنىست لېگۇۋې: «ئانا ـ زېمىندىكى تەڭرىدۇر» دېگەنىدى (40) . ئۇ زېمىننىڭ تەڭرىسى بولغانىكەن، زېمىننىڭ ھۆكۈمرانى، ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ، زېمىندىكى تەڭرى بولغانىكەن، يارىتالايدۇ، ھالاك قىلالايدۇ، بۇزالايدۇ ۋە تۈزىيەلەيدۇ!...

ئەدىب خانىم، سىز ھەم ئانا، ھەم يازغۇچى. بۇ نېمىدېگەن خاسىيەتلىك قوش نام. دۇنيادا بالا تەربىيىلىمەكتىن، لاياقەتلىك ئانا بولماقتىن ئېغىر ۋە شەرەپلىك ئىش يوق! سىز ۋە سىزگە ئوخشاش ئىجتىھاتلىق قەلەم ئىگىلىرى ئاياللار دۇنياسىدىكى ئاشۇ نۇرلۇق گۆھەرلەرنى ئەلگە تونۇتقان بولسىڭىزلار قانچىلىك ياخشى بولاتتى ـ ھە!... ئاياللارنى ئاياللار ئەڭ ياخشى چۈشىنەلەيدۇ، بىلەلەيدۇ، گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدۇ. ئاياللار ئۇن ئەرنىڭ گېپىدىن بىر ئايالنىڭ گېپىنى ئەلا بىلىدۇ. ئاياللار ھەم ئەقىللىق، ھەم زېرەك، ھەم ھىيلىگەر...

ئاياللارنىڭ مەنىۋىيەت كۈچى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. ئايال قەلەمكەشلەر ئەرلەر يېتىپ بارالمىغان سىرلىق قەلب ھالقىلىرىغا شۇڭغۇپ كىرەلەيدۇ. ئۇلار سەممىي، ھېسسىياتچان ۋە تاتلىق تىللىق. سەممىي، تاتلىق چىققان ئەسەرلەر بولسا خەلققە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاياللار قەھرىمانلىقنىڭ يادروسى ئېپپەت ـ نومۇسنى قوغداش يولىدىكى قەھرىمانلىقتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممە بايلىقى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئادىمىيلىكى، ۋىجدانى ئېپپەت ـ نومۇسىغا جەملەنگەن!... تارىختىكى مىللىي قەھرىمانلىرىمىز نازۇكۇم، گۈلەمخان، مايىمخان...لار شۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇلار ھەققىدە توم ـ توم ئەسەر يېزىلدى. يۇرتىڭىزدىن چىققان ئېپپەت ـ نومۇسنى قوغداش پىداكارى، ھازىرقى خانىم ـ قىزلىرىمىزغا ئۈلگە بولارلىق ئەخلاق ئىگىسى قەلبىنۇر ئاشۇ قەھرىمانلىرىمىزدىن قېلىشامدۇ؟ ئۇرۇشتا قەھرىمان بولۇش ئوڭاي، ئەمما تىنچ شارائىتتا، يەنە كېلىپ ھازىرقىدەك ئەخلاق بۇلغىنىپ، ئېپپەت ـ نومۇس دەپسەندە قىلىنىۋاتسا ھار ئالمايدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆز نومۇسىنى قوغداش يولىدا جېنىدىن كەچمەك ئوڭايمۇ؟! ئەجەبا، شۇنداق بىر قەھرىمان قىز تا ھازىرغا قەدەر بىرەر قەلەمكەشنىڭ ماھارەتلىك قەلىمىدە چاقنىمىدى. ئەسلى ئۇنى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ ئىشلەپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىغا كۆرسىتىش، ئۈلگە قىلىش لازىم ئىدى!...

يېنىڭىزدا ئەنە شۇنداق باتۇر قىزىڭىز تۇرۇپتۇ. يېزىڭ! ئاقسۇ دىيارىنىڭ بۇ قەھرىمان نومۇس قۇربانى پۈتكۈل ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ روھىنى تىترەتسۇن، ئەلنىڭ ئاقسۇ خوتۇن ـ قىزلىرىغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەت تۇيغۇسى ئاشسۇن، يىگىتلەر ئاقسۇ قىزلىرىنى ئارزۇلاپ، ۋىسال ئىشقىدا ئۆرتەنسۇن!...

ئەدىب خانىم، بۇ خېتىمنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى كۆپ ئويلاندىم. مەن مۇتەپەككۇر ئەمەس، پۈتكۈل خېتىمنىڭ مەزمۇنىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن دانىشمەنلەرچە ئىخچاملاپ ـ مېغىزلاپ بېرىشكە چامىم كەلمەيدۇ. پەقەت سىز ۋە سىز ئارقىلىق مېھرىبان ئانىلىرىمىزغا، سۆيۈملۈك خوتۇن ـ قىزلىرىمىزغا ياۋروپالىق ئىككى دانىشمەننىڭ يۈز يىللار مابەينىدە ھايات دېگىزىدا ماياك بوپكەلگەن ئىككى كەلىمىسىنى كۆڭۈل سوۋغىسى قىلىمەن.

«سەن ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى قۇتقۇزغۇچى» (41) .

«مۇشۇ ھاياتىمىزدا ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك ئەڭ قىيىن دەرسلەردىن بىرى ـ ئېھتىمال نۇرغۇن كىشى ئۆگىنىۋالالمىغان دەرستۇر. يەنى ئۇ ئادەتتىكى ئىشلاردا، قولىمىزغا يېقىن يەردە تەڭرىنى، جەننەتنى، چىنلىقنى ـ پاكلىقنى كۆرەلمەسلىك، جەننەتنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىمىزدا ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەسلىكتىن ئىبارەت» (42) .

ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگىم كېلىدۇ: 21 ـ ئەسىر بۈگۈنكى دۇنياغا خاس ئويغىنىۋاتقان ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ دۇنياغا نۇرلىنىپ چىقىدىغان دەۋرى بولىدۇ. «كېلەچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» (43) .

ئابلەت ئابدۇللا

2005 ـ يىل 30 ـ نويابىر، شەھىرى غۇلجا

www.uyghurkitap.com

## ستاتا مەنبەلىرى


① «قۇرئان كەرىم»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

② ئەنۋەر مەتسەئىدىي: «ئالتۇن دەۋردىن سۇلياۋ دەۋرگىچە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 3 ـ سان (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).

③ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن: «ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 3 ـ سان (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).

④ «ھوۋەيدا غەزەللىرى»: 1948 ـ يىل قازان باسمىسى، 33 ـ بەت.

⑤ «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە ھود» 116 ـ ئايەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 235 ـ بەت.

⑥ ئەسەد سۇلايمان: «بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پسىخىك دىئاگنوز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما) سان 159 ـ بەت.

⑦ گۈلنار تېيىپ: «ئاياللار قايان ـ تەقدىرىڭ قايان»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2005 ـ يىل 13 ـ ئىيۇل سانى.

⑧ ، ⑨ ئەسەد سۇلايمان: «بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پسىخىك دىئاگنوز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما) سان 157 ـ بەت.

⑩ ۋىل ۋورونتسوف: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى 191 ـ بەت.

⑪ چوقان ۋەلىخانوف: «قەشقەرگە سەپەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 2 ـ سان 12 ـ بەت.

⑫ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «نۇرلۇق ساھىللار»، ئالماتا «جازۇشى» نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، «بىزنىڭ تۇرمۇش» 21 ـ بەت؛ «مىراس» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 2 ـ سان 54 ـ بەت (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).

⑬ نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 2 ـ سان 5 ـ ، 6 ـ بەتلەر.

⑭ ۋىل ۋورونتسوف: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى 193 ـ بەت.

⑮ نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 1 ـ سان 53 ـ ، 54 ـ بەتلەر؛ 2 ـ سان 4 ـ ، 7 ـ بەتلەر.

⑯ بۇ كومېدىيە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ سانلىرىغا بېسىلغان.

⑰ «سوۋغات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى 68 ـ بەت.

⑱ ۋىل ۋورونتسوف: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى 624 ـ بەت.

⑲ نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 1 ـ سان 54 ـ بەت.

⑳ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى 174 ـ بەت.

㉑ ، ㉒ «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» 2005 ـ يىل 18 ـ ئۆكتەبىر سانى 1 ـ ، 2 ـ بەتلەر.

㉓ ئەسەد سۇلايمان: «بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پسىخىك دىئاگنوز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما) سان 157 ـ بەت

㉔ «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە رەئد» 11 ـ ئايەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 251 ـ بەت.

㉕ ، ㉖ يالقۇن روزى: «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟»، «سوۋغات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى، 219 ـ ، 227 ـ بەتلەر.

㉗ نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 2 ـ سان 11 ـ بەت.

㉘ يالقۇن روزى: «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟»، «سوۋغات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى 12 ـ بەت.

㉙ نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 2 ـ سان 11 ـ بەت

㉚ ، ㉛ ۋىل ۋورونتسوف: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى 567 ـ ، 569 ـ بەتلەر.

㉜ «قۇرئان كەرىم»، «نىسا سۈرىسى» 4 ـ ئايەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 78 ـ بەت.

㉝ ئۆمەر سەيفىددىن: «ئاق لالە»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 2 ـ سان 1 ـ بەت.

㉞ ئايجامال ئەختەم: «نومۇسنىڭ كۆچى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» 2005 ـ يىل 10 ـ ماي سانى 1 ـ بەت.

㉟ «ئىپپىتىنى ساقلاش ئۈچۈن...»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2005 ـ يىل 12 ـ ئاۋغۇست سانى.

㊱ «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» 2005 ـ يىل 12 ـ ئاۋغۇست سانى.

㊲ نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 3 ـ سان 49 ـ بەت.

㊳ مەريەم ئابدۇرەھمان: «ئۇلار مىللىتىنىڭ ئانىلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2005 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل سانى.

㊴ سەلىمە. ئا. كامال: «ئەتىرگۈللەر يىغلىشى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2004 ـ يىل 17 ـ نويابىر سانى.

㊵ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 1 ـ سان 27 ـ بەت.

㊶ سامۇئېل سمايلىس: « تەقدىر ئۆزىنى قوتقۇزغانلارغا مەدەتكار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 4 ـ سان 56 ـ بەت.

㊷ «ھايات ھەقىقەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 1 ـ سان 73 ـ بەت.

㊸ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىل 2 ـ سان 3 ـ بەت.



# تۈزۈتمەك، ھوقۇق سىزنىڭ ئەمەس!

بۇگۈنكى ۋە ئەتىكى ئەمەلدارلارغا بېغىشلايمەن

**مۇھەممەت چاۋار**

## ئاۋۋال ئۆگىنىپ، كېيىن ئىشلەڭ

سىز بۇگۈندىن باشلاپ مۇشۇ ئورۇننىڭ باشلىقى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىشىڭىز ئۆگىنىشتۇر.

سىز ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنىڭىزدا ئۆزىڭىز ئاللىقاچان ھازىرلىغان كۆپلىگەن ئىلىم ـ پەن ۋە تۇرمۇش بىلىمگە تايىنىپ، خىزمەت ئورنىڭىزدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز بىلەن سەپداشلىرىڭىزنى، باشلىقلىرىڭىزنى ۋە پۇقرالىرىڭىزنى قايىل قىلغانسىز. ئەمما بۇگۈندىن تارتىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ھايات سەپىرىڭىز مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ تامامەن ئۆزگىچە مۇھىتقا كۆچتى. سىز ئۇچرىتىۋاتقان ھەر بىر شەيئى ۋە ھادىسە سىزگە نىسبەتەن يېڭى سىناق، يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى مەسىلىدۇر. بۇ يەردە سىز بىلمەيدىغان ۋە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپ. ئېيتايلۇق، سىزنىڭ مەسئۇللىقىڭىزدىكى ئىشنىڭ ۋەزىپىسى، نىشانى، كۆرسەتكۈچلىرى، ئۆلچەملىرى، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ جۇغلانمىسى، قۇرۇلمىسى، ئۆزگىرىش ھالىتى، ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ئىمكانىيىتى، كىشىلەرنىڭ پىسخىكى، ئېستېتىك قىزىقىشلىرى، كەسپىي قىزغىنلىقى، ھەربىر كىشىنىڭ كونكرېت خىزمەت ئورنىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە نەتىجىسى ... ئىشقىلىپ، ھەممىنى قايتىدىن ئۆگەنمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۆگىنىش ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئەڭ ياخشى كاپالىتى.

ئۆگىنىشنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئۆگىنىش ئوبيېكتلىرىنىڭ قاتلىمى ئىنتايىن مۇرەككەپ. قايسىلىرىنى ئاۋۋال، قايسىلىرىنى كېيىن ئۆگىنىسىز، ئەلۋەتتە بۇ ئېھتىياجىڭىز ۋە ئىختىيارلىقىڭىزدىكى ئىش. ئېھتىياج ھەممىنى بەلگىلەيدۇ.

شۇ نەرسە ئايانكى، ئالدى بىلەن سىز باشلىق، كونكرېت مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان كەسپىي خادىم ئەمەس. ئۇنداقتا، مۇتەخەسسىس بولۇشىڭىز شەرت ئەمەس. لېكىن مۇتەخەسسىسلىك مەنسەپكە زىت ئەمەس. ئەگەر ئۆز ئورنىڭىزدا مۇتەخەسسىسلىك دەرىجىسىگە

رەھبەرلىك سەنئىتى

يەتسىڭىز، ئۇ هالدا ئىشلىرىڭىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. ئەكسىچە، مەن باشلىق دەپ قاراپ، ئۆزىڭىز باشقۇرۇۋاتقان كەسىپنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلمىسىڭىز، ئۇ هالدا قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلماي ئامالىڭىز يوق. نەتىجىدە، يا ئىشىڭىز روياپقا چىقمايدۇ ياكى كۆڭلىڭىز ئارام تاپمايدۇ. سەپداشلىرىڭىز ئارىسىدا هۆرمىتىڭىزمۇ كەم بولىدۇ. كونىلاردىكى: «بىلگەننىڭ يۈزى يورۇق، بىلمىگەننىڭ يۈزى چورۇق» دېگەن سۆز تولىمۇ پاساهەتلىك يەكۈندۇر.

ئۆگىنىش هەققىدە تارىخىي مىساللار بەكمۇ كۆپ. بۈگۈنكى زاماندا كۈچلۈكلەر توغرىسىدىكى تەبىرنىڭ ماهىيىتى ئۆزگەردى. بىلىم ـ كۈچنىڭ ئاساسى. لېكىن ئۇ مۇكەممەل مەنىدىكى كۈچنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس. بىلىم بىلەن هوقۇق ـ كۈچنىڭ ئىككى قانىتىدۇر. پەقەت ئىككى قانات تەڭ هەرىكەتلەنگەندىلا، ئاندىن هوقۇق پائالىيىتىدىكى هەقىقىي كۈچ شەكىللىنىدۇ. كۈچلۈك ـ قابىلىيەتلىك باشلىق بولاي دېسىڭىز، ئۆگىنىڭ، مۇمكىن بولسا جىقراق نەرسىنى ئۆگىنىڭ، ئۇنىڭ سىزگە هەرگىز زىيىنى تەگمەيدۇ.

**ئەستە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، بىلىم بىلەن هوقۇقنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن كۈچ يا ئادالەت بىلەن دۇنيانى گۈللەندۈرىدۇ، يا زوراۋانلىق بىلەن هەممىنى هالاك قىلىدۇ.**

## ئۇنۇتماڭ، هوقۇق سىزنىڭ ئەمەس!

يېڭى مەنسەپكە تەيىنلىنىشىڭىز بىلەن، ئۆزىڭىز ۋە هوقۇقىڭىزدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئەمدى سىز بۇيرۇق چۈشۈرەلەيسىز، ئىش تاپشۇرۇپ، جاۋاب ئالالايسىز، دوكلاتلارغا تەستىق سالسىڭىز ئىجرا قىلىدىغان ۋە سورۇشتە قىلىدىغانلار ئىختىيارسىز تېپىرلاپ كېتىدۇ. سالام بېرىدىغانلار ۋە هاجەتمەنلەرنىڭ كۆپىيىشىدە گەپ يوق. لېكىن شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز هەممىگە قادىر ئەمەس. بۈگۈنكى زامان هوقۇق چەمبىرىكى روشەن قاتلام قۇرۇلمىسىغا ئىگە، سىز پەقەت شۇ قاتلامدىكى بىر چەمبەرگە مەنسۇپ. گەرچە بۇ چەمبەر ئۆز سىرتىدىكى يەنە بىر چەمبەرگە زىچ باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىڭىز تەۋە بولغان چەمبەر سىرتىدا هەرىكەت قىلالمايسىز. مۇبادا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن هەرىكەت قىلسىڭىز، ئۇ هالدا سىز دەرهال ئۆزىڭىز تەۋە بولغان چەمبىرەك ۋە ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدىكى چەمبەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايسىز.

سىز مەنسەپ ۋە هوقۇققا ئىگە، ئەمما هەممىنى بەلگىلەش هوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. شۇنىسى تېخىمۇ روشەنكى، سىز هوقۇقنىڭ ۋەكىلى، هەرگىزمۇ هوقۇقنىڭ ئۆزى ئەمەس. سىز يۈرگۈزۈۋاتقان هوقۇق ماهىيەتتە دۆلەتكە، خەلققە مەنسۇپ. سىز هاكىمىيەت ئالدىدا، خەلق ئالدىدا جاۋابكار. خەلق هەرگىز سىزگە جاۋابكار ئەمەس. دۇنيادىكى باشقا شەيئى ۋە هادىسىلەرگە ئوخشاشلا هوقۇقمۇ قائىدە ـ تەرتىپكە ئىگە. ئەگەر سىز ياخشى مەنسەپدار بولىمەن دېسىڭىز، سىزگە بېرىلگەن هوقۇقنىڭ قائىدە ـ تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشىڭىز زۆرۈر. هوقۇقتا هەرگىزمۇ باشباشتاقلىق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماڭ، هاكىمىيەتكە زىيان سالماڭ، خەلققە دۈشمەنلىك قىلماڭ. مۇناسىپ مەنسەپدار كۆڭۈلچەك، ئېرىنچەك، زېرىكـ

كەك، تېرىككەك بولماس. پەم ـ پاراسەتلىك بولۇڭ. گەرچە مەنسەپدار ئاتالسىڭىزمۇ، ئەگەر قىلدەك بىخەستىلىك قىلسىڭىز، بىر كېچىدىلا ئەيىبكارغا ئايلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئىشتا ئادىل ـ ئادالەتكە سەللا چېقىلسىڭىز، شۇ هامان شىكايەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭىز تۇرغان گەپ. ناهايىتى روشەنكى، **هوقۇق خۇسۇسىي مۈلكىڭىز ئەمەس بەلكى سىزگە بېرىلگەن بىر خىل مەسئۇلىيەت. شۇڭا، ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىڭىزلا باركى، ئەكسىچە هوقۇقتىن پايدىلىنىدىغان قىلىچىلىك خۇسۇسىي ئىمتىيازىڭىز يوق.**

## ۋاقىت هەممە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر

دۇنيادا هەممە نەرسە ۋاقىت ئىچىدە هەرىكەتلىنىدۇ. ۋاقىت هەممىگە باراۋەر. ئىشلىرىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەنسىز، ئوخشاشلا ۋاقىتتىن ئايرىلالمايسىز. مەقسىتىڭىزگە يېتىش ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىڭىزنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

ئادەتتە، مۇئەييەن بىر باشقۇرغۇچىنىڭ 80% ۋاقتى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، پەقەت 20% ۋاقتىلا ئۇنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق. سىزنىڭ ۋاقتىڭىزمۇ بۇنىڭدىن قىلچە مۇستەسنا ئەمەس. كۈندىلىك خىزمىتىڭىزدە تۈرلۈك يىغىن ـ پائالىيەتكە قاتناشمىسىڭىز بولمايدۇ؛ رەهبىرىي ئورگانلارنىڭ، باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ يىغىن، هۆججەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلمىسىڭىز تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى پىلان، لايىهە، چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە هەم ئۇنى يولغا قويۇشقا، تەكشۈرۈشكە، يەكۈنلەشكە، يۇقىرى ئورگانغا جاۋاب قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر هەممە ۋاقتىڭىزنى ئەنە شۇ ئالدىراش ئىشلارغا بەند قىلىۋېتىپ، ئۆز خىزمەت دائىرىڭىزدە ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق كونكرېت پىلان ـ لايىهەلەرنى تۈزۈپ يولغا قويمىسىڭىز، ئاخىرىدا ئۆزىڭىزنىڭ خاسلىقىنى يوقاتقان بولىسىز. ئەمەلىيەتتە، هېلىقى سىز كۆپلىگەن ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن بىجا كەلتۈرگەن ئىشلارنىڭ هەممىسى يۇقىرى ئورگاننىڭ تۆهپىسىگە تەئەللۇق بولىدۇ. ئاخىرىدا كېلىپ، «سەن نېمىلەرنى قىلدىڭ» دېگەنگە جاۋاب تاپالمايسىز. شۇڭا، 80% ۋاقىتقا قانداق كۆڭۈل بۆلگەن بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ 20% ۋاقتىنىمۇ شۇنچىلىك قەدىرلىشىڭىز كېرەك.

ۋاقىت باشقۇرۇشتا ئەڭ ياخشى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ۋاقىتنىڭ ABC ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىڭىزنى تۈزۈپ چىقىڭ، ئۇنىڭدا 80% مۇ هەم 20% مۇ ئېنىق بولسۇن، ئاندىن ئۇنى ئىشخانىڭىزنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە قويۇپ قويۇڭ. ئۇ، كۈندىلىك مەشغۇلاتىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى مەسلىهەتچىڭىز بولالايدۇ.

**ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت. ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايا قىلىۋاتقان ئادەم گويا ئۇن ـ تىنسىز ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان ئادەمگە ئوخشاشتۇر.**

## ئازغىنە سەۋەنلىك ئۈچۈن پۇقرالىرىڭىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭ، ئۇ سىزنىڭ «يامان» لىقىڭىزنى ئۆمۈربويى كۆڭلىدە ساقلايدۇ

نورمال خىزمەت داۋامىدا كىشىلەر سەۋەنلىكتىن ساقلىنالمايدۇ، ئىشنىڭ كېتىپ بېرىش جەريانىدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق سەۋەنلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى نورمال ئىش. سەۋەنلىك ئادەتتە جانلىق ئادەمنىڭ خىزمەت مۇھىتىدا يۈز بېرىدۇ. خىزمەت قىلمىغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمدە ھېچقانداق سەۋەنلىك بولمايدۇ. سەۋەنلىكنىڭ يۈز بېرىشى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىلغا باغلىق. بەلكىم سىزمۇ بۇ سەۋەنلىكنىڭ قانداقتۇر بىر جەھەتتىكى شېرىكىدۇرسىز. ئىنچىكە ئويلىغىنىڭىزدا، سىزنىڭ تەلىپىڭىز ياكى ئىش تاپشۇرغان ئۇسۇلىڭىزنىڭ قايسىدۇر بىر ھالقىسىدا «چىگىت چاقىدىغان» بوشلۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەنە شۇ «بوشلۇق» ئېھتىمال بۇ سەۋەنلىكنىڭ سەۋەبچىسىدۇر. ھەر قانداق بىر خىل ئىش چەكسىزلىك بىلەن چەكلىكلىكنىڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت. ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى ھامان چەكلىك، شەيئىلەرنىڭ زىددىيەت ئۆزگىرىشلىرى چەكسىز. سەۋەنلىك چەكلىكلىك بىلەن چەكسىزلىكنىڭ توقۇنۇشىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنداقتا، سىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىگە ياردەملىشىپ سەۋەنلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ، تۈزىتىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تاپقىنىڭىزدا، ئىشىنىڭكى، سىز شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى «قەدىردان»، «مېھرىبان» ئادەمگە ئايلىنىسىز. ئەگەر سەۋەنلىك ئالدىدا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىنى ئەيىبلەپ، «باشلىق»لىق ھەيۋىڭىزنى كۆرسەتسىڭىز ياكى، ھەتتا يامان سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسىڭىز، شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ ئۆزىڭىزگە قارشى ئۆمۈرلۈك بىر «ئاداۋەتخور»نى تەربىيىلەۋاتقانلىقىڭىزدىن قىلچە شۈبھىلەنمەڭ.

**سەۋەنلىك ـ بىر خىل ئوڭۇشسىزلىق. ئۇ ھامان تەرەققىيات داۋامىدا يۈز بېرىدۇ. ئەگەر سىز دانا تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقالىسىڭىز ھەم خىزمەتدىشىڭىزنى تولۇق قايىل قىلالىسىڭىز، ئىشىنىڭكى، بۈگۈنكى سەۋەنلىك چوقۇم ئەتىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باشلىنىشى بوپقالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆزىڭىزگە مەڭگۈ سادىق بىر ھەمراھ، دوست تاپقان بولىسىز.**

## ئۆز مەزھىپىڭىزنى دەپ قول ئاستىڭىزدىكى قايسىدۇر بىر ئادەمنى يامان كۆرۈپ، چەتكە قاقماڭ. كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال، ئۇ ئەتىلا سىزنىڭ باشلىقىڭىزغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن

ئادەمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى بىلەن ئەقلىي تۇيغۇسى ھامان ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز ئادەتتە تەبىئىي ئادەم، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئادەم. تۇرمۇش ۋە خىزمىتىڭىزدىكى نۇرغۇن چېگىش ئىشنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئەلۋەتتە ئۆز ھېسسىياتىڭىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايسىز. كىشىلەر مۇناسىۋىتىدە سىزنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغىنىڭىز ۋە يامان كۆرىدىغىنىڭىز بولىدۇ. قايسىدۇر بىراۋ بىلەن يېقىن ئۆتسىڭىز، قايسىدۇر بىراۋ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزدە ئاز ـ تولا ئارىلىق ساقلايسىز. ھەتتا «يېقىن»لىرىڭىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە «تونۇشتۇرۇشى»، «دوكلاتى» ئارقىلىق قايسىدۇر بىراۋغا ئۆچ بوپقېلىشىڭىز تۇرغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇ «مىخ»نى يۇلۇپ تاشلاشنىڭ كويىدا بوپقېلىشىڭىز مۇمكىن. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالىسىڭىز (ئەلۋەتتە بۇ بىر خىل مۇشكۈل روھىي كۈرەش) پاراسەتلىك ئىش قىلغان بولىسىز. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، قول ئاستىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئادەتتە سىزگە ئۇدۇللا مۇئامىلە قىلىدىغان، «ئادەمگەرچىلىك»نى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان كىشىلەر، بەلكىم بىلىم، مەلۇمات، تېخنىكا، ماھارەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك، «ئۆزلۈك تۇيغۇسى كۈچلۈك»، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مۇستەقىل ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئادەملەر خۇشامەتچىلىكنى ئانچە ئۇقۇپ كەتمەيدۇ. ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن كىبىرى ئۈستۈن بولىدۇ. باشقىلار تەرىپىدىن دائىم ھاكاۋۇر دەپ ئەيىبلىنىدۇ. ئەكسىچە، ھەر كۈنى ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدىغان، ئۇششاق خەۋەر، دوكلاتلارنى ئايانماي سىزگە يوللاپ تۇرىدىغان بىر قىسىم كىشى بولسا ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر يېڭىلىق ئۆگەنمەيدىغان، قانداقتۇر بىر چاغلاردىكى «تۆھپە»لىرىنى كۈندە نەچچە قېتىم تەكرارلاپ يۈرىدىغان، سىزنى توختىماي «مېھمان»غا چىللاپ تۇرىدىغان ئادەملەر بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئۆزگىچە ئىقتىدارى ۋە ماھارىتى بولمايدۇ. ئەگەر ئىقتىدارى بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئۇ، ئەڭ لاياقەتلىك خۇسۇسىي مۇلازىمەتچىڭىز بولالايدۇ. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، قول ئاستىڭىزدىكى ئادەملەر شۈبھىسىز ھالدا «دانا»لار ۋە «كالۋا»لاردىن تەركىب تاپقان. سىز شۇ يەردە «دانا»نىڭمۇ، «ئۆز ـ چىرايلىق»نىڭمۇ، «كالۋا ـ كالامپاي»نىڭمۇ باشلىقى، ھەرگىزمۇ بىر تەرەپتىكى «مەزھەپ»، «تائىپە»نىڭ ۋەكىلى ئەمەس. سىزگە ھەممىسى ئوخشاش، ھەممىنىڭ مەسئۇلىيىتى سىزدە. لېكىن كونكرېت ئىشتا ھامان دانالارنى ئىشقا قويۇشقا، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى بۇ مۇۋەپپەقىيەت جۇغلانمىڭىزنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىزگە ئانچە «يېقىنچىلىق» قىلىپ كەتمەيدىغان ھېلىقى «بىلەرمەن»لەرنى چەتكە قاقماڭ، قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى جەمئىيەت ھامان ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىدارى، تۆھپىسى ئەل ـ جامائەتكە ئايان. گەرچە سىز ئانچە ئېتىراپ قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ، خەلق ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئادىللىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك تارازىسىدۇر. كىم بىلىدۇ، سىز يامانلاپ، چەتكە قاققان ھېلىقى ئادەم ئېھتىمال ئەتىلا سىزنىڭ باشلىقىڭىزغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

**پۇرسەت ھەممە ئادەمگە باراۋەردۇر.**

## خەت ـ چەكلەرگە تەستىق سالغىنىڭىزدا مەزمۇن ۋە ئىنشاغا ئوخشاش كۆڭۈل قويۇڭ

باشلىق بولغانىكەنسىز، كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىز دائىم دېگۈدەك خەت ـ چەكلەر ئىچىدە ئۆتىدۇ، ھۆججەتسىز مەنسەپ بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

سىزگە تەئەللۇق ئىشلارغا ئائىت ھۆججەتلەرگە ئەلۋەتتە ئۆزىڭىز مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەستىق ـ پېكىر يېزىشىڭىز كېرەك. ئادەتتە تەستىق بىر باشلىقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىرادىسى، پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنىڭ مېتود ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىنتايىن كونكرېت ئىپادىسىدۇر. ئەگەر سىزگە مۇراجىئەت قىلىۋاتقان خەت ـ چەكلەرگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىسىڭىز، ئۇ ھالدا بۇ شۈبھىسىز مەسئۇلىيەتسىز ئەمەلدار ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ.

خەت ـ چەكلەرگە يازىدىغان تەستىق ـ پېكرىڭىزنى ئەتراپلىق ئويلىنىڭ، پىشمىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، ھەتتا ئىجرا قىلىش داۋامىدا كۆتۈلمىگەن زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق سۆز ـ ئىبارىنى يازسىڭىز بولمايدۇ. سىزنىڭ تەستىقىڭىز يالغۇز مەلۇم بىر ئادەمگە، مەلۇم بىر ئىشقىلا چېتىشلىق ئەمەس. ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ئىنچكە «تۆشۈك»تىن ھالقىپ، سىياسىيونلارنىڭ «كېسمى»، ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ «دەلىلى»، تېخنىكلارنىڭ باھالىشى، كاتىپلارنىڭ «كلون»لىشىدىن ئۆتىدۇ. مەرتىۋىلىك كىشىلەرمۇ، «چۈپەي» ئادەملەرمۇ كۆرىدۇ. شۇڭا خەت ـ چەكلەرگە تەستىق يېزىش ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس. تەستىقىڭىزدا چوقۇم ھوقۇقىڭىزنى، مەسئۇلىيىتىڭىزنى، ئىرادىڭىزنى ئەكس ئەتتۈرۈشىڭىز كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەستىقنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئەھمىيەت بېرىڭ. يوللانمىلارنىڭ ئۈستىگە ھەدەپ پىل خارتومىدەك ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا كەتكەن قارا خەتلەرنى يازماڭ. بۇ، مەنسەپدارلاردىكى بىر تۈرلۈك ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنسىتمەسلىك كەيپىياتى بولۇپ، ئىجرا قىلغۇچىغا يامان تەسىر بېرىدۇ. ئىنشانى توغرا ۋە چىرايلىق يېزىشقا ئادەتلىنىڭ. خېتىڭىزنىڭ سەتلىكى ئوبرازىڭىزنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۇقرالىرىڭىزغا شۇنچە كۆپ تەلەپنى قويغان تۇرۇقلۇق، ئۆز ئىنشايىڭىزنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزەلمىسىڭىز، تەبىئىيكى، جامائەت ئىچىدە كۈلكىگە قالىسىز.

**ئەقىللىق ئادەم ئۆز ھېكمىتىگە ئۆزى خىلاپلىق قىلمايدۇ.**

## قىسقا ـ ئىخچام سۆزلەڭ، «ئارتۇق گەپ ئىشەككە يۈك»، قۇرۇق گەپ ئىناۋىتىڭىزنى تۆكىدۇ

تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە قىسقا ـ ئىخچام سۆزلەشكە ئادەتلىنىڭ. قۇرۇق ـ ئەزمە گەپ ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ، لېكىن جانغا ئەسقاتىدىغان ھېكمەتلىك تۇتىيانى ئالتۇن ـ تىللاغا سېتىۋېلىشمۇ قىيىن.

قەدىمدىن تارتىپ «قۇتادغۇبىلىك»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «قابۇسنامە» ۋە «گۈلىستان»غا ئوخشاش دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئاز ـ ساز سۆزلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئېغىزنى غارغا، سۆزنى يولۋاسقا تەققاسلايدۇ. ئېھتىياتسىزلىق بىلەن ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن بىر جۈملە سۆز سىزنى ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قويىدۇ. كونىلاردىكى «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» دېگەن ئەقلىيىنىڭ ھېكمىتى دەل مۇشۇ يەردە.

ئايانكى، خېلى كۆپ ساندىكى ئەمەلدار قانداقتۇر بىر جامائەت يىغىلىشىدا سۆزلىمەكچى بولسا يىغىننىڭ ۋاقتى ۋە مەزمۇنى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماستىن، كاتىپىغا: «ماڭا ئىككى سائەتلىك ياكى ئۈچ سائەتلىك سۆز تەييارلاپ چىقىڭ، ×× باشلىقنىڭ سۆزىدىن، ×× گېزىتنىڭ ×× ماقالىسىدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ» دەپ تاپىلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ سۆزى يا يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقنىڭ سۆزىنىڭ يەر ـ ماكان نامىلىرى بىلەن سان ـ سىپىرلارنىڭ «كىرىشتۈرمە»سىدىن قايتا «ياساپ» چىقىرىلغان نۇسخىسى بولىدۇ ياكى ئەمەلىي «جاراھەت»بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئۇنۇمسىز «رېتسېپ»، قۇرۇق بىلجىرلاش بولۇپ چىقىدۇ. مۇبادا، بۇنداق تۇترۇقسىز يېزىلغان سۆز چوڭ يىغىندا سۆزلەنسە، تەبىئىي يوسۇندا كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. ھېچقانداق ئىشقا پايدىسى تەگمەيدۇ. ماھىيەتتە بۇ بىلىمسىزلىكىڭىزنى، ۋاقىتقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئىسراپخور ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، تۆۋەندە ئولتۇرۇپ سۆزىڭىزنى ئاڭلاۋاتقان كىشىلەر ئۇنچىۋالا دۆت، پەرۋاسىز ئادەملەرمۇ ئەمەس. سىز تاش سانىسىڭىز، باشقىلار قۇم سانايدۇ. سىز سۆزلەۋاتقاندا بىر قىسىم «سەزگۈر» كىشى ھەر بىر ئېغىز سۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت «دانا»لىق بىلەن باھالاپ ئولتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جامائەتنىڭ ئارىسىدا سىزدىن ئەقىللىق، سىزدىن بىلىملىك ئادەملەر نۇرغۇن. كۈلكىگە قالماي دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەڭ. سۆزىڭىز قىسقا ـ ئىخچام بولسۇن. سۆز دېگەن ھەرگىزمۇ جىڭلاپ، مېترلاپ ياكى سائەت بويىچە ئۆلچەپ قىلىدىغان نەرسە ئەمەس. سۆز قىلىشتىن مەقسەت مەۋجۇد چىگىش مەسىلىنى ھەل قىلىشتۇر. ئەگەر سۆزىڭىز ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمىسە، «چىگىش» تۈگۈننى يېشىشكە ياردەم قىلالمىسا، ئەلۋەتتە، ئېتىبارسىز «قۇرۇق گەپ» ھېسابلىنىدۇ ـ دە.

سۆز ـ ئادەملەرنىڭ تاشقى سۈرىتى، ئۇنىڭ سىيماسىغا قاراپ سۆزلىگۈچىنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنيا بايلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. قىسقا ـ ئىخچام سۆز ئادەمنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ. قۇرۇق ـ ئەزمە گەپ ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ ياكى نابۇت قىلىدۇ. ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دۇنيادا قىممەتلىك نەرسىنىڭ سانى ئاز، ۋەزنى ئېغىر، قىممىتى تۆۋەن نەرسىنىڭ سانى كۆپ، ۋەزنى يېنىك بولىدۇ.

## ساھىبجامالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئېھتىياتچان بولۇڭ

ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىرگە خىزمەت قىلىشى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئادەتتە ئاياللار ئەرلەر ئورۇنداش قىيىن بولغان نۇرغۇن ئىنچىكە ئىشنى تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدۇ، ئەرلەرنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە كۆز ـ قۇلىقى بولالايدۇ. قول ئاستىڭىزدىكى خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئاياللار خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ ئاياللار بىلەن بىرگە خىزمەت قىلىشى بىر تەلەي ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئازراق بىخەستىلىك قىلسىڭىز غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز قىزىقتۇرۇشنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىسىز. تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە ئۆزىڭىز ئويلاپ يېتەلمىگەن بىر تالاي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايسىز.

گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ، بىراق بىلىشىڭىز زۆرۈركى، گۈزەللىك ـ پاكلىقتا. دۇنيادا پاك نەرسە ئەڭ گۈزەل بولىدۇ.

دېموكراتىك مەدەنىيەت ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ تۇرمۇشىمىزنىڭ رەڭدارلىقى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ. يۇقرالارغا ئوخشاشلا ئەمەلدارلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ. سىز كۈندە دېگۈدەك كۆپلىگەن سورۇندا پائالىيەت ئېلىپ بارىسىز. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە خىزمىتىڭىز خىلمۇخىللىققا ۋە يېڭىلىققا تولۇپ بارىدۇ. بۇ جەرياندىكى پائالىيەتلىرىڭىزدە ئەلۋەتتە ئاياللاردىن ئايرىلالمايسىز. مەيلى سىز قانداق سورۇندا بولۇڭ، ھەر قاچان ئۆزىڭىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزنى يوقاتماسلىقىڭىز كېرەك.

خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا قىسمەن ئاياللارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلمالىڭ. سەپەرگە چىققاندا ماشىنىڭىزغا ساھىبجامالىلارنى سېلىۋېلىشنى ئادەت قىلمالىڭ. سەپەردىن قايتقاندا ئايرىم ئايال خىزمەتچىلىرىڭىزگە ئاتاپ سوۋغات ئالمالىڭ. رەڭدار «ئولتۇرۇش»لارغا ھېرىسمەن بولمالىڭ. ھەمىشە ئىشخانىڭىزغا ئاياللارنى چاقىرىپ ھەمسۆھبەت بولمالىڭ. ئاياللارنىڭ تەلەپ ـ پىكىرلىرىگە ئەرلەردىن پەرقلىق قارىمالىڭ. تېخىمۇ مۇھىمى شۆھرەتپەرەسلىك غەرىزىدە ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنى تۈزمەڭ، ئايال خىزمەتچىلىرىڭىز بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلمالىڭ.

ئەمەلدارلىق ئەدلى ـ ئادالەتنى مىزان قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى خەلقنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق بولۇش. ئەگەر سىز بىردەملىك راھەت ـ پاراغىتىڭىزنى كۆزلەپ ئۆز سالاھىيىتىڭىزگە نامۇناسىپ قىلمىش بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، تەبىئىيكى، ئىناۋىتىڭىزنى يوقاتقان بولىسىز، خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك لەنىتىگە قالىسىز.

پاكلىق ئادەملەرگە ئىززەت ـ ھۆرمەت ئاتا قىلىدۇ. سىز ئويۇن ـ تاماشىغا ئەمەل تۇتقان ئەمەس. ئاۋام ئويۇن ـ تاماشا قىلىشىڭىزغا قارشى ئەمەس، ئەمما مۇشۇنچىلىك ۋاقتىتىمۇ خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىدۇ. ئاۋامنىڭ ئۈمىدىگە مۇخالىپ يول تۇتمالىڭ.

**ئېھتىياتچانلىق پاكلىقنىڭ ساقچىسى. ساھىبجامالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بۇلغىنىشتىن ساقلىنالىسىڭىزلا، شۈبھىسىز ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەلدار بولالايسىز.**

## ماختانچاقلىق ـ ئابرۇيپەرەسلىك قىلسىڭىز شۆھرىتىڭىزگە داغ چۈشىدۇ

كۆپىنچە ئەمەلدار ئۆز تەجرىبىسىنى سۆزلەشكە ئامراق. ئەمەلىيەتتە تەجرىبە مۇئەييەن تارىخىي جەريانغا مەنسۇپ بىلىم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ھەممىباپ قائىدە ئەمەس. سىز يېڭى ئەمەلدارلىق ئورنىڭىزدا كونا ئورنىڭىزدىكى تۆھپىلىرىڭىزنى تەجرىبە ئورنىدا سۆزلەپ يۈرسىڭىز ماكان، زامان ۋەجىدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويىسىز. چۈنكى بۇ يەردىكى كىشىلەردىمۇ ھېلىقىدەك «مۇقەددەس تەجرىبە»لەر قەدەمدە مىڭلاپ تېپىلىدۇ. بۇ كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا سىزدىن بۇرۇن ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش كويىدا سانسىز رىيازەت چېكىپ،قان ـ تەر ئاققۇزۇپ ئۆزلىرىنىڭ «كۆڭۈل» ياپچۇقلىرىنى مول تەجرىبىلەر بىلەن چىڭدىغان «باي»لاردۇر. سىز بازارغا سېلىپ يۈرگەن ھېلىقى «يالتىراق قاچا ـ قۇچا»لار بەلكىم بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ خۇرجۇن ـ قاچىلىرىدىكى گۆھەرلەرنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە نەرسە ھېسابلانماس. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل رايىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئەپچىل چارىسى، سۆزنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشتىن باشلاشتۇر. يېڭى ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئارام تاپسۇن دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ تارىخىي خىزمەتلىرىگە توغرا، ئىلمىي باھا بېرىڭ. ئورۇنسىز تەنقىدلەپ يۈرمەڭ. گەرچە ئۆزگەرتىش، ياخشىلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلە مەۋجۇد بولسىمۇ، ھەدەپ ئۇلارنىڭ ھۈنەر ـ تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى بىھۇدە سۆكمەڭ، ئۇنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق. ئۇنىڭغا كۆپچىلىكنىڭ جاپالىق ئەجرى ۋە ھېسسىياتى سىڭگەن. ئەمدى گەپ، سىزنىڭ يېتەكچىلىكىڭىزدىكى يېزىلغۇسى يېڭى تارىختا. مەيلى سىز قانچىلىك ئەقىللىق ۋە دانىشمەن بولۇڭ، ئىشىڭىزنى ھامان ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىزىدىن باشلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ھەتتا سەۋەنلىك ـ خاتالىقلار بىلەن تولغان تارىخمۇ سىزگە «ئۇستاز» بولالايدۇ. سىز ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولالىسىڭىزلا، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ يېڭى تارىخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيسىز.

ئەمەلدارلاردىكى ماختانچاقلىق ئەڭ ئاۋۋال خۇشامەتچىلىك سورۇنلىرىدا ئەڭ ئاسان كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنىڭ غەرەزلىك، غەرەزسىز ماختاشلىرى ئەمەلدارلاردىكى ماختانچاقلىقنىڭ قوزغاتقۇچىسى، ھامىيسى ۋە كۆپتۈرگۈچىسىدۇر. چاكىنا ئادەملەرنىڭ توختاۋسىز سىزنى ماختىشى يا قانداقتۇر بىر خىل خۇسۇسىي غەرەزنى، يا ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئۇ كۆپ ھالدا «يېقىنچىلىق» كەيپىياتى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دۇنيادا ماختاشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم يوق. لېكىن ماختاش ئالدىدا ئىرادىڭىزنى بوشاتتىڭىزمۇ، «تۆشۈك» ئىزدەپ يۈرگەن سانسىز «چاشقان» شۇ ھامان سىز تەرەپكە ئاقىدۇ. شۇڭا ماختاش ئالدىدا ئۆزىڭىزنى تەمكىن تۇتۇشىڭىز، ئەقلىي پىكىرگە ماھىر بولۇشىڭىز لازىم. ئەكسىچە، ئۆزىڭىزمۇ بۇ قاينامنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالسىڭىز، شۈبھىسىز، ئەل ئىچىدە يېڭىدىن تىكلىنىۋاتقان شۆھرىتىڭىزگە داغ چۈشۈرۈپ قويىسىز.

**ئەمەلدارنىڭ شۆھرەت تاپمىقى قىيىن. ئەمەلىيەتتە، شۆھرەتنى ساقلىماق ئۇنى تىكلەشتىنمۇ مۈشكۈلدۇر.**

## ئائىلىڭىزنى مەھكەم ساقلىسىڭىزلا، ئۇ سودا ـ سېتىق دۇكىنىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ

ئەمەلدارلار دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلغۇچى ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشىگۈچىدۇر.

يۇقرالار ئۆز تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەمەلدارلارغا موھتاج. ئەمەلدارلارنىڭ مۇئەييەن يولىيورۇقى، تەستىقى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى يۈرۈشلەشمىگەن نۇرغۇن ئىش ئاسانلا ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ. ئادەتتە ھوقۇق ئەمەلدارلار ئارقىلىق رېئاللىشىدۇ. يۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىشىنى ھەل قىلىشتا ئەمەلدارلارغا

هاجەتمەن بولىدۇ. ئېھتىياتلىق، بىر پارچە ئۇلتىماسنى يوللىشىش ئۈچۈن ئۇ سىزنى ئىشخانىدىن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئورنىڭىزدىن ۋە ئائىلىڭىزدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇبادا سىز ئائىلىڭىزدىمۇ ئىش بېجىرىشكە ئادەتلەنگەن بولسىڭىز، ئۇ ھالدا ئائىلىڭىز شۈبھىسىز «بازار»غا ئايلىنىدۇ.

ئائىلە ـ تۇرمۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم قىسمىدۇر. بىر ئادەمنىڭ ئۆچتىن بىر قىسىم ھاياتى ئائىلىدە ئۆتىدۇ. خىزمەتتە ھەرقانچە ئالدىراش ئادەمنىمۇ ئائىلىسىدىن تېپىش قىيىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ دەم ئالىدۇ، تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ. ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك ئۆز ئائىلىسىدە ئۆتىدۇ.

بىر ئادەم ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئائىلىڭىزگە كەلگەنىكەن، ئادەتتىكى ئادەمگەرچىلىك نۇقتىسىدىن بولسىمۇ «قۇرۇق قول» كەلمەيدۇ. ئۇ تۈرلۈك يېتەرلىك مەھسۇلات، شۇنداقلا، ياخشى كۆرۈش ئېھتىماللىقىڭىز بولغان ھەرقانداق نەرسىنى «سوۋغات» سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ «ئالاھىدە» نەرسىلەرنى بىر قېتىم قوبۇل قىلدىڭىزمۇ، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ. ئائىلىڭىزدە شەكىللەنگەن بۇ ھالەت ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا كۆچۈپ، ئاستا ـ ئاستا تۈزۈملىشىدۇ ـ دە، جامائەت ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا «سوۋغات بەرمىسە ئىش ھەل قىلمايدىغان ئەمەلدار» دېگەن ئاتاققا قالىسىز. ئىشىنىڭكى، كىشىلەرنىڭ «سوۋغات»لىرى ئىچىگە ئۇنىڭ ئەجرى، ھېسسىياتى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ھەتتا «يۈزى» يوشۇرۇنغان. شۇ سەۋەبتىن سىزمۇ «يېگەننىڭ يۈزى ئۆيۈلىدۇ» دېگەن ئەقلىيىنىڭ ھېكمىتى بويىچە ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. جاۋاب قايتۇردىڭىزمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئاللىقاچان «سوۋغات»نىڭ ئىش بېجىرگۈچىسگە ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. ماھىيەتتە بۇ بىر خىل سودا ـ سېتىق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ھادىسە بولۇپ، ھوقۇق مەسئۇلىيىتى بىلەن قىلچە چىقىشالمايدۇ. ئەگەر بۇنداق ھالەت بارغانسېرى داۋاملىشىدىكەن، سىز ئۆزىڭىزنى تامامەن يوقاتقان بولىسىز.

سىز ئائىلىڭىزدە ئىش بېجىرمەڭ. خوتۇنىڭىز ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنى شۇنداق بىر تۈزۈمدە باشقۇرۇڭكى، ئۇلار «ئىجازەتسىز» ھەر قانداق «سوۋغات»نى قوبۇل قىلمايدىغان بولسۇن. ئىش بېجىرىشكە ھاجەتمەن پۇقرالىرىڭىزنى ئائىلىڭىزدە قوبۇل قىلماڭ. ئىشتىن چۈشكەندە ئائىلىڭىزدە دەم ئېلىڭ، ئۆگىنىش قىلىڭ، ئائىلە ئەزالىرىڭىز تۇرمۇش، ئۆگىنىشكە ئائىت سۆھبەتلەردە بولۇڭ. ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكىنىمۇ «كەڭ ئېچىۋەت»سىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر ئۆز ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ساقلاپ، «پۇرسەتپەرەس»لەرنىڭ «غېيىبدە» كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنالىسىڭىزلا، «پارىخورلۇق»نىڭ بىرىنچى ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتقان بولىسىز.

ئەمەلدار «سوۋغات» ئېلىپ ئىش بېجىرسە بولمايدۇ. «سوۋغات» بىر خىل سېتىۋېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. سىز سېتىلدىڭىزمۇ، ئۇ ھالدا سىز ئۆزىڭىزنى باشقۇرۇشتا ئەركىنلىك ئالىمىدىن زۆرۈرىيەت ئالىمىگە چۈشۈپ قالىسىز. ھوقۇق تەرتىپىڭىز قالايمىقانلىشىدۇ، سۆزىڭىزنىڭ ئۈتكۈرلۈكى يوقۇلىدۇ، ئوبرازىڭىز خۇنۇكلىشىدۇ. ھوقۇق تىجارەت ئەمەس. ھوقۇقتا تىجارەتنى مەقسەت قىلمىغانلا بولسىڭىز باشقا ئىشلىرىڭىز راۋان بولىدۇ.

ئائىلە بىر ئەمەلدارنىڭ تۈزۈلۈش ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ بىرىنچى بوسۇغىسىدۇر.

## يېزىقچىلىق ئىقتىدارىڭىزنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىماڭ، ئۇ ھەممە ئىقتىدارىڭىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر

يېزىق ۋە ھېسابلاش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى غول يىلتىزى. ھازىرقى زامان پەن تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى ئاساستىن شاخلىنىپ تەرەققىي قىلغان. يېزىق ـ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تەرەققىيات بەلگىسىدۇر. ئۇ ھېساب ئىلمىگە ئوخشاشلا ئىجتىمائىيەتنىڭ بارلىق ساھەسىگە چوڭقۇر سىڭگەن. ئاددىي ساناقنى بىلمىگەن ئادەم ھەتتا ئۆزىنىڭ يېشىنىمۇ بىلمىگەنگە ئوخشاش، يېزىق ئىقتىدارى يېتەرسىز ئەمەلدارنىڭ ئۆز خىزمەتلىرىنى ئۇگۇشلۇق ئىشلىيەلىشىنىمۇ قىياس قىلىش تەس.

كىشىلەرنىڭ خەت يېزىش ئىقتىدارى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا تەڭ ئەمەس. يېزىقچىلىق ـ پەن. ئۇ مۇكەممەل بىلىم سىستېمىسىغا ۋە ئىنچىكە قاتلام قۇرۇلمىسىغا ئىگە. ئازغىنە تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى مۇپەسسەل ئىگىلەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

دۇنياغا داڭلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 300 يىللىق باشقۇرۇش تەجرىبىسىنىڭ مۇھىم ھاسىلاتلىرىنىڭ بىرى، كىشىلەرنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلما مودېلىغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ئادەملەر تۈرلۈك ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ شوتىسىمان ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچىدە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىقتىدارىنى، يەنى تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، ئانالىز ئىقتىدارى، تاللاش ئىقتىدارى، ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، مۆلچەرلەش ئىقتىدارى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى قاتارلىق بارلىق ئامىلنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. ئۇ، بىر خىل مۇكەممەللىكنى نىشان قىلغان ئىقتىداردۇر. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر زاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى داڭلىق پادىشاھ، ئەمەلدار، ۋەزىر ياكى ساغۇن بولۇپلا قالماستىن، يېتىلگەن دانىشمەنلەر، پىشقان يازغۇچى، شائىر، تارىخشۇناسلاردۇر. بۇ يەردە، ئەمەلدارلار يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك دېگىنىمىزدە، بۇ ھەرگىزمۇ ئەمەلدارلار جەزمەن يازغۇچىلىق، شائىرلىق سەۋىيىسىگە يېتىشى كېرەك دېگەنلىكنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەمەلدار دېگەن ئەمەلدارلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ تۇتقان يولى ۋە مەسئۇلىيىتى يازغۇچى ـ شائىرلارغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما ئەمەلىي پائالىيەتتە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەلدار ئۆز ئىشلىرىنى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىيەلەيدۇ.

سىز كۈندە نۇرغۇن ھۆججەت، دوكلات بىلەن ئۇچرىشىسىز. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى يېزىقچىلىقنىڭ مۇكەممەل قائىدىلىرى

www.uyghurkitap.com

ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئەگەر سىز مەركىزىي ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ھۆججەتلەرنىڭ يازما نۇسخىلىرى ۋە ئۇنىڭ يوللاش تەرتىپىنى بىلمىسىڭىز، كونكرېت خىزمەت جەريانىدا چوقۇم توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. سىزنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا ئېلىپ بارغان ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز، تەستىقىڭىز يا ئاقمايدۇ، يا كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. ھېچبولمىغاندا گراماتىكىلىق، لوگىكىلىق زىددىيەتلەر ئالدىدا تېڭىرقاپ قالىسىز.

زامان ئۇچۇر دەۋرىگە كىرگەندە يېزىقچىلىق ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. سىز كەسكىن رىقابەت ئالدىدا سوغۇققانلىق بىلەن ئۆز يېزىقچىلىق ئىقتىدارىڭىزنى دەڭسەپ كۆرۈڭ. ئادەتتىكى خەت يېزىش قابىلىيىتىڭىزنى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىڭىزنىڭ ئورنىغا قويماڭ. يەنە كېلىپ ئورۇنسىز چوڭ گەپ قىلىپ، لاپ ئۇرماڭ. سىز بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھامان سىز بىلىدىغان نەرسىلەردىن كۆپ بولىدۇ. دېڭىز سەپىرىدە يۈرگەنلەرنىڭ بەزىدە ئۇسسۇزلۇقتىن جېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. سىز «بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز قانچىلىك كۆپ بولسا، بىلمەيدىغانلىرىمىزمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتكە ئىشەنسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ باي قىلىپ قۇرۇپ چىقالايسىز. دۇنيانىڭ ھەقىقەتلىرى ئەنە شۇنداق.

## پۇقرالىرىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن سۆيۈنۈڭ، ئۇنىڭ شان ـ شەرىپىگە ھەسەت قىلماڭ

ئىستىبداتلىق كىشىلەر ھەممە يەردە مەۋجۇد. بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئۆگىنىشتە تىرىشچان، خىزمەتتە ئەستايىدىل، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، كەم سۆز كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەۋىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش مۇھىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ بىردەك بولمايدۇ. بىرەر نەرسىگە قىزىقمىغان ۋە ئۇنىڭ كويىدا ئۈن ـ تىنسىز رىيازەت چەكمىگەن ئادەم ھېچقانداق يېڭىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ. يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ۋاقتى تولىمۇ جىددىي بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئويۇن ـ تاماشىغا بەند بولغان تۈن كېچىلىرى ئۇلار قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئاي يورۇقى ياكى جىن چىرىغى ئالدىدا ئۆگىنىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ، يازىدۇ، سىزىدۇ. بۇ ھالەت ئەمەلىيەتتە سىزگە قاراڭغۇلۇق. تاڭ ئېتىپ، ھەممەيلەن ئىشقا كەلگەندە ئۇمۇ سىزگە باشقا خىزمەتچىلىرىڭىزگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، مۇشۇ ئوخشاش كىشىلەر ئىچىدە ھېلىقى ئوخشاش بولمىغان ئادەم، ئېھتىمال، ئاشۇ ئۇزۇن كېچىدە ئەل ـ جامائەتكە پايدىلىق بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. جەمئىيەت ئەنە شۇنداق ئۈن ـ تىنسىز ئەجىر قىلغۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك نەتىجىسى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ. مۇبادا ئۇ ياراتقان قانداقتۇر بىر يېڭىلىق جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىكەن، بۇ ئەلۋەتتە سىزنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىڭىزگە، تەبرىكلىشىڭىزگە موھتاج. مۇنداق پەيتتە سىز تېلېفون، خەت ياكى باشقا يوللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈل سۆيۈنچىڭىزنى ئىپادىلەپ، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يېڭىلىقنى تەبرىكلەيدىغانلىقىڭىزنى، ئىجادىيىتىنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرسىڭىز، «رەھبەر»نىڭ غەمخورلۇقى ھېلىقى يېڭىلىق ياراتقۇچى ئارقىلىق ئەل ـ جامائەتكە يېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەبىئىي يوسۇندا پۇقرالىرىڭىزنى يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان توغرا يولغا قاراپ يېتەكلىيەلەيسىز. ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ شان ـ شۆھرىتىڭىزنى دەپ پۇقرالىرىڭىزنىڭ تۆھپىسى ۋە شان ـ شەرىپىگە ھەسەت قىلماڭ. پۇقرالىرىڭىز بىلەن «تۆھپە»، «شان ـ شەرەپ»، «ئۇنۋان» دېگەندەك نەرسىلەرنى تالاشماڭ. شۇ چاغدىلا ئاندىن سىز ھەقىقىي ھۆرمەت ۋە شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشەلەيسىز.

**ئەقىللىق كارۋان بېشى ھەرگىز ئۆز تۆگىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ.**

## كۆرگەنلا يەردە پۇقرالىرىڭىزنىڭ ئۈستىدىن داتلاپ يۈرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ چاكىنا ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايسىز

تارىختا پادىشاھ ھېچقاچان ۋەزىر، پۇقرالىرى ئۈستىدە ئەرز قىلغان ئەمەس.

سىزنىڭ پۇقرالىرىڭىز ئىچىدە ھەقىقەتەن بەزى «قاشاڭ»، «ئۆكتەم» ئادەملەر بولىدۇ. مەلۇم بىر سەۋەنلىك ئۈستىدە خىزمەت ئىشلەش مەقسىتىدە تالاي «قائىدە»نى سۆزلىسىڭىزمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، دېگىنىڭىزگە كۆنمەيدۇ. ھەتتا «سۆزمەن»لىك قىلىپ سىز بىلەن تاكاللىشىدۇ ياكى سىزگە قوپاللىق بىلەن يانىدۇ، بۇيرۇقىڭىزغا ئىتائەت قىلمايدۇ. ئەمەلدارلىقتا مۇنداق ئىشلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ھالەتتە، بىر مەزگىل كۆڭۈل ئارامسىزلىقى پەيدا بولۇشىمۇ تەبىئىي. لېكىن سىز بۇ خىل ئەھۋالنى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ يۈرمەڭ. گېپى كەلدى، دەپ قاراپ «مۇھىم سورۇن»لاردا «نۇقتىلىق» دوكلاتمۇ قىلماڭ. چۈنكى قانداق ئوي ـ خىياللاردا بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بەرىبىر سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدىكى ئادەم. ئەگەر ئۇنى ئۆزىڭىز مۇۋاپىق پەيت، يول تېپىپ ھەل قىلمىسىڭىز، بۇ ھەقتە سىزگە ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنى پەقەت ئۆزىڭىزگە تايىنىپلا ئادا قىلالايسىز.

يامان غەرەز بىلەن ئۆز باشلىقىدىن پۇتاق تېپىشقا ئۇرۇنىدىغان پۇقرا كۆپ ئەمەس. كۆپىنچە مۇنداق «چاتاق» ياكى ئۇقۇشماسلىق، يا چۈشەنمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ. قاتماللىق ھەقىقەتەن يۈز بەرگەندە، ئالدى بىلەن باشلىقلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن تەمكىن بولۇشىڭىز، سەۋرچانلىقنى ئۆزىڭىزگە «مىزان» قىلىشىڭىز كېرەك. قارشى تەرەپكە قايتا ئويلىنىۋېلىش پۇرسىتى بېرىڭ. ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەلكىم سىز ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قېلىشى، ھەتتا ئازراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ «ناماقۇل»لىقىغا ئېرىشىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. تۇرمۇشتا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق، مۇتلەق پەلسەپە مەۋجۇد ئەمەس. ئەگەر سىز ئىشنى ئۆزىڭىزچە يامانغا جورۇپ، پۇقرالىرىڭىز ئۈستىدە داتلاپ يۈرسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەيدىغان، ئىقتىدارسىز، چاكىنا ئەمەلدار ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. كونىلاردا «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن گەپ بار. دۈشمەن بولمىسىلا، ياخشى نىيەتلىك، ياخشى سۆزلۈك مۇئامىلىدىن

www.uyghurkitap.com

تەسرلەنمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئاشۇ «قاتمال» ۋەزىيەتنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىز ھەسسىلەپ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىسىز، سەپداشلىرىڭىز ئە-چىدە ئابرۇيىڭىزمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

«ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى ئىگىسگە كۆرسەتمەپتۇ» دېگەن دەل مۇشۇ بولسا كېرەك.

## ئاز ـ تولا ۋاقىت چىقىرىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇسىڭىز، تەسەۋۋۇرىڭىز جانلىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنەلەيسىز

ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىق ھەققىدىكى پەندۇر. ئەدەبىياتتىكى ھەممە تېما ئادەمدىن ئىبارەت مەركىزىي گەۋدىنى چۆرىدەپ يورۇتە-لىدۇ. ئۇ، ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇششاق ـ تۈششەكلەر-دىن باشلاپ، تا ئەڭ ئۇلۇغ ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسگە چېتىلە-دۇ. ئادەتتە ئەمەلدارلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتى ناھايىتى ئالدىراش، ۋاقتى ئىنتايىن زىچ ئۆتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلنىڭغا كىشىلىك تۇرمۇشقا چوڭقۇرلاپ كىرىشنىڭ ئىمكانىيىتى تولىمۇ ئاز. نەتىجىدە ئۇ ئاۋامنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇش مۇھىتىدا يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ئىشنى بىۋاستە كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئېرىشكەنلىرى بولسا كۆپ ھالدا ۋاستىلىك ئۇچۇرلار بولۇپ، كۆپ ھالدا ئۇ مەزمۇنى يۈزە، شەكلى بىر خىل، رەڭدارلىقى سۇس، ئەمەلىيەتتىن يىراق ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر ئەمەلدارلىقتا مۇشۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ھۆ-كۈم چىقىرىلسا، مۇنداق ھۆكۈمنىڭ كۈچى ئاجىز، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەلدارلار كۆپ ھالدا ئەمەلدارلىق ھەققىدىكى «ياخشى» دېگەن نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقتىن، ئەمەلدارلىق قاتلىمىنىڭ «قاراڭغۇ» تەرەپلىرىدىنمۇ ناھايىتى ئاز خەۋەردار بولا-لايدۇ. يۇقىرىلارنىڭ ئەمەلدارلار توغرىسىدىكى بىۋاستە بايانلىرىنىمۇ تولۇقى بىلەن ئاڭلىيالمايدۇ. بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسگە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەڭ ياخشى ئەينەك بولالايدۇ. ئەدەبىيات ئارقىلىق جەمئى-يەت تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى، ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتى، تۇيغۇسى ۋە قاراشلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ھا-ياتنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنەي دېسىڭىز ئاز ـ تولا ۋاقىت چىقىرىپ ئە-دەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ قويۇڭ. قانداق ئەسەرلەرنى ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ئەتراپىڭىزدىكى «موللىچاق»لاردىن مەسلە-ھەت ئالسىڭىزمۇ، يا ئۆزىڭىز شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىگە ئاساسەن تاللىسىڭىزمۇ بولىدۇ. كونكرېت مەزمۇن، ژانىر ھەققىدە ھېچقانداق ئۆلچەم يوق، ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشى ۋە ئېھتىياجىڭىزنى چىقىش قىلسىڭىز قىلچە خاتالاشمايسىز.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ـ تەسەۋۋۇرىڭىزغا، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىڭىزغا ۋە ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرۈشىڭىزگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتە ئىزچىللىقتا ئىگە بولالىسىڭىز ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ كەڭ ئەركىنلىك ئالەمگە ئېرىشەلەيسىز. ئىشەن-مىسىڭىز، سىناپ بېقىڭ.

## خىزمىتىڭىزدىكى يالغان ۋەدە سىزنى جامائەت-نىڭ ئىشەنچىسىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلىدۇ

باشقۇرۇش پائالىيىتى سودا تەشۋىقاتى ئەمەس. سودا تەشۋىقاتى مەلۇم دەرىجىدە ئالدامچىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئەمما باشقۇرۇشتا يالغان ۋەدە بېرىشكە بولمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەمەلدارلار قوشۇندىكى يالغان ۋەدە بېرىشكە ئۆگەنگەن بەزى ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالار ئىچىدە قىلچىلىكمۇ ئابرۇيى، ئىناۋىتى بولمايدۇ. پۇقرالار ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئۇلارغا ئېيتمايدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ئەمەلدارلاردىكى يالغانچىلىقنىڭ ئىپادىلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان سورۇندا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

بەزىلىرى: ئۆزىنىڭ ھوقۇق كۈچىنى پەش قىلىپ، قول ئاستىدىكى پۇقرالارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى خالىغانچە كۆپتۈرۈپ، شارائىت، دەرىجە پەرقلىرىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، بۇ ئورۇندىن ئۇ ئورۇنغا ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا يۆت-كەش توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. «تىنچ سۇغا چالما تاشلاش» ھىيلىسى بىلەن خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاراملىقىنى بۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. يالغان ۋەدە بېرىشكە خۇشتار ئەمەلدار ھەمىشە قول ئاستىدىكىلەرگە «xxنى xx ئورۇنغا قويدۇم، سېنىمۇ xx ئورۇنغا باشلىق قىلساممىكىن دەيمەن» دېگەن «ئاخبارات»لارنى ئېلان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇزاق ۋاقىتقىچە ۋەدە-سىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ئەمما ھېلىقى ئەمەل ۋەس-ۋەسسىگە چۈشكەن بىچارە كۈندە دېگۈدەك ۋەدە بەرگەن باشلىقنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ، ماغدۇرىدىن كېتىدۇ. ھەتتا ۋاقىت قولدىن كې-تىپ، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغىچە شۇ «شېرىن چۈش» ئىچىدە سەر-سان بولىدۇ.

يەنە بەزى ئەمەلدارلار: ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولمىغان ئىشلارغا خالىغانچە ۋەدە بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ھوقۇقى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرمەيدۇ. نەتىجىدە، مۇراجىئەت قىلغۇچىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش پەيتىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. مۇنداق يالغان ۋەدە بېرىشكە ئادەتلەنگەن ئەمەلدارلار قارىماققا پۇقرالارغا كۆيۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ چوڭقۇر ئالداش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ھېچنېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئېقىۋاتقان ئىشنىڭ ئالدىنى توراپ، ۋاقىتقا بەرھەم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالارنىڭ ئىشلىرى ئاقساپ، مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشەنگەندە بولسا كىشىلەرنىڭ رايى يېنىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتە-دۇ. سىز ئىش ئورنىڭىزدا پۇقرالىرىڭىزغا يالغان ۋەدە بەرمەڭ. قول-ىڭىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بې-جىرىڭ. ئۆزىڭىز بېجىرەلمەيدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بېرىڭ. ئىلتىماس قىلىۋاتقان ئادەم گەرچە دەماللىققا سىزدىن ئانچە رازى بولمىسىمۇ، ئەمما راست گەپ قىلغىنىڭىزدىن، ئاقىۋەتتە يەنىلا سىزدىن سۆيۈنىدۇ. كونىلاردىكى: «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن

كۆلدۈرۈپ»، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ھەقىقەتنى تەستىقلايدۇ. ئەمەلدارلىقتا ئاۋامنىڭ ئىشەنچ - ھۆرمىتىگە ئېرىشەي دېسىڭىز راست سۆزلەڭ، سەممىيلىك - سادىقلىق بىلەن ئىش قىلىڭ، يالغان گەپ بىلەن ئۆز - ئۆزىڭىزنى بەزلىمەڭ.

## ئاچچىقلانغىنىڭىزدا مەرتىۋىسىز ئادەملەرنى پەس كۆرۈپ، يامان سۆزلەر بىلەن غورۇرىغا تەگسىڭىز، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ھۇجۇمدىن ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالىسىز

بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت تەڭلىك بىلەن تەڭسىزلىك ئىچىدە مەۋجۇد. ئادەملەر قاتلىمىمۇ روشەن دەرىجە - مەرتىۋە پەرقىگە ئىگە. ئۇزاق زاماندىن بېرى كىشىلىك تۇرمۇشتا شەكىللەنگەن دەرىجە - مەرتىۋە قارىشىنىڭ ئاساسىمۇ بىر قەدەر چوڭقۇر. شۇڭا ئادەملەر كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئاسانلىقچە دەرىجە - مەرتىۋە قارىشىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مەرتىۋىلىك ئادەملەرنى كۆرگەندە سىپايىلىق قىلسا، «مەرتىۋىسىز» ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئەمەلدارلاردا بۇ خىل روھىي ھالەت تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىن قارىغاندا، مەرتىۋىلىك ئادەملەر بىلەن مەرتىۋىسىز ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ھوقۇقنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. قول ئاستىڭىزدىكى ئادەملەرمۇ شۇنداق. قاتلاممۇقاتلام باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئىگە جەمئىيەتتە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز تەۋەلىكى كونكرېت بولىدۇ. سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭمۇ ئۆز تەۋەلىكىدىكى سىزگە جاۋابكار باشقۇرغۇچىسى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر ئىشتىكى سەۋەنلىك - خاتالىقىنى ئۇچراتقىنىڭىزدا ئۆزىڭىزچە ئاچچىقلىنىپ چېچىلسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز مۇشۇ دائىرە ئىچىدە ھوقۇق دائىرىڭىزدىن چەتنىگەن بولىسىز - دە، كۆڭۈلسىزلىك ئاقىۋەتكە قېلىشىڭىز تەبىئىي. چۈنكى ئۆزىڭىز ھوقۇق بەرگەن نەچچە قاتلام باشقۇرغۇچىدىن بىۋاستە ھالقىپ، ئىشنى ئۆزىڭىز «بىۋاستە» تۇتقاچقا، مەۋجۇد قاتلامۇقاتلام مەسئۇلىيەت شۇ ھامان ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ - دە، ھەممىگە ئۆزىڭىز جاۋابكار بوپقالىسىز. بۇ ھالەت ئەمەلدارلار كۆپىنچە «مەرتىۋىسىز» ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلىرىغا يولۇققاندا ئاسان يۈز بېرىدۇ. سىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

سىز ھوقۇق يۈرگۈزگەندە ئۆز تەۋەلىكىڭىزدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئېتىبار بىلەن قارىشىڭىز كېرەك. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قويۇڭ. سىز نىشان، تەڭشەكنى چىڭ تۇتۇپ يېتەكلىسىڭىزلا كۇپايە. ھەرگىزمۇ ئەتىگەندە ھوقۇق - مەسئۇلىيەتنى تاپشۇرغان تۇرۇقلۇق، كەچتە قايتۇرۇۋالىدىغان ئىشنى قىلماڭ. تۆۋەن دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىغا يېنىكلىك بىلەن ئارىلاشسىڭىز، ئۆزىڭىز بۇلارنىڭ زىممىسىگە بېكىتكەن مەسئۇلىيەتنى ئۆزىڭىز «بىۋاستە» بىكار قىلغان بولىسىز. ناۋادا يامان سۆزلەر بىلەن «مەرتىۋىسىز» ئادەملەرنىڭ غورۇرىغا تەگسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان ئۇشتۇمتۇت «ھۇجۇم»دىن ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالىسىز. ھەرقانداق ئادەمنىڭ سەۋەنلىك - خاتالىقىنى شۇ مەسىلە يۈز بەرگەن ماكان ۋە زاماندا ھەل قىلىشقا ئادەتلەنسىڭىزلا ئەمەلدارلىق ھۆرمىتىڭىزمۇ جاپاسىز ئىشقا ئاشىدۇ.

## خىزمەتچىلىرىڭىزگە كۆيۈنسىڭىز، ئۇلار ئىشلىرىڭىزغا جان پىدالىق بىلەن ھەمكارلىشىدۇ

ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەلق ئەمەلدارلارنىڭ ياخشى - يامانلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن بايانى كۆپىنچە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق ئاڭلايدۇ. نورمال ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق ئاخباراتلار نىسبەتەن ئىشەنچلىك پاكىت قاتارىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمەلدار خىزمەتچىلىرى ئىچىدىكى بۇ خىل ئەھۋالغا ئېتىبار بىلەن قارىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۆز ئەتراپىدىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىغا كۆيۈنۈشى كېرەك. ئادەتتە بۇنداق خىزمەتچىلەر ئىنتايىن ئالدىراش ئۆتىدۇ. تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. شۇڭا ئەمەلدار بولغۇچى خىزمەتچىلىرىگە ئۆز ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىشى لازىم. زۆرۈر تېپىلغاندا ئاز - تولا ياردەملىشىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويسا كۇپايە. زىياپەت - مېھماندارچىلىقتا قاتناشقاندا خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىشى كېرەك. بولمىسا، ھەممە ئادەم سىز بىلەن بوپكېتىپ، خىزمەتچىلەرگە قارايدىغان ئادەم چىقماي قالىدۇ. ئەگەر سىز بۇنى ئۆزىڭىزگە ئادەت قىلالىسىڭىز، خىزمەتچىلىرىڭىزمۇ، ئەتراپىڭىزدىكى باشقا كىشىلەرمۇ سىزدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ. «ئۇششاق» ئەمەلدارلارمۇ ئۆرنەككە ئىگە بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ يامان ئادەملەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىنى چەكلىشىڭىز كېرەك. يامان ئادەملەر ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى، ھۆكۈمران ھاكىمىيەتكە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارايدىغانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەر سىزنى ھۆكۈمران ھاكىمىيەتنىڭ ۋەكىلى دەپ بىلگەچكە، ھەممە ئىشىڭىزنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنە بىر خىلى، ئەمەلدارلار قوشۇنىدا ئاز - تولا ئابرۇيى قازانغان، سىزنىڭ كۆرسىتىشىڭىزغا «كۆز تاشلاپ» يۈرگەن كىشىلەر بولۇپ، سىزگە ھەسەتخورلۇق كەيپىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر كۆرگەنلا يەردە ئىشىڭىزدىن قۇسۇر تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ، «يامان» تەرەپلىرىڭىزنى كولاشتۇرۇپ ئىزدەيدۇ. خىزمەتچىلىرىڭىزگە يا ئۇنداق، يا مۇنداق يوللار بىلەن «يېقىنچىلىق» كۆرسەتكەن بولۇپ، قانداقتۇر بىر ئىشتىكى قايسىدۇر بىر بولمىغۇر سەۋەنلىكىڭىزنىڭ ئۇچۇرىنى ئىگىلەشكە تىرىشىدۇ. مۇبادا سىز خىزمەتچىلىرىڭىزگە يېتەرلىك تەرتىپ بېكىتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ خىيالىدا «بىخ»لىغان «يامان»لىقلىرىڭىز شۇ ھامان خەلقئالەمگە ئاشكارا بولىدۇ.

كىتابىم تورى www.uygurkitap.com

بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردا تەكرار توشۇلغان بۇ «يېڭى خەۋەر»لەر ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىپ، نامىڭىزنى بۇلغاپ، خەلق بىلەن بولغان ئارىلىقىڭىزنى يىراقلاشتۇرىدۇ، ئەل ـ ئاۋام ئىچىدىكى ھوقۇق كۈچىڭىزنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ.

خىزمەتچىلىرىڭىزگە كۆيۈنىشىڭىز ئۈنۈملۈك خىزمىتىڭىزنىڭ كاپالىتى. ئۇنى ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش دەپ قارىماڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سەرەڭگە گەرچە كىچىك نەرسە بولسىمۇ، ئەمما بىر خامانغا ئوت قويۇشقا يېتەرلىكتۇر.

## سىز 24 سائەتنىڭ ھەممىسىدە باشلىق، سەككىز سائەتكىلا باشلىق ئەمەس

ئەمەلدارلارنىڭ تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن ھوقۇق مەسئۇلىيىتى بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، ئۇنىڭ بارلىق ھايات سەرگۈزەشتىسىنىڭ ھەممە جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز ھەمىشە بەزى ئەمەلدارلارنىڭ «مەن سەككىز سائەت ئىچىدىلا باشلىق، سەككىز سائەتتىن كېيىنكى ۋاقىتتا باشلىق ئەمەس» دېگەن پەرۋاسىز باياناتلىرىغا كۆنۈك. راستىنلا، بىر ئەمەلدار سەككىز سائەتكىلا باشلىق ھېسابلىنامدۇ؟ ئەگەر ئۇ سەككىز سائەت ئىچىدىكىلا باشلىق بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتتىكى باشلىق كىم؟ ھوقۇق پائالىيىتى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى: ھوقۇقنىڭ ۋاقىت ئايلانمىسى مۇئەييەن ئىدارە قىلىش كۈچىنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ توپلانما مەسئۇلىيەت كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھوقۇق پائالىيىتىڭىزدىكى توپلانما مەسئۇلىيەت كۆرسەتكۈچىڭىز قانچە يۇقىرى بولسا، ئىدارە قىلىش كۈچىڭىزمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك ۋە كەسكىن بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئىدارە قىلىش كۈچىڭىز ئۈزلۈكسىز سۇسلىشىپ بارىدۇ. شۇڭا، «سەككىز سائەتلىك باشلىق» دېگەن ئۇقۇم ھوقۇقشۇناسلىق ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز مەسئۇلىيەت دائىرىڭىزدىكى ھەممە ئىشقا جاۋابكار. ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھەربىر يېڭى ھادىسە ۋە يېڭى مەسىلىنىڭ ھەممىسىدە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىڭىز بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، سىز ھەتتا كېچىلىرى ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان ۋاقتىڭىزدا ئۆز باشقۇرۇش تەۋەلىكىڭىزدە يۈز بەرگەن ئۇشتۇمتۇت بىر ۋەقەنىڭ ئاخىرقى جاۋابكارلىقىدىنمۇ ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالالمايسىز. شۇڭا ئادەتتە سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىڭىزدىن كېيىنكى ھەر قانداق پائالىيىتىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلدارلىق سالاھىيىتىڭىزگە مۇناسىپ بولمىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتتە بولسىڭىز مۇۋاپىق ئەمەس. ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزنى سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتى ئىچىگىلا بەند قىلىپ قويسىڭىز بىخۇدلۇق ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ «ئىدارە قىلىش» كۈچىڭىز ئاجىز بولىدۇ.

**ئەمەلدارغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ھەممىدىن ئۈستۈن.**

## ئايالىڭىزنى خىزمىتىڭىزگە ئارىلاشتۇرسىڭىز، ئاخىرىدا ئۆزىڭىزنى «يوقىتىپ» قويىسىز

ئەمەلدارلىق قالپىقى سىزگە كىيدۈرۈلگەنىكەن، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزىڭىز چىقىشىڭىز كېرەك. ئەمەلدارلىق ھوقۇقىڭىزنى ئۆز ئىقتىدارىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىزگە تايىنىپ ئادا قىلسىڭىز، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتىڭىزمۇ بارغانسېرى خاسلىققا ئىگە بولالايدۇ. خىزمەتلىرىڭىزگە ئايالىڭىزنى ئارىلاشتۇرۇۋالسىڭىز ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىن ئۆز تەگىپۈگلۈقىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز.

ئايالىڭىز ئەڭ ياخشى ـ سادىق ھەمراھىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى كۆيۈمچان رەپىقىڭىز بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلدارلىقتا سىزگە «ئورۇنباسار» بولالمايدۇ. ئۇ، تەۋەلىكىڭىزنى، ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى سىزدەك ئېنىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. كۆپ ھالدا ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئۇچۇرلىرى ۋاستىلىك كەلگەچكە، بىۋاستە كەچۈرمىشتىن يىراق. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭدا سىزدە بار بولغان ئەمەلدارلارغا خاس «تاج» ۋە مەسئۇلىيەت بولمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسەن ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھوقۇق، مەسئۇلىيەت، ئەقلىيلىكنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ سىزگە ۋاكالىتەن ئەمەلدارلىق سەھنىسىدە «ئويۇن» كۆرسىتىشى پۇقرالىرىڭىزنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ. ئۇنىڭ كاتىپىڭىزغا ئىش بۇيرۇشى، ماشىنىڭىزغا ئولتۇرۇپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشى، نام ـ ئەمەلىڭىزنى سۇيىئىستېمال قىلىپ قارىمىقىڭىزدىكى ئورۇن ۋە تارماقلاردىن «ئالاھىدە» مەھسۇلاتلارنى تەلەپ قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىكى تۇغما مىجەز ياكى ئەسلىدە مەۋجۇد ئىمتىياز بولماستىن، پەقەت ئەمەلدارلىق سايىڭىزدا پەيدىن بىخلىنىۋاتقان «ھارام شاخ». بۇ خىل «ھارام شاخ» پۇقرالارنىڭ كۆزىگە سىغمايلا قالماستىن، ئەگەر ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ ئۆتكۈر قايچا بىلەن كېسىپ تاشلىمىسىڭىز، گېزى كەلگەندە ئۆزىڭىزمۇ باشقۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىسىز. تارىختا «بىرىنچى خانىم»نىڭ «بىرىنچى باشلىق» تىنمۇ چوڭىيىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى كۈلكىلىك پاكىتلار ساماندەك. ئەگەر ئەمەلدارلىقنى ئائىلىڭىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازى دەپ قارىمايدىكەنسىز، ئايالىڭىزنى خىزمەتلىرىڭىزگە يانداشتۇرماڭ. ئۇنىڭ خىزمەتچىلەر توغرىسىدىكى ھەرقانداق سۆز ـ چۆچەك، مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىماڭ. خىزمىتىڭىزنى ھاۋالە قىلماڭ. ئۇ سىزنىڭ مېھرىبان ئۆمۈر يولدىشىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ كۆيۈمچان تەربىيىچىسى بولسۇنكى، ھەرگىزمۇ ئەمەلدارلىق سەھنىسىدىكى «ئاتامان»غا ئايلىنىپ قالمىسۇن. ئەمەلدار بولماق ئاسان ئەمەس. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆزىنى باشقۇرغان كىشى شەھەر سورايدۇ، خوتۇنىنى باشقۇرغان كىشى ئالەمنى سورايدۇ.

## مۇرەككەپ ئىشلارغا يولۇققاندا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن بىر پەس جىمجىت ھالەتتە ئىشلىرىڭىزنىڭ لوگىكىلىق باغلىنىشىنى ئانالىز قىلىڭ

جاھاندىكى شەيئىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن كۆتۈلمىگەن ھادىسە ۋە مەسىلىلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق تەييارلىقسىز بولمىغان ئەھۋالدا بېشىڭىزنىڭ ئىچى ـ تېشىنى قاتۇرىدىغان گادىرماچلىقنىڭ ئالدىڭىزدا پەيدا بولۇشى سىزنى ھەقىقەتەن بىئارام قىلىدۇ. ئەمەلدارلىقتا تەييار جاۋاب يوق. يۈز بېرىۋاتقان ھەر بىر مەسىلىگە ئۆز ۋاقتىدا توغرا، ئۈنۈملۈك، كەسكىن جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك. جاۋابنىڭ قانداق بولۇشى ئەلۋەتتە سىز تىزگىنلەۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ نەتىجىسىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ.

توغرا ھۆكۈم توغرا دىتتىن كېلىدۇ. ئەمەلىيەت ئۈستىدە يېتەرلىك ئۇچۇر ۋە پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنچىكە ئەقلىي دەلىللەشتىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق ھۆكۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى مۆلچەرلەش قىيىن. كىشىلەر جىددىي ھالەتكە دۇچ كەلگەندە ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. ھاياجان ـ ھېسسىيات قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى. ئادەم ھاياجانلانغاندا تامامەن ھېسسىياتنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مۇشۇنداق ھالەتكە دۇچ كەلگىنىڭىزدە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشەنچ قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇ سىزنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىڭىزغا، توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىڭىزغا يول كۆرسىتىدۇ.

مۇنداق چاغدا سىز ئورۇندۇقتا، كرېسلودا ياكى باشقىچە بىر ئەپچىلرەك ئورۇندا كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ تىنچ ھالدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىڭىزنى ئويلاڭ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، ھازىرقى تەرەققىيات ھالىتى، ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان ياخشى ـ يامان ئاقىۋەتلىرى، سىز قوللىنىشقا تېگىشلىك چارە ـ ئامىللار ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇرىڭىزنىڭ ئىچىدە بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ خىل ھالەتتىمۇ پىكرىڭىزنى يىغالمىسىڭىز، بىر پەس يالغاندىن ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئويلانسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمەلدارلار ئادەتتە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ھەممىسىگە ئالدىن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. روھىي ھالىتىڭىز تېخى تولۇق تەييارلىق ھالىتىگە كىرمىگەن ئەھۋالدا كەسكىن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك يېڭى بىر مەسىلىگە يولۇققىنىڭىزدا، ئېھتىمال زور دەرىجىدە تېڭىرقاپ قېلىشىڭىز تۇرغان گەپ. ئىشلارغا سىز يالغۇزلا ھۆكۈم قىلمايسىز، بەلكى ئۆزىڭىز بىلەن تەڭداش ھوقۇق كۇرسىدا ئولتۇرۇۋاتقان ھەمراھلىرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن ھۆكۈم قىلىسىز. بۇنداق چاغدا سىز ھەمراھلىرىڭىزنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە كۆڭلىدە شەكىللەنگەن ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئالدىن ئىگىلىشىڭىزمۇ قىيىن. تىنچ ھالەتتە پىكىر يۈرگۈزسىڭىز ھەمراھلىرىڭىزنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، پايدا ـ مەنپەئەت قارىشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئورنى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولىدىغانلىقى، گېپىنى قانداق قىلىدىغانلىقى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى قانداق ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيسىز. سىز تىنچ ئويلانغىنىڭىزدا، زۆرۈر تېپىلسا ئۆزىڭىزنى ئاشۇ سىز دۇچ كەلگەن مەسىلە ئۈستىدىكى مۇنازىرىنىڭ ئىچىگە قويۇڭ. باشقىلار بىلەن روھىيانە مۇنازىرىلىشىپ كۆرۈڭ. قارىشىڭىزغا زىت ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىش مۇمكىنچىلىكى بولغان قاراشلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. ئۆز مۇددىئايىڭىزغا مۇناسىپ ئۇسۇل ـ پاكىتلار ھەققىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرۇڭ. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئۇسۇل سىزنى جەزمەن پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

**دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇد. سىز ھادىسە ۋە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىق بىلسىڭىزلا، نەتىجىسى ھەققىدە دەرگۇمان بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.**


---

ئاپتور: ئەدىب، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سابىق باش كاتىپى، ھازىر پېنسىيىدە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم

www.uyghurkitap.com




# ژۇرنىلىمىزنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى

رىسالەت مۇھەممەت

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى «جۇڭگو ئاخبارات ـ نەشرىيات گېزىتى» بۇ يىل ئە-يۈندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەت بويىچە 16 ـ نۆۋەتلىك كىتاب يەرمەنكىسى»گە ئاتالغان مەخسۇس سانى ـ 2006 ـ يىل 25 ـ ماي سانىدا ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرى-يات ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىۋ چاڭمىڭ ئەپەندى بە-لەن ئىدارە باشلىقى مىجىت قادىر ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى» سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىم-لىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 56 يىل، بو-لۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى 28 يىل مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن غايەت زور تەرەققىيات ۋە نەتىجىلەر ساھەلەر بويىچە «ھە-قىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» روھى بىلەن ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق، مۇپەسسەل بايان قىلىنغان. ماقالىدە ژۇرناللارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىۋات-قان قەرەللىك ژۇرناللار بازار مۇھىتى، رىقابەت كۈچى، كۆلەملىشىش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىچكى ئۆلكىلەردىن خېلىلا ئارقىدا تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ژۇرنال-لارنىڭ كۆپ قىسمى كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ رەھىمسىز بازار رىقابىتىگە دادىل يۈزلىنىپ، ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇشتا ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتتى، جۈملىدىن بەزى ژۇرناللار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر خىل ئىسلاھات تەدبىرلىرىدىن پايدىلە-نىپ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىزچىل راۋاج تاپتى. مەسىلەن: ‹مىراس›، ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرناللىرى دۆلەت مالىيىسىدىن بىر پۇڭ خىراجەت ئالماي تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ماركا ئوبرازىغا تايىنىپ بازارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى».

## بازار تەڭلىكى ۋە ژۇرنال



«سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»، «بوينتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، «چۈمبەلدىكى كۆز»، «دېڭىزدىكى كوچا»
ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى ۋە «پەيغەمبەر دىيارىدىكى كېچىلەر» (پوبلىستىك ماقالىلەر توپلاملىرى) ناملىق
كىتابنىڭ مۇئەللىپى، تالانتلىق ياش شائىر ئادىل تۇنىياز ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局


邮发代号：58－22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2006-يىل 4-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

قۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
زۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
لئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
ملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
ت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
پورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
ش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
ت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
ملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
دىرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ
چتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
قۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
ملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

تا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22　باھاسى: 5 يۈەن

## لياڭ لىنىڭ فوتوسۈرەت ئەسەرلىرىدىن





فوتوگراف لياڭ لى ئەپەندى





